مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

# سېھرنىڭ سىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

# شەھەرنىڭ سىرى

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



**图书在版编目(CIP)数据**

魔术的奥秘：维吾尔文/ 穆罕默德·奥斯曼著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007. 12
ISBN 978—7—228—11342—2

Ⅰ. 魔… Ⅱ. 穆… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 200403 号

---

责任编辑 巴力江·扎帕尔
责任校对 热娜古丽·阿布力米提
特约校对 亚森·扎依莫夫
封面设计 艾克拜尔·萨力
绘　　画 帕尔哈提·依布拉音
出版发行 新疆人民出版社
电　　话 (0991)2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编 830001
印　　刷 新疆金版印务有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230 毫米 1/32
印　　张 10.25
版　　次 2008 年 4 月第 1 版
印　　次 2008 年 5 月第 1 次印刷
印　　数 1—4000
定　　价 30.00 元

# مۇھەررىردىن

ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە دولان تارىخ ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، سەمەرىلىك ئىجتىھات مېۋىلىرىنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم مۇئەللىپ مۇھەممەت ئوسمان ئەمىرى 1935 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئاۋات ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان.

مۇھەممەت ئوسماننىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشى بالا چاغلىرىدىن باشلانغان. ئاپىسى ھاشىخان موللا ئىبراھىم نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، چۆچەكلىرى ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. مۇھەممەت ئوسمان ئاپىسى ئېيتىپ بەرگەن داستان ـ چۆچەك، رىۋايەتلەرنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى، ئېسىگە ئېلىۋالاتتى. ئۇ كېيىنچە، يەنى 1941 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە ئۆز مەھەللىسىدە مەدرىسىدە ئوقۇپ بىلىم ئالدى، بۇ جەرياندا ئۇ قەدىمكى قوليازما ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ئۆگىنىپ، ئۆزىدە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتىدىنمۇ خەۋەردار بولغان. پارس تىلىنى بىرقەدەر پىششىق ئىگىلىگەن. شۇ مەزگىللەردە ئۇ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن شەيخ سەئىدى، خوجا ھاپىز شىرازى، ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەدەبىي بىلىملىرىنى، جۈملىدىن

ئەدەبىي ماھارەت جۇغلانمىسىنى بېيىتىپ ، كېيىنكى چاغلاردا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغانىدى . ئۇ شۇ ئاساستا 1980 ـ يىللاردا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باشلىدى ھەمدە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرقايسى نەشرىياتلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن «قانلىق ئېدىر» ناملىق رومانى ۋە بىر قىسىم شېئىر ـ رۇبائىيلىرى ، چاغاتاي تىلىدىكى قوليازمىلاردىن نەشرگە تەييارلىغان «جامىئى ھېكايە» ، «تەنبىھات دەرۋىشىيە» ، «تەزكىرەئى ئەختەم» ، «نۇشىرۋان ھەقىقىدە ھېكايەت» ، «زەربىئىل مەسەل» ، «تەزكىرەئى قىرمىش» ، «يۈسۈپ قادىرخان تەزكىرىسى» ، قاتارلىق كىتابلىرى ، پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» ناملىق كىتابى ، «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» ناملىق تەتقىقات كىتابى ، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» (1 — 4) ، «ئاۋات خەلق چۆچەكلىرى» ، «جەۋھەر ھېكايىلەر» ، «خۇلاسە تېببىيە» قاتارلىق تۈزگەن ، توپلاپ نەشرگە تەييارلىغان كىتابلىرىدىن بولۇپ جەمئىي يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق كىتابى نەشر قىلىنىدى . بۇنىڭ ئىچىدە «قانلىق ئېدىر» ، «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» قاتارلىق كىتابلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . ئاپتور يەنە يېقىندا «باھار تۇتەكلىرى» ناملىق رومانىنى ۋە «دولانلار» ناملىق تەتقىقات كىتابىنى نەشرىياتلارغا تاپشۇردى .

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىكى بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئاپتور ئۇنىڭدا رېئال تېمىنى ئاساس قىلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى زىيانلىق خۇراپىي ئادەتلەرنى ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك ۋاستىلەر بىلەن ئېچىپ تاشلىغان .

# ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ئەسەردە مۇرەككەپ ۋەقەلىك سۇژىتى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ـ بازار تۇرمۇشى بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . باخشى ، رەمبال ، داخان ، سېھىرگەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان هالدا پېرە ئوينىتىپ «جىن ـ مەكىلاتلارنى ئەپسۇنلاش ، غايىبنى كۆرۈپ خەۋەر بېرىش ، سېھىر ـ جادۇ بىلەن ‹ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ› قىلىپ هاجەتمەنلەرنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇش ، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ مۈشكۈللىرىنى ئاسان قىلىش ، رەقىبلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق نەيرەڭۋازلىق ۋە خۇراپىي ئادەتلەر ئارقىلىق خەلقنى ئالدىغانلىقى ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقى شۇنداقلا خۇراپاتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان . جۈملىدىن ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدىكى ناچار ئىللەتلەر ، خىلمۇخىل نۇقسانلار قاتتىق پاش قىلىنىپ ، ئامما ئىبرەتلەندۈرۈلگەن . خىلمۇخىل رېئال ، پاجىئەلىك ئوبرازلارنىڭ پائالىيىتى هېكايە قىلىنىش ئارقىلىق نادانلىقنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن هەمدە نادانلىقنى تۈگىتىش ، خۇراپىي چوقۇنۇشلارغا قارشى تۇرۇپ ئىلىم ـ پەنگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش تەشەببۇس قىلىنغان .

ئاپتوردىن

2000 ـ يىل 11 ـ نويابىر ، ئاۋات .

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب قارا كۆزەينەكلىك ئايال ……… 1

ئىككىنچى باب ئالا ئاتلىق كىراكەش ……… 7

ئۈچىنچى باب گۇمان ……… 20

تۆتىنچى باب سۇخەنچى ۋە سۇيىقەست ……… 33

بەشىنچى باب يىراق يەردىن كەلگەن «لايلاي» … 49

ئالتىنچى باب ئورماندىكى داپ ئاۋازى ……… 54

يەتتىنچى باب خىلۋەتتىكى سېھىرگەر ……… 62

سەككىزىنچى باب موللا بىلەن دەللە ……… 77

توققۇزىنچى باب خىسلەتلىك تۇمار ……… 84

ئونىنچى باب كۆتۈپ تۇرغان ھاجەتمەن ……… 94

ئون بىرىنچى باب قىلتاق ……… 102

ئون ئىككىنچى باب ياندىن چىققان يانتاياق ……… 115

ئون ئۈچىنچى باب يېڭى بازاردىكى غەلىتە ئىشلار … 129

ئون تۆتىنچى باب تەسكەيدىكى ئىشلار ……… 137

ئون بەشىنچى باب ياللانغان قىز ……… 149

ئون ئالتىنچى باب تۈن نىسپىدىكى جىددىي سىگنال ……… 157

ئون يەتتىنچى باب شۇم خەۋەر ……… 166

ئون سەككىزىنچى باب پۈتۈپ بولغان تەييارلىق ……… 182

ئون توققۇزىنچى باب قەسەم ························ 191
يىگىرمىنچى باب چىللاپ كېلىنگەن «مەكىلات »··· 197
يىگىرمە بىرىنچى باب دەھشەتلىك كېچە ·············· 205
يىگىرمە ئىككىنچى باب غەزەپ ۋە نەپرەت ·············· 215
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئەپسۇنلانغان مۆجىزە·········· 224
يىگىرمە تۆتىنچى باب ئۈچرىشىش ···················· 231
يىگىرمە بەشىنچى باب ئىككى دوست ················· 242
يىگىرمە ئالتىنچى باب سېھىرلەنگەن مۇھەببەت·········· 253
يىگىرمە يەتتىنچى باب قارلىق سەھەر ················· 261
يىگىرمە سەككىزىنچى باب جاھاننىڭ قۇلىقى بار ········· 275
يىگىرمە توققۇزىنچى باب كوزا كۇندە سۇنمايدۇ ، كۇندە سۇنىدۇ ·························· 282
ئوتتۇزىنچى باب سېھىرنىڭ سىرى ··············· 307

# بىرىنچى باب

# قارا كۆزەينەكلىك ئايال

بۈگۈن ھاۋا ئاجايىپ ئىسسىق ئىدى، قۇياشنىڭ زېمىنغا سېپىۋاتقان كۆيدۈرگۈچ ھارارىتىدىن پۈتۈن كائىنات گويا تونۇرغا ئايلىنىپ كەتكەندەك قىزىماقتا، ئاپتاپنىڭ دەستىدىن ئىشىكتىن باش چىقارغىلى بولمايتتى. قانداقتۇر بىرەر زۆرۈرىيەت بىلەن كوچىلاردا يۈرگۈچىلەر بولسا، شورلۇقتا يۈرگەن توخۇدەك ھاسىراپ، مەنزىللىرىگە تېزرەك يېتىۋېلىپ سايىداشقا ئالدىرايتتى. خوتۇن - قىزلار بولسا، يۈز گىرىملىرىنىڭ تەردە يۇيۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشىپ، يۈزىگە چۈشكەن ئاپتاپنى سومكىلىرى بىلەن توسىشاتتى. بەزىلەر سايە ئىزدەپ سودا دۇكانلىرىنىڭ بىرىنچى ئىشىكىدىن كىرىپ، ئىككىنچى ئىشىكىدىن چىقىپ دېگەندەك دۇكانمۇ دۇكان دوقۇرۇپ نىشانلىرىغا كېتىۋاتقان بولسا، بەزىلىرى لەگلەپۇڭچى، ياماقچى، باققال ۋە راخاپچى دېگەندەك تىجارەتچىلەرنىڭ سايىۋەنلىرىنىڭ ئاستى بىلەن مېڭىشاتتى. ئۇششاق باللار بولسا قىيپالىڭاچ بولىۋېلىپ ئۆستەڭدىكى سۇغا چۈشۈۋېلىشقانىدى. دېمىسىمۇ بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تېخى يېقىنقى يىللاردىلا باشلانغان بولغاچقا، كوچىلارنىڭ ئەسلىدىكى دەرەخلىرى قومۇرۇلۇپ،

قاقاسلىشىپ كەتكەنىدى . يېڭىدىن تىكىلگەن دەرەخلەر تېخى كىچىك بولغاچقا ، سايە بەرگۈدەك ئەپتى يوق ئىدى .

ناھىيە بازىرىنىڭ دائىرىسى خېلى كەڭ ، تۆت ئەتراپىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ ، كوچىلىرى ئەگرى ـ توقاي ، يوللىرى ئېگىز ـ پەس ، قۇرۇلۇشلىرى رەتسىز ئىدى . ئاھالىلەر رايونىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا كوچا تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ سېلىنغان بولۇپ ، كوچا تەرەپكە كىچىك ـ كىچىك دېرىزىلەر قويۇلغانىدى . كوچىلىرىنىڭ تارلىقىغا قارىماي ئىككى تەرەپكە تىكىلگەن قاغا جىگدىلىرى شاخلاپ ، ئەسلىدىكى تار كوچىلارنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇپ ، دېرىزىلەرنى توسۇپ تۇراتتى . بازار مەركىزىنىڭ بولسا ، بىر دەم سالقىنلاپ ئولتۇرغۇدەك تۇزۇكرەك بىر يېرى بولمىغاچقا ، ئازراق ئاپتاپ چىقسىلا كوچىلىرى قايناپ كېتەتتى .

ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان سەنەمباغ ئاھالىلەر رايونى تېخىمۇ قاقاس ئىدى . شۇنداق چىدىغۇسىز ئىسسىقتا ، ئاپتاپتا كۆيۈپ تېرىلىرى قارىداپ كەتكەن بەش ـ ئالتە ياشلار قۇرامىدىكى بىر توپ بالىلار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقىرىلغان كىچىك ئېرىقلاردىكى لاي سۇدا قوللىرىنى يەرگە تىرەپ ، پۇتلىرى بىلەن سۇنى پولتۇڭلىتىپ ئويناۋاتاتتى . ئاندا ـ مۇندا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەردىن باشقا ، بۇ ئاھالىلەر رايونىدا بىر كىم كۆرۈنمەيتتى . ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئولتۇراق رايونى قاقاسلىقىدىن تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىدى . كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى ماكانىدا ناتونۇش ياكى سىرداشمىغان كىشىلەر بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇراقلاشقاچقا ، زېرىكىشتىن تۇرغۇسى كەلمەيتتى . شۇڭا سەھەر تۇرۇپلا ھەركىم ئۆز تىجارىتى ئۈچۈن بازار مەركىزىگە ماڭاتتى ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلىرىگە كېتەتتى . ئىشسىزلار ۋە بىكار تەلەپ ئوغۇل ـ قىزلار بولسا ، چوڭلارنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئېشەك ھاڭرىغان ، داپ داراڭلىغان جايلارغا يورغىلايتتى . بىليارتخانا ، قاۋاقخانا ۋە خىلۋەتلەردە

يۈرۈپ ، بەزىلىرى پۇل بۇزۇپ كەلسە ، بەزىلىرى ئاز - تولا خىراجەت پۇلى تېپىپ ، ئاتا - ئانىلىرى بازاردىن كەلگۈچە ئالدىدا كېلىۋېلىپ ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ ، ھېچ يەرگە بارمىغاندەك بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى .

سەنەمباغ ئاھالىلەر رايونىنىڭ غەربىدە شەھەر مەركىزى بىلەن ئاھالىلەر رايونىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئەللىك مېتىر كەڭلىكتىكى بىر ئۆستەڭ بار ئىدى . ئۆستەڭ بويىدىكى ئاسفالت يول خۇددى دەرەخ يىلتىزلىرىدەك شەھەر ۋە يېزا يوللىرىنىڭ ھەممىسىگە تۇتاش بولغاچقا ، چوڭ قاتناش يوللىرىدەك ئۇنىڭدا يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىسىمۇ ، ئارىلاپ - ئارىلاپ يۈك ماشىنىلىرى ، كوزۇپ سۆرەتكەن تراكتورلار ، موتسىكلىت ، ۋېلىسىپىتلار ، ئۇستىگە سايىۋەن قىلىغان تۆت چاقلىق كىرا ھارۋىلىرى ئۆتۈپ تۇراتتى .

بۇگۈنكى ئىسسىقتا بولسا ، يا ماشىنا ، تراكتور ۋە ياكى پىيادىلەردىن ھېچ ئەسەر يوق ئىدى . بۇنىڭغا بۈگۈنكى ئىسسىقنىڭ قالتىسلىقى سەۋەب بولدىمۇ ياكى ئالدىنقى كۈنلەردە كوچىلاردا تارقىلىپ يۈرگەن « پالانى يەردە ئىككى موتسىكلىتنىڭ ماي باكىغا ئوت كېتىپتۇ ، پوكۇنى يەردە كېتىۋاتقان ماشىنىغا ئوت كېتىپتۇ » دېگەندەك گەپلەر سەۋەب بولدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى .

مۇشۇنداق چىدىغۇسىز دىمىقتا ، بېشىغا قارا رومال ئارتىپ ، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ، ئاغزىغا يۈز - كۆزلىرىنى يېپىپ تۇرغۇدەك يوغان ماسكا تارتقان ، قارا گىرىپتىشىندىن پۇتىغا سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان يوغان پەرەنجە كىيگەن ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىغا رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق قىلىپ قىزىلگۈل سۈرىتى نەقىشلىۋالغان بىر چوكان ئاسفالت يولنىڭ بويىدىكى قويۇق ئۆسكەن سۆۋادانىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى . ئۇ گاھ ئاسفالت يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ، يولنىڭ ئىككى بېشىغا يىراق - يىراقلارغىچە سەپسېلىپ قارىسا ، گاھ يولدىن چېكىنىپ ، يەنە ھېلىقى سۆۋادانىنىڭ

١

ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىر قانچە رەت تەكرارلاندى. ۋاقت ئۆتكەنسېرى بۇ چوكان جىددىيلەش-مەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى بىرەر ۋەھىمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا تەقەززالىنىپ، گۇدرەت ئىچىدە تۇرالمايۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

چوكان مۇشۇنداق ئەندىشە ئىچىدە تۇرغاندا، چوڭ بولۇپ قالغان تەڭ دېمەتلىك بالىلاردىن بىرقانچىسى يولنىڭ شىمال تەرىپىدىن چىقىپ كەلدى. دەل ھېلىقى چوكان مۆكۈنۈپ تۇرغان سۇۋادانلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرى:

— ئاداشلار! ئىسسىققا پايلىيالمىدىم. بۇ يەردە بىردەم سايىدىغاچ قارتا ئوينىمايمىزمۇ!؟ — دېگەندى، ئىككىنچى بىرى:

— شۇنداق ئىسسىقتا قارتا ئوينايلى دەمسىنا! بۇ يەردە ئادەم يوقكەن، مەن سۇغا چۈشىمەن، قانداق! سىلەرچۇ؟ — دەپ توختاپ، ئۆستەڭنىڭ قېشىدا كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. يەنە بىرىمۇ:

— قېنى كېلىڭلار؟ لاي سۇ ئادەمگە بەك پايدا قىلىدۇ، بىردەم ئويناپ كېتەيلى!— دەپ، ھېلىقى چوكان مۆكۈنۈپ تۇرغان سۇۋادانلىقنىڭ ئالدىدىلا ئۆرە تۇرۇپ ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرىنى سالدى. كىيىملىرىنى قاتلاپ سۇۋادانىنىڭ تۈۋىدە قويۇپ، بىرىپ ئۆزىنى ئۆستەڭگە تاشلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كىيىم سالغان جايى بىلەن ئۇ چوكاننىڭ ئارىلىقى ئاران ئۇچ ـ تۆت مېتىرلا كېلەتتى. ئايال بولسا، بىر تۈپ پاخپاق ئۆسكەن جىگدە شاخلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ھېلىقى بالىغا سەپسېلىپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ بالىلار كىيىملىرىنى سېلىپ، يالىڭاچ بولۇپ ئۆستەڭگە سەكرەشتى.

بالىلار گاھى قاشقا چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ، گاھى ئۆستەڭگە سەكرەپ، خېلى ئۇزاققىچە ئوينىدى.



قارا كۆزەينەكلىك ئايال بولسا، ئۆزىنىڭ ئالدىراۋاتقان ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ - قانداق، ئەمدىلىكتە باللارنىڭ بەدەن گۈزەللىكىنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «توۋا، بۇ باللارنىڭ ھەممىسى تەڭ دېمەتلىكتەك قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق نازۇك يەرلىرى بىر - بىرسىنىڭكىگە ئوخشىمايدىكىنە! بۇ خۇدانىڭ قۇدرىتىنى كۆرمەمدىغان. ھەممىسى ئوخشاش ئەر بولغان بىلەن بىرسىگە بەرگەن خىسلەتنى بىرسىگە بەرمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇ گەپچە ئايالمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن - دە. ‹ئەر خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش› دېگەن بىكار گەپكەن ئەمەسمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرغاندا، باللاردىن بىرى:

— ھەي ئاداشلار! بىر ھارۋا مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. بۇرۇت خەت تارتىپ قالغاندا يالىڭاچ بولۇپ موزايدەك يۇرسەك سەت بولمىسۇن. ئەمدى بولدى قىلىپ يېنىپ چىقايلى! كىيىملىرىمىزنى كىيىۋالايلى! — دېگەنىدى. باللار سۇدىن چىقىپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، كەلگەن تەرەپكە قايتىپ كېتىشتى.

ئايال بولسا، ھارۋا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇرادى ھاسىل بولغاندەك سۆيۈنۈپ، ھەممە ئەندىشىلىرىدىن خالاس بولغاندەك بولدى. مۆكۈنگەن يېرىدىن چىقىپ يولنىڭ ئوتتۇرىغا بېرىپ قارىغانىدى، جەنۇب تەرەپتىن سايىۋەنلىك بىر كىرا ھارۋىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمما ھارۋا ناھايىتى ئاستا كېلىۋاتاتتى. چوكان ھارۋىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، يولنىڭ شىمال تەرىپىدىن موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى كەلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە ھېلىقى مۆكۈنۈپ تۇرغان جايىدا كۈتۈپ تۇردى.

## ئىككىنچى باب

# ئالا ئاتلىق كىراكەش

يىراقتىن كۆرۈنگەن هارۋا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بادام دوپپىلىق ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، بۇرۇتلۇق، چوڭ - چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان ئوتتۇز بەش - قىرىق ياشلار ئارىلىقىدىكى ئاق كۆڭلەكلىك بىر كىشى هارۋىسىنىڭ سول تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئېتى ئاستىلاپ قالسا، گاهىدا هەيدەپ قوياتتى، گاهىدا مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى. ئۇنى ئۇيقۇ باستىمۇ ياكى غەم - قايغۇ باستىمۇ، ئىشقىلىپ، مۈگدەپ قالغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى. هارۋىغا بوي - تۇرقى ئېگىز، ئارغىماقتەك چىرايلىق ئالىجەدە قوشۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاق گۈللىرى قىزغۇچ تېنىگە ئاجايىپ ياراشقانىدى. شۇغىنىسى، بۇ ئات ئۆزىنىڭ سۆلىتىگە يارىشا ماڭماستىن، هۇرۇنلۇق بىلەن ئېغىر قەدەم تاشلاپ، بارغانسېرى ئاستىلاپ ماڭماقتا ئىدى.

هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان كىچىك تراكتور پاقىلدىغان سەت ئاۋازلىرى بىلەن مەست كىشىلەردەك دەلدەڭشىپ كەلگەن پېتى ئارقا - ئارقىدىن سىگنال بېرىپ هارۋىنى ياندىلاپ

ئۆتۈپ ، ئاسفالت يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تار يولغا بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى . هارۋىكەش بېشىنى كۆتۈرۈپ هارۋىسىنى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تارتىپ تۇرۇپ ، تراكتور ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ، تراكتورچىغا قاراپ ئارقىسىدىن نەچچىنى تۈكۈرۈۋەتتى .

تراكتورنىڭ كىچىكلىككىگە باقماي ، قوش سىگنال بېكىتىۋالغانىدى ، ئۇ كىشىنىڭ يۈرىكىنى يېرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە دەهشەتلىك پاقىلدايتتى . هارۋىكەش تراكتورچىنى قاغاپ :

— ئىلاهىم بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلەرسەن ! قارىغا ! ئادەم يوق يولدىمۇ بەرگەن سىگنالىنى ؟ ئۆلگۈر مۇناپىق ! — دەپ غودۇڭشىماقتا ئىدى .

تراكتورنى هەيدەپ كېتىۋاتقان ئون بىر - ئون ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى كىچىك بالا ئىدى . ئۇ ئادەم يوق يولدىمۇ سىگنالنى ئۇرغان پېتى يۈرۈپ كەتتى .

هارۋىكەش تېرىكىپ :

— چۇ ، دەيمەن چۇ ! هۇ - لەقۋا ! خەپ توختاپتۇر سېنى قاسساپقا ساتمايدىغان بولسام ! سېنى يوقاتمايدىغان بولسام هەر ئىككىمىز ئاچلىقتا ئۆلىدىغان ئوخشايمىز ! — دەپ ، ئاغزىغا كەلگەنچە تىللاپ ، ئالىجەدىگە ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە قامچا ئۇرۇۋەتتى . ئالىجەدە بولسا ، ئۇنىڭ قامچىسىدىن ئانچە بەك قورقۇپمۇ كەتمەيتتى . قامچىنى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە ، بېلىنى ئېگىپ قورسىقىنى ئىچىگە تارتىپ تۈگۈلۈۋالاتتى . قامچا تېگىپ بولغاندىن كېيىن ، بېلىنى رۇسلاپ ، ئاۋۋالقى مېڭىشىنى ئۆزگەرتمەي ماڭاتتى .

بىراق ، بۇ ئات شۇنداق قاشاڭ ، ئەبگارلىقىغا باقماي ، بىرەر بايتالنى كۆرسە ، كىشنەپ ئۆرە بولاتتى - دە ، تارتقانغىمۇ ئۇنىماي ، هارۋىنىڭ چاقلىرىنىمۇ يەرگە تەگكۈزمەي شامالدەك ئېلىپ قاچاتتى . ئادەتتە تېز كېتىۋاتقان چاغدا يولدا بىرەر يەردە سۆيدۈك ئۇچراپ قالسا ، شۇنى بىر قېتىم پۇرىۋالمىغۇچە ئۇرسىمۇ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى . سۆيدۈك پۇراپ تۇرۇۋالسىمۇ كارى چاغلىق ، ئەڭ

يامان يېرى ، پۇرايمەن دەپ يەرگە ئېڭىشكەندە ، بېشىدىكى يۇگەننى ئۈزۈۋېتەتتى . هارۋىكەش بولسا تاسمىنى ئۇلاپ ئاۋارە بولاتتى . گاھىدا قۇلاقلىرىنى قومۇش ياپراقلىرىدەك تىك قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن كىشنەپ چاپقۇپ ، باشقىلارنىڭ هارۋا قېتىــــقلىــــق بايتاللىرىغىمۇ يۇگۇرۇپ ، ھەيۋە قىلاتتى . بۇنداق چاغدا ، بايتالنىڭ ئىگىلىرى نارازى بولۇپ ، «ئېتىڭنىڭ خۇيىنى بىلگەندىكىــن چەتتىرەك يۇرسەڭ بولمامدۇ ؟ » دەپ تاپا ـ تەنە قىلىشاتتــى . هارۋىكەش بولسا ، «ئات ، بىر قىلىقى يات دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ ؟ ئۇنىڭغا يا مەن ئۆگىتىپ قويمىسام ! هارۋا دېگەننى يولدا ھەيدىمەي نەدە ھەيدەيدۇ ؟ بايتىلىڭنى قىــــزغانساڭ ئۆزۈڭ بېرىپ چەتتە يۇرگىن ! » دەپ گەپ بەرمەيتتى . كۆڭلىدە بولسا ، ئېتىنىــڭ نوچىلىقىدىن پەخىرلىنىپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە : «ھايۋان ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەن شۇ ـ دە . بۇ ئات مېنى دوراپ قالدى بولغاي . مەنمۇ بىر زامانلاردا بىرەر ئايالنى كۆرسەم ئارقىسىدىن ئەگىشىپ نەلەرگە كېتەتتىم . ناخشا ئېيتىپ بېقىپ ، ئىسقىرتىپ بېقىپ ، قىلمىغانلىرىم قالمايتتى» دەپ كۈلۈپ قوياتتى . بۇنداق چاغدا ئالىجەدىنىڭ سالغان جاپالىرى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ ، كۆزىگە دۇلدۇلدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى . تېخى ھېلىلا ئالىجەدىنىڭ ئەسكى خۇيلىرى تەكرارلاندى . بىر كىشى بايتىلىنى ئۆستەڭ بويىــغا ئاپىرىپ سۇغۇرۇۋاتقانىكەن ، تۇيۇقسىز تۇرغاندا ، ئالىجەدە يولدىن شارتتىدە بۇرۇلۇپلا بايتال تەرەپكە قېچىپ ، بارغان پېتــى سۇ ئىچىۋاتقان بايتالغا تاشلىنىپ ، چوڭقۇر ئۆستەڭگە چۇشۇرۇۋەتتى . ئۆزىمۇ هارۋا بىلەن ئۆستەڭگە كىرىپ كەتتى . هارۋىكەش بولسا ، هارۋىسىغا ئېسىلىۋالغانىدى . بايتالنىڭ ئىگىسى بىر لەيلەپ ، بىر چۆكۈپ دېگەندەك ئېقىپ كېتىۋاتاتــتى . چوڭ يولــدا كېتىۋاتــقان بەش ـ ئالتە يىگىت بۇنى كۆردى ، قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى . بۇلاردىن ئىككىسى كىيىم بىلەنلا سۇغا سەكرەپ ، بايتالنىــڭ ئىگىسى بىلەن هارۋىكەشنى قۇتقۇزۇۋالدى . ئاندىن بايتال بىلەن ئالىجەدىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى . ھېلىلا نوچىلىق قىلغان ئالىجەدە ،

ئەمدى بولسا، قوْلاقلىرىنى سالپايتىپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك يەرگە قاراپ تۇراتتى.

بايتالنىڭ ئىگىسى ئەمدىلا ئەسلىگە كېلىپ تۇرغاندا، هارۋىكەش ئېتىنى يېتىلەپ يولغا ئاچىقىپ، هېلىقى يىگىتلەرگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مېڭىشقا تەمشەلدى. بايتالنىڭ ئىگىسى خېلى ياشىنىپ قالغان كىشى ئىدى. هارۋىكەشنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— توختا، ئوغرى! نەگە قاچىسەن؟ — دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. بايتالنىڭ سوڭگۈچ تېرىسىنى هارۋىنىڭ تۆمۈر شوتىسىنىڭ بىر يېرى يىرتىۋەتكەنمۇ ـ قانداق، ئاززاق يەردىن قان ئېقىۋاتاتتى، — بۇ ئاتنى ساڭا بەردىم. ئېتىڭنى ئالىمەن، بولمىسا، تۆلەيسەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. هارۋىكەش كۆپ يالۋۇردى، پۇل بېرەي دەپ باقتى، ئۇ ئادەم زادىلا ئۇنىماي ئالىجەدىگە ئېسىلىۋالدى. ئاخىر بولمىغاندا، ئىككىسى بىر ـ بىرىنى مورىسى بىلەن ئىتتىرىشىپ يۇرۇپ، كاناي سىقىشقىلى تۇردى. بۇ چاغدا، ئەتراپقا نۇرغۇن ئادەملەر ئولىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. لېكىن، بىر ئادەم چىقىپ، ئىككىسىنى ئايرىپ قوياي دېمىدى. شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق قادىر موللام دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئادەم بېشىدا سەللە، ئۇچىسىدا ئاق يەكتەك، كالىچىنى سۆرىگەن پېتى دەل مۇشۇ چاغدا كېلىپ قالدى. ئۇ ئادەملەر توپىغا قاراپ:

— هوي! نېمە جېدەل بۇ!؟ توختاڭلار! — دەپ ۋارقىرىغاندى، هەممە ئادەم جىم بولۇشتى. هېلىقى ئىككىسىمۇ هاسىرىشىپ موللىغا قاراپ جىم تۇردى.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى موللا.

ئىككى جېدەلچى ئېغىز ئاچقۇچە، قوتقۇزۇۋالغان يىگىتلەردىن بىرى بولغان ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى.

— هېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى موللا، — هەر ئىككىڭلار پېقىرنى تېپىپ، نەزىر بېرىۋېتىڭلار. ئاللادىن بىسوراق قىل

تەۋرىمەيدۇ . شامال ـ بوراننىڭ چىقمىقى ، تىكەننىڭ سانجىلمىقى ، موينىڭ چۈشمىكى ، غەلۋە ـ ماجىرانىڭ بولمىقى ھەممىسى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەندۇر . سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار خۇدانىڭ تەقدىرىگە ناقايىللىق ، دىندىن چىققانلىقتۇر . بۇ دېگەن «بالا ـ قازا» ، بېرىڭلار ، ئىشىڭلارنى قىلىڭلار !

شۇنىڭ بىلەن جېدەل توختىدى . موللىنىڭ «پېقىرنى تېپىپ ، نەزىر بېرىۋېتىڭلار» دېگەن سۆزى ئىككى خىل مەنىدە ئىدى . يەنى «كەمبەغەل»گە دېگەننىمۇ بىلدۈرەتتى ، «ماڭا» دېگەننىمۇ بىلدۈرەتتى . ھارۋىكەش يانچۇقىدىن بەش يۈەننى ئېلىپ موللىغا سۇندى . بايتال ئىگىسىنىڭ يانچۇقىدا ئىككى يۈەن بار بولۇپ ، سۇدا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى ، ئىككى يۈەننى سۇندى . موللا پۇلنى ئېلىپ سەللىگە قىستۇرۇپ :

— خۇدا سىلەرنى بالا ـ قازادىن ساقلىسۇن ، — دەپ يولىغا راۋان بولدى . شۇنداق قىلىپ ، ھەممە ئادەم ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى .

بۇ يۇرتتا ھېلىھەم بەزى كىشىلەر بىلىمسىز ، نادان ئىدى . چوڭ ناھەقچىلىق تۈپەيلىدىن بىرەر ئۆلۈم ئىشلىرى يۈز بەرسە ، موللىلاردىن بىرىنى تېپىپ ئاز ـ تولا بىرنەرسە بېرىپ ئالدىغا چىقىرىپ قويسا ، ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، بالا ـ ۋاقىلىرى ياكى ئەھلى قېرىنداشلىرىنىڭ نالە ـ پەريادلىرىغا ئىچ ئاغرىتماستىن ، رەھىمسىزلىك بىلەن پەتىۋا چىقىرىپ : «ئۆلگۈچى سائادەتمەن كىشىكەن . ئادەمنىڭ ئەجىلى ئوخشاش بولمايدۇ ، بىرىنىڭ ئوتتا ، بىرىنىڭ سۇدا ، بىرىنىڭ پىچاقتا ، بىرىنىڭ ماشىنا ئاستىدا ، بىرىنىڭ ئاغرىق ـ سىلاقتا ... سىلەر ئاللانىڭ ھۆكمىگە پۈتۈپ ، مېيىتنى ئىمان تاپقىلى قويۇڭلار . ئەگەر كىمكى غەلۋە چىقىرىپ ، ئاللانىڭ ھۆكمىگە پۈتمىسە ، ئىماندىن ئاجراپ يەتمىش ئىككى پۇشتىنى دوزاخقا تارتىدۇ دەپتۇ» دەپ ، جاۋابكارلىقنى «بالا ـ قازا»غا ئارتىپ ، ئاسانلا تۈگىتەتتى . شۇڭا ھېلى كىشىلەرنىڭ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن بېسىقىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالغىلى

بولمايتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئالىجەدە هارۋىكەشكە بىرمۇنچە خاپىچىلىق تېپىپ بەردى . ئۇ بىرمۇنچە يامان تىللارنى ئاڭلاپ ، شۇ خاپىچىلىقتا ئاچچىقىنى ئاتتىن ئېلىپ ، يولغا چىققاندا قامچا بىلەن راسا ساۋىدى . ئالىجەدە بولسا ، ئۇرسىمۇ بىلىنى ئېگەتتى ، مېڭىشى يەنىلا شۇ ئىدى . هارۋىكەش ئۆز ـ ئۆزىگە : «هەي ئابدۇللا ، هەي ئابدۇللا ، ئات هايۋان تۇرۇپ ئۇنچىلىك قىلغان بولسا نىمە بوپتۇ ؟ سىز ئادەم تۇرۇپ نىمىلەرنى قىلمىدىڭىز ؟ ۋاي ئابلاجان دەپ قويسا ، هوشىڭىزنى يوقىتىپ راهەتنى كۆتۈرەلمەي ، پوخۇرلۇق قىلىپ يۈرۈپ مۇئەللىمچىلىكتىنمۇ قېلىپ ، كۆرگەن كۈنىڭىز شۇمۇ ؟ ئەمدى بۇ ئاتنى ساتسام پۇلىغا ئات كەلمىسە ، قوشۇپ ئالاي دېسەم پۇل بولمىسا ، كۈندە كىرا قىلمىسام يېگىلى نان بولمىسا ، ئوينىغانغا تويىڭا ؟ » دەپ ، ئۆتكەن كۈنلىرىدىن ئەپسۇسلانماقتا ئىدى . هەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ، ئەمدى ئىزىغا كەلمەيتتى . ئات بولسا ، ئورۇقلاپ ، قاشاڭلىشىپ كەتكەنىدى . «كاناي ياغلىغىلى ياغ يوق ، سۇناي ياغلىغىلى ياغ نەدە» دەپ ، ئۆزىگە يېگىلى يوق يۈرگەندە ، ئېتىغا بەرگىلى بوغۇز نىمىش قىلسۇن ! ئاچ قورساق ئەتىگەندىن كەچكىچە ئارقا كوچىلاردا قاتناپ يۈرۈپ ، تېخى بىر سېۋەت سامانغا تۇشلۇق پۇل تاپالمىغانىدى . شۇڭا ، هارۋىكەش گاهىدا ئالىجەدىسىگە غەزەپلىنىپ ئۇرۇپ قويۇپ ، گاهىدا تۇرمۇش قايغۇسىغا غەرق بولۇپ ، تېگى يوق خىياللار قايىنىمىدا ئۈزمەكتە ئىدى .

هارۋىكەش ئەسلىدە شەهەرگە يىراقراق بىر كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ ، دۇنيالىقتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرلا ئوغلى ئىدى . ئۇنى ئەتىۋارلاپ «ۋاي ئابدۇللاجان» دېسە ، ئىسمىغا يەنە بىر ئابدۇللاجان ياندىشىپ تۇراتتى . بىزدىن كېيىن قالغاندا ئوبدانراق كۈن كۆرەرمىكىن ، دەپ ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇتتى . ئابدۇللامۇ تىرىشچان بالا ئىدى . دەرستە هەممە ساۋاقداشلىرىدىن ئىلگىرى ماڭدى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ،

دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ ، ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى . چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى يېتىلىپ ، ئاپئاق چىرايىغا ئۆزىگە خاس قاش ـ كۆز ، قاڭشارلىرى ۋە پەسرەك قىلىپ قويۇۋالغان كىچىككىنە بۇرۇتلىرى تولىمۇ ياراشقانىدى . ئۇ خۇش چاقچاق ، قوشاقچى بولۇپ ، بىر كۆرگەن كىشى بىلەن بىردەمدىلا دوست بولۇپ كېتەتتى . بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ئاتا ـ ئانىلىرى تاپقىنىنى ئابدۇللادىن ئايىمىدى . ئابدۇللا بارغانسېرى سېخىي بولۇپ ، ئوغۇل ـ قىز ئۇلپەتلىرى كۆپەيگىلى تۇردى . ئالغان مائاشى ئۇچ كۈنگە ئاران يېتەتتى . ئۇنىڭ نىرىسىغا ئاتىسىنىڭ يانچۇقىنى كولايدىغان بولدى . ئۇ شۇنداق يۇرۇپ هاراققا ئۆگىنىپ قالدى . باشباشتاق كوچا قىزلىرى ئابدۇللانىڭ پۇلىغا ئۆگىنىپ كەتكەچكە ، ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىغا ئۇرۇلغان نەچچە ئونلىغان تېلېفونلاردىن باشقا ، يېنىدىكى چاقىرغۇسى مەيلى تەنەپپۇس ۋاقتىدا بولسۇن ۋە ياكى دەرس ئۇستىدىكى چاغلىرىدا بولسۇن ، پات ـ پاتلا جىرىڭلايتتى . ئۇ چاقىرغۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ قولىدىكى بورنى ياكى كىتابنى تاشلاپ ، جاۋاب قايتۇرغىلى تېلېفون بوتكىلىرىغا يۇگۇرەيتتى . دەرس ئۆتكەندىمۇ بىر كۆزى سىنىپتا ، بىر كۆزى سىرتتا ئىدى . يىراقتىن بىرەر قىز ئۆتكەنلىكىنى كۆرسە ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە تاكى شۇ قىزنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قارايتتى . بەكرەك كۆزى چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا دەرسنى تاشلاپ ئارقىسىدىن يىراق ـ يىراقلارغىچە ئەگىشىپ بېرىپ ، پۇشايمان بىلەن قايتىپ كېلەتتى . بىركۇنى شۇنداق قىزىق ئىش يۈز بەردى : ئۇ دەرس ئۇستىدە ئىدى ، دېرىزىدىن مەكتەپ سەيناسىنىڭ ئالدىدىكى يولدىن بويى ئېگىز ، بەللىرى ئىنچىكە ، بېشىغا نېپىز قارا ياغلىق ئارتىۋالغان قارا كىيىملىك بىر ئايالنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ ، گەۋدىسىنى ئالدىغا بىرئاز ئېگىپ ، سۇڭگۇچىنى ئارقىغا چىقىرىپ بىپەرۋالىق بىلەن مېڭىشلىرى ئابدۇللاغا شۇنداق نازاكەتلىك كۆرۈندى . كۆڭلىدە : «ياپىر ، نېمىدېگەن قاملاشقان بەدەن بۇ ! ؟ ئۇنىڭدىكى بوي ،

ئىنچىكە بەللىرى، قەددەم ئالغاندىكى نازلىرى قېنى كىمدە بار؟»
دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۇنى خېلى كۆپ قىزلارغا سېلىشتۇرۇپ
باقتى، ئەمما ھېچكىمدە بۇنىڭدەك خىسلەتنى تاپالمىدى. ئاخىر،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بارماقچى بولۇپ تۇراتتى، مەكتەپ
مۇدىرى دەرس تىڭشاشقا كىرىپ قالدى. ئابدۇللا دەرستىن
چۈشكۈچە، ھېلىقى نازىنىن يىراقلاپ كېتىپ قارىسىمۇ
كۆرۈنمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئابدۇللا ئۈمىدسىزلەنمىدى. دەرسنىڭ
تۈگىشى دەل چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتىغا توغرا كېلىپ
قالغاچقا، مەكتەپتىن چىقىپلا، ئايال كەتكەن يول بىلەن يۈگۈردى.
ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىمۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرمىدى. بەلكى ئۇنى
كۆرگەنلەر يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولسا،
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى.
ئۇ شۇ تەرىقىدە بىر سائەتكە يېقىن مېڭىپ، ئاخىر ئايالغا
يېقىنلاشتى. ئىسقىرتىپ باقتى، يۆتىلىپ باقتى، ئايال ئارقىسىغا
قارىماي مېڭىۋەردى. ئاخىر ئايالغا يېتىشىۋالدى. ياندىن ئۆتۈپ
ئايالغا بىر قاراپلا پېشانىسىگە «قاراسىدە» بىرنى ئۇرۇپ،
جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئايالنىڭ بېشىغا ئورالغان قارا ياغلىق
ئاستىدىكى ئاپئاق چاچلىرى، چىرىپ تېگى قالغان چىشلىرى،
ساڭگىلاپ تۇرغان دورداي كالپۇكلىرى ئابدۇللانى سەسكەندۈرۈۋەت-
تى. ئايال بولسا، يەتمىش ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ،
ئورۇقلاپ مودا قىزلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. يول ماڭغاندىمۇ
پۇتلىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ، دوڭغىيىپ تەستە ماڭاتتى.
شۇنداقتىمۇ ياش چوكانلاردەك چىرايلىق كىيىنىۋالغانىدى.
راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئايال ئابدۇللانىڭ ئاپىسىدىن ئون - ئون
بەش ياش چوڭ ئىدى.
يەنە بىر كۈنى، سېرىق چاچلىق بىر قىز يەڭسىز كوپتا،
كاسىسىنى ياپقۇدەك قارا يوپكا بىلەن بىر تار كوچىغا كىرىپ
كەتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق يوتىلىرى ئابدۇللانىڭ كۆزىنى قىزارتتى -
دە، ئابدۇللا شۇئان ئىككىنچى كوچا بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

شۇنداق قارىغانىدى، ئابدۇللا توسىماقچى بولغان سېرىق چاچلىق قىز ئۆزىنىڭ سىڭلىسى رەيھان بولۇپ چىقتى. رەيھاننىڭ تېخى ھېلىلا ساتىراشخانىغا كىرىپ قارا چاچلىرىنى سېرىققا بويىتىپ چىققىشى ئىدى. ئۇ سىڭلىسىدىن ھال سورىغان بولۇپ ئاستا ئۆتۈپ كەتتى.

قىسقىسى، بۇنىڭدەك كۈلكىلىك ئىشلار، تېتىقسىزلىقلار ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ قېتىم يۈز بېرىپ خىجىللىق كەلتۈرسىمۇ، ئەسكى يولدىن زادىلا ۋاز كېچەلمىدى. ئۇنىڭ بەتخەجلىكى بارا ـ بارا قەرزدارلىق كوچىسىغا سۆرەپ كىردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن جەمئىيەت قىزلىرىنىڭ ھەممىسى پۇلغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇللانى ئەمەس، ئۇنىڭ پۇلىنى ياخشى كۆرەتتى. ئابدۇللامۇ كۆزى قىزارغاندا يانچۇقىدا بار پۇلنى ئايىماي تۇتقۇزۇپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاتىسىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ تاپقان پۇللىرىنىڭ پاختىكىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاتىسى تارتقان زىياننى قايرىپ قويۇپ، يالغۇز ئوغلىنىڭ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر كۈنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئابدۇللامۇ ئاتىسىنىڭ قولىدا بىرنەرسە قالمىغاندىن كېيىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن قەرز ئېلىشقا باشلىدى. ھەممىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەل ـ ئاغىنىلىرىدىن، ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇش ـ بىلىشلەردىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرىدىن قەرز ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەپلىمىگەن ئادەملىرى ئاز قالدى. كىشىلەرنى قويغىلى شۇنداق ئۇستا ئىدىكى، ئاغىنىلىرىنى كۆرگەندە ناھايىتى جىددىي قىياپەتتە تۇرۇپ:

— تېز بول؟ ئالە! يانچۇقۇڭدا بارنىڭ ھەممىنى ئالە! — دەپ، باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا ئەيمەنمەستىن قول سالاتتى.

— ھەي، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېسە، يانچۇقىدىن بەش مىڭ ياكى ئون مىڭ يۈەنلىك بىر ھۆججەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇنداق بىر ئادەمدە پۇلۇم بار ئىدى. ئۇ ئادەم مېنى

كېلىپ پۇلنى ئېلىپ كەتسۇن ، دەپ تېلېفون قىپتۇ . ئارىلىق يىراق ، بېرىپ كەلگۈچە خىراجەت قىلىپ تۇرىمەن ، — دەيتتى . ئۇلار ئىشىنىپ ، بار پۇلنىڭ ھەممىنى بېرىپ قوياتتى . ئۇنىڭ يېنىدا يالغان ھۆججەتلەردىن بەش ـ ئون پارچە بار ئىدى . ئۇنىڭدىكى پۇل سانى بەش مىڭ يۈەندىن تارتىپ ئون بەش مىڭ يۈەنگىچە يېتەتتى . ھۆججەتنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ھەركىم ئىشىنىپ ، بار پۇللىرىنى بېرىپ تۇراتتى . ئاندىن ئۇ ئالتە بۇز ۇقنى رېستورانغا چاقىرىپ ، بايلىقتىن پو ئېتىشقا باشلايتتى . دېمىسىمۇ يانچۇقىدا سىقىم ـ سىقىم پۇلى تۇرغاچقا ، ئۇلپەتلىرى ئۇنى تۇگىمەس باي دەپ بىلەتتى . ئۇنىڭ پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشاتتى ، شۇڭا ئۇ تالاشتا قالاتتى . دېمىسىمۇ ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ۋاقتىنى بەرسىلا ، ئابدۇللا نەقلا مىڭ يۈەن چاڭگاللىتىپ قوياتتى . كىشىنىڭ پۇلى بىلەن ئابدۇللا مەردلىك ، يىگىتلىكتە شۇنداق نوچى بولۇپ كەتتىكى ، قەرز بەرگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدى . ئاي ئۆتتى ، يىل ئۆتتى ، پۇل ئىگىلىرى پۇللىرىنى ئالالمىدى . ئابدۇللا پۇل قەرز ئالغاندا ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ھۆججەت يېزىپ بېرەتتى . ھۆججەتكە ۋاقىت بەلگىلەپ : ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە چاھارباغدىكى ئىمارەتلەرنى جەرىمانىسى ئۈچۈن ھەقسىز بېرىمەن ، دۆلەتباغدىكى ياغ زاۋۇتىنى بېرىمەن ياكى ماشىنامنى بېرىمەن ، دېگەنلەرنى قوشۇپ قوياتتى . ۋەدە قىلغان ئىمارەت ، زاۋۇت ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىگىسى بار ئىدى . ئۇلار ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ، ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كەلگىلى تۇردى . بىچارە ئاتا ئوغلىنىڭ بىرەر بالاغا دۇچار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ساتتى . ئۇنىڭ بىلەنمۇ قەرز تۈگىمىدى . گاھىدا بىر نان ئۈچۈن بەش موچەنمۇ يوق ، كۈن ـ كۈنلەپ ئاچ يۈردى . ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ ، ئۆلۈملۈكى ئۈچۈن ساقلاپ كەلگەن ئون مېتىر كېپەنلىكنىمۇ ساتتى ، ئابدۇللاچۇ؟ ئاتىسىدا پۇل تۈگىگەندىن كېيىن : «ئاتام

بىلەن ئىككىمىز چىقىشالمايمىز . ئاتام ماڭا ئۆچ ، مۇناسىۋىتىمىز ناچار » دەپ يۈردى . يەنە بىر تەرەپتىن ، پۇرسەت تاپسىلا باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ ، ھۆججەت يېزىپ بېرىپ : «ئاتام بېرىدۇ » دەپ ئەۋەتىۋەردى . پۇل ئىگىلىرى كېلىپ ، بىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىللىسا ، بىرى كانايدىن بوغاتتى . شۇنداق قىلىپ ئۆيلىرىنىمۇ سېتىپ ، كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە قالدى . ئوغلىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى ، كىشىلەرنىڭ ئىزا ـ ئاھانەتلىرىدە ھەسرەت بىلەن يىغلاپ يۈرۈپ ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ئابدۇللا بولسا ، كېلىپمۇ قويمىدى . ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن كۈنىمۇ ئۇ خوتۇنلار بىلەن ھاراق سورۇنىدا ئىدى . ئۇلاردىن بىرى :

— ھەي ئابدۇللا ! ئاتىڭىزنىڭ نامىزىغا بارمىسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ يۈرۈڭ ، بېرىڭ ، — دېگەنىدى .

— مەن بارغانغا تىرىلەمتى ؟ سىلەر بىلەن ئاران تېپىشقاندا ، كەتسەم سىلەرنى نەدىن تاپىمەن ؟ — دەپ بىر رومكا ھاراقنى ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ ئىچىۋەتتى . ئاياللار گەرچە ياخشى يولدىكىلەر بولمىسىمۇ ، ئابدۇللانىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەبلەخلىقىنى بىلدى . مىڭلىغان نەپرەت بىلەن ئۇنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتتى . بۇ گەپ ئەتراپقا بوراندەك تېز تارقىدى ، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى . ئابدۇللانىڭ ئارىلاشقان ياخشى ـ يامان دوستلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ يىراقلاشتى . ئەمدى قويمىچىلىقى ئاشكارىلىنىپ ، ھېچكىمدىن قەرز ئالالماس بولدى . بۇنى يەنە ئاتىسىدىن كۆرۈپ : «ئاتام كىشىلەرگە ئوغلۇمغا قەرز بەرمەڭلار ، دېمىگەن بولسا ، قەرز پۈتەتتى . ئەمدى ھېچنېمە پۈتمەس بولدى » دەپ تىللاپ يۈردى . «بالا ـ قازا ئاتىسى ئۆلگەننى ئون يىل ئەگەشكۈدەك » دېگەندەك ، ئابدۇللانىڭ قىلمىشلىرى ئاشكارىلىنىپ ، خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى . ئەل ـ ئاغىنە ، «ئۇلپەت » دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى تاراپ كەتتى . ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ ئاتىسىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيى بىلەن كىچىككىنە

هويلىسىنى سېتىپ ، ئات ـ هارۋا ئېلىپ كىراكەشلىك قىلدى . هارۋا هەيدەپ يۈرۈپ ، ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغان ئۆزىدىن يەتتە ـ سەككىز ياش چوڭ بىر تۇغماس خوتۇننى ئالدى . بۇلارنىڭ كۈنى هارۋىنىڭ تاپقان پۇلىغا قاراشلىق ئىدى . هارۋىنىڭ كىرىمىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىلەن ئاتنىڭ يېمەكلىكىگە ئاران يېتەتتى . كىرامۇ كۈندە چىقىۋەرمەيتتى . گاهى كۈنلىرى ئون ـ يىگىرمە يۈەنگە ئىشلىسە ، گاهى كۈنلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە قاتراپ يۈرۈپ ، بىر موچەنمۇ تاپالماي قايتىپ كېلەتتى . بۇنداق چاغلاردا تۈنبويى ئۇخلىماي هەسرەت ـ نادامەتلەر قىلىپ ، ئاتىسىنى ئەسلەپ يىغلاپ چىقاتتى . ئەمما ئۇ مىڭ يىغلىغان بىلەن قەبرىدىن ئاۋاز كەلمەيتتى .

بۈگۈن ئابدۇللاغا بىرمۇ خېرىدار چىقمىغانسېرى ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدىكى يايراپ يۈرگەن كۈنلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ ، يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىشكە باشلىدى . يېقىندىن بۇيان ئابدۇللانىڭ ئىشى تازا ئاقماس بولۇپ قالغاچقا ، گاهى كۈنلىرى ئاچمۇ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتى كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ ، دۈمبىسىگە قامچا تەگسە ، بېلىنى ئېگىپ ئاران ماڭىدىغان ، يېنىدىن ئادەم ئۆتسە ماڭماي جىم تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئابدۇللانىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلىدى . ئۇ كۆڭلىدە : «بۈگۈن بىزنى نەس باستى بولغاي ، خوتۇنغا نېمە ئاپىرارمەن ، ئۆزۈم نېمە يەرمەن ، ئاتقىچۇ ؟» دېگەن قايغۇ بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ يولغا كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي ، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ تۇرغاندا ، قانداقتۇر بىر ئايال كىشىنىڭ :

— هوي هارۋىكەش ، توختاڭ ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ئابدۇللا چۆچۈپ ، شۇنداق قارىغانىدى ، قارا كۆزەينەكلىك ، يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياش ئەتراپىدىكى بىر ئايالنىڭ يول بويىدىكى سۇۋادانلىقتىن چىقىپ ، هارۋىغا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى . ئابدۇللا كۆڭلىدە خۇداغا مىڭ شۈكۈرلەر قىلىپ :

«بۈگۈن ئاچ قالمايدىغان بولدۇق، ھېچبولمىسا ئىككى نانغا تۇشلۇققۇ پۇل بېرەر» دەپ ئاتنى توختاتماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېتى خېرىدارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئاللىقاچان توختاپ بولغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇللانى يېڭى بىر ئەندىشە قورقۇتۇشقا باشلىدى، يەنى «بۇ چوكانغۇ ئوبدان ئۇچرىدى، ھارۋىغا چىققاندا، ئات ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇۋالسا، قانداق قىلارمەن؟ ئەگەر ياراتماي كېتىپ قالسا، ئىككى ناننىڭ پۇلىمۇ كەتتى دېگەن سۆز» دېگەنلەرنى ئويلىدى. «نېمە ئىلاج، ‹خۇدا بەرمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ئېلىشى بارمۇ› دېگەنىكەن. ‹ئىشنى كەلگەندە كۆرۈڭ، ئوسۇرغاقنى دۇم ياتقاندا› دېگەندەك، قېنى كۆرۈپ باقمايمەنمۇ، ياراتماي كېتىپمۇ قالماس» دەپ، ھارۋىدىكى كۆرپىنى قېقىپ سېلىپ، ئايالنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئايالمۇ تەكەللۇپسىزلا چىقىپ ئولتۇردى.



## ئۇچىنچى باب

# گۇمان

ئايالىنىڭ شۇنداق ھارۋىغا چىقىشى بىلەن قانداقتۇر بىر خىل قاڭسىق پۇراق كېلىپ ئابدۇللانىڭ دىمىغىغا تەگدى. تۇرۇپلا خام گۆش پۇرايتتى، تۇرۇپلا سېسىق تۇخۇم پۇرايتتى، تۇرۇپلا تاپ پۇرايتتى. ئابدۇللا ھەيران قالدى. ئۆز - ئۆزىگە كۆڭلىدە: «خۇدايا توۋا، نېمىدېگەن سېسىق خوتۇن بۇ، مەن مۇشۇ كەمگىچە تالاي خوتۇنلار بىلەن ئارىلىشىپمۇ، بۇنىڭدەك سېسىقنى كۆرمەپتىكەنمەن. بۇ پۇرىغان ئۇنىڭ نېمىسىدۇر؟» دەپ ئۆزىنى سەل قاچۇرغاندەك قىلدى. ئايال بولسا، شۇنداق ئىسسىق، ئاپتاپتا كىشىلەر ئۆيىدىن باش چىقىرالمايۋاتسا، قارا كۆزەينەك تاقاپ، تۇمشۇقىغا ماسكا تارتىپ، قاتمۇقات رومال ۋە يوغان قارا پەرەنجە بىلەن ھارۋا كۇتۇپ تۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانىدى. ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق تەرلىرى ماسكىلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. بەدىنىدىن چىققان تەر، يۈزىدىكى ماي ۋە كىيىمىدىكى قانداقتۇر بىر خىل يېقىمسىز ئەتىرنىڭ پۇراقلىرى ۋە بەدىنىدىن تارىغان خام گۆش پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەتتىكىدىن تاشقىرى، ئاش سۈيىدە ئاشلىغان تېرىدەك بىر خىل

بەتبۇي پۇراقنى هاسىل قىلغانىدى .

ئايال ئابدۇللاغا پىسەنتمۇ قىلمىدى ، ئۇ گويا بىر كىمدىن قېچىۋاتقاندەك توۋت ئەتراپقا قارايتتى . هارۋىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن :

— قېنى هەيدەڭ ! — دېدى . ئابدۇللا دەرگۇماندا تەۋەككۇل قىلىپ ، «چۇ ! » دەپ قامچا سىلىشى بىلەن ئاتمۇ يۇرۇپ كەتتى . «ئىلاهە شۇكۇر » دېدى ئابدۇللامۇ كۆڭلىدە ، ئاتنىڭ تۇرۇۋالماي ماڭغىنىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ . چۈنكى ، ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم ئېسىل مېهمانلار ئولتۇرغاندا ئېتى ئۇرسىمۇ قوزغالماي تۇرۇۋېلىپ ، نومۇسقا قالدۇرغانىدى .

هارۋا چوڭ يول بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى . ئايال بولسا ، پات ـ پات كەلگەن تەرەپكە قاراپ ، قورققاندەك قىلىۋاتاتتى . ئۇدۇلدىن ماشىنا ياكى بىرەر ئادەم ئۆتسە ، قەستەن رومالىنى تۇزىگەن بولۇپ يۈزىنى كۆرسەتمەيتتى . ئايالنىڭ بۇ هالىتى ئابدۇللادا گۇمان پەيدا قىلىپ ئەنسىرەتكىلى تۇردى . ئۇ كۆڭلىدىن : «بۇ ئايال زادى كىم ؟ نېمىشقا قورقىدۇ ؟ نەگە بارىدىغاندۇ ؟ ئېرىدىن يامانلاپ ماڭدىمۇيا ؟ ئەگەر قېچىپ ماڭغان بولسا ، بالاغا قالسام قانداق قىلغۇلۇق ؟ ئېرى قوغلاپ كەلسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا ئايالغۇ قاچار ، مەنمۇ قاچارمەنمۇ ؟ قاچمىسام ، خوتۇنۇمنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ ، دەپ ئېسىلىۋالسا قانداق قىلىمەن ؟ قاچمىسام ، هارۋامنى هەممەيلەن تونۇيدۇ . ئەگەر ئەرز قىلىپ قالسا ، سەن گۇناهسىز بولمىساڭ نېمە ئۈچۈن قاچتىڭ ؟ دېسە ، ئۆزۈمنى ئاقلىيالمايمەن» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى . ئۇ ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىشنى باشتىن كەچۈرگەنىدى :

ياز — يەتتىنچى ئايلار ، يەنى خامان ۋاقتى ئىدى . هاۋا سالقىن بىر ئاخشىمى ئابدۇللا بىرقانچە «قولاق كەستى »لەر بىلەن خامانغا يىغىلىپ يېرىم كېچىگىچە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشتى . ئەل ئايىغى بېسىقىپ ئۆي ـ ئۆيلەردە چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن ، ئابدۇللا بىر ئاغىنىسى بىلەن ئۆستەڭ بويلىرىنى تاماشا قىلىپ

كەلمەكچى بولۇشتى ـ دە ، چىغىر يول بىلەن توسما بويىغا ماڭدى . بۇلار بىر مەھەللىگە يېتىپ بارغاندا ، يول بويىدىكى چەترەك بىر ئۆيدە قارا چىراغ ياندى ، ئۇنىڭ غۇۋا يورۇقى دېرىزىدىن سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ ئۆيدە ناھايىتى شوخ ھەم چىرايلىق بىر ئايال بار بولۇپ ، ئېرى ھاشارغا كەتكىلى بىرنەچچە كۈن بولغانىدى . بۇلار ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى . شۇ چاغدا ، يېنىدىكى بۇرادىرى چىراغ يېنىقلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە چالما بىلەن تۆت ـ بەشنى ئۇرۇپ قاچتى . شۇئان چىراغ لاپپىدە ئۆچۈپ ، غاچچىدە ئىشىك ئېچىلغاندەك قىلدى . بۇ كېچىسى شۇنداق ئايدىڭ ئىدىكى ، يەرگە يىڭنە چۈشۈپ كەتسە تاپقىچىلىكى بار ئىـــدى . ئابدۇللا «چالمىنى مەن ئاتمىغاندىكىن ئاستا مېڭىۋېرەي» دەپ ئويلىدىيۇ ، يەنە «ياق ، چالما ئاتقۇچى قاچتى ، ئەگەر ئايالنىڭ ئېرى ھاشاردىن قايتىپ كەلگەن بولسا ، چىقىپ ماڭا ئېسىلىۋالسا ، ئەلۋەتتە بالاغا مەن قالـــمەن ـ دە ، زادى قانداق قىـــلسام بولار ؟» دەپ ئارىسالدىلىقتا تۇرغاندا ، ئىشىكتىن بىر ئادەم چىققاندەك قىلدى . بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا قورقۇنچتىن شۇنداق قاچتىكى ، ھېلىقى بۇرادىرىنىڭمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ ، يەنە ئىككى چاقىرىم يەرگــــچە يۈگۈرۈپ باردى . ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ نەپەسلىرى بوغۇلۇپ ، ئاران تەستە ئۆزىنى بىر تۈپ قامغاقنىڭ دالدىسىغا تاشلاپ ، مۆكۈپ ياتتى . كۆڭلىدە ھېلىقى بۇرادىرىنى تۆمەن مىڭنى تىللاپ : « ‹ياخشى بىلەن يۈرسەڭ ئېچىلار چېچىكىڭ ، يامان بىلەن يۈرسەڭ يېرىلار يۈرىكىڭ › ، دېگەن سۆزنى قانداق ئادەم دېگەن بولغىيتتى ؟ ما ئىشنى كۆرمەمدىغان ، ‹ھالۋىنى ھېكىم يېدى ، تاياقنى يېتىم › دېگەندەك چاقچاقنى باشقىسى قىلىپ ، تاياقنى مەن يېگىلى تاس قالدىم» دەپ تۇراتتى ، بۇرادىرى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئابدۇللانىڭ يېنىغا كەلدى . ھېلىقى ئۆيدىن چــــققان ئادەممۇ پوخورلۇق قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۆيگە كىرىپ چىراغ يورۇتۇپ تۇرۇشقا بۇلار كېلىپ قېلىپ ، ئىشىككە چالما ئاتقاچقا ، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ غىپپىدە تىكىۋەتكەنىدى . ئابدۇللا ئۇنىڭدىن

كېيىن ھېلىقى بۇرادىرى بىلەن ئاخشىمى ـ ئەتىسى بىر يەرگە بارمىدى . بۇ قورقۇنچلۇق كېچە ئابدۇللانىڭ ئېسىدىن ئەسلا چىقمايتتى .

ئابدۇللا ئايالغا ئىنچىكە سەپسالدى . ئايال روپاش خوتۇنلاردەك ياسانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بويۇن ، بىلەك ۋە بارماقلىرى ئالتۇن بۇيۇم بىلەن زىننەتلەنگەنىدى . لېكىن بۇ بايلىق نىشانلىرى ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتى . چۈنكى ، بۇ يۇرتنىڭ خەلقى كۆپىنچىسى ئابرۇيپەرەس ، ھەشەمەتچى ئىدى . ئىشقىلىپ ، ئاياللىرىنىڭ قورساقلىرى ئاچ قالسىمۇ ، چىداپ يۈرۈپ ، بويۇنلىرىغا ئالتۇن زەنجىر ، قۇلاقلىرىغا ئالتۇن زىرە ، قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالاتتى . كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قاراپ تېخىمۇ بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى . دەسلىپىدە ، تەرىقەتچى بۇۋى خوتۇنلار ئىبادەتكە قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ بېشىغا قارا رومال سېلىپ ، قارا كۆزەينەك تاقاپ ، ئاغزىنى ماسكىدا ئېتىپ ، قوللىرىغا قارا پەلەي كىيىپ ، ئىشتاننىڭ پۇچقىقىغا رەڭگارەڭ مەشۇت بىلەن گۈل ئىشلەپ ، تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەرنى كەشتىلىۋالاتتى . بايلىقىنى نامايان قىلىپ ، بوينىغا قوشلاپ ئالتۇن زەنجىر ، بىلەكلىرىگە ، چاپاننىڭ يېڭىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن بىلەزۈك ، بارماقلىرىغا قارا پەلەي ئۈستىدىن ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سېلىپ يۈرەتتى ، ئۆزى بىلەن بىر فورمىدا بولمىغان كىشىلەرنى كۆزىگە ئىلمايتتى . بۇلاردا ئادەمگەرچىلىك ، قائىدە ـ يوسۇن دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇلار شۇنداق گىدىيىۋالاتتىكى ، ھېچكىمگە سالام قىلمايتتى . سالام قىلغۇچىلارغىمۇ جاۋابسىز ئۆتۈپ كېتەتتى . مەيلى ئۇلار قانداقلا يۈرمىسۇن ، ئەركەك چىۋىن دىدارىغا نەزەر سالمايدىغان ئەڭ پاك خوتۇنلار دەپ قارىلاتتى . بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ «بۇۋى خېنىم» لارنىڭ قوشۇنى كەلكۈندەك كۆپىيىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش چوكانلار بولۇپ ، ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلىق قىزلارمۇ خېلى سانىنى تەشكىل قىلاتتى . ئەسلىدىكى بۇۋى خوتۇن ـ قىزلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ رەخت

مال بازىرىغا ياكى بايلارنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ماڭسا، ئۆزىگە پۈركىگەن ھەرەم ئەتىرلىرىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ كوچىنى بىر ئالاتتى. يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قارايتتى.

ئەمدىلىكتىچۇ؟ بۇۋى خوتۇنلار مېۋە-چېۋە بازىرى، كاۋاپخانا، لەڭمەنخانا، سەي بازىرى، كەچلىك بازار، ئارقا كوچا، بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنىڭ ھەممىسىدە كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن ھاراق، پىۋىلارنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن كىشىلەر ھەيران بولۇپ، «تووۋا» دېيىشەتتى. ئەمما ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەيتتى. يەنە بىر بۆلەك پاكىستان فورمىسىدا بولۇۋالغانلارمۇ بار ئىدى. يېڭى قوشۇلغان بۇۋىلەرنىڭ ھەممىلا جايغا تارقىلىشى بىلەن، ئەسلىدىكى بۇۋىلەر بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ كارى يوق بولۇپ، بۇرۇنقىدەك «ۋاي، خېنىم» دەپ كەتمەس بولغانىدى. بۇرۇنقىلىرى قانداقلا بولمىسۇن گۇناھلىق ئىشلاردىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسا، كېيىنكىلىرى گۇناھلىق ئىشنى كىشىگە ئانچە قالدۇرمايتتى. شۇنداق قىلىپ، قايسىسىنىڭ راست بۇۋى، قايسىسىنىڭ يالغان بۇۋىلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئاخىرىغا بېرىپ كىشىلەر بۇلارنى كۆزگىمۇ ئىلمايدىغان، بەلكى نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۇۋىلەرنىڭ بىراقلا كۆپىيىپ كېتىشىگە كەلسەك، بۇنىڭغا ئىپپەت-ئەخلاقتا يامان يولغا مېڭىپ قالغان بىر قىسىم خوتۇن-قىزلارنىڭ «بۇۋى» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۆزلىرىنى پەردازلاۋاتقانلىقى سەۋەب بولغانىدى. بۇنداقلار ئۆز تىجارىتىنى تەتقىق قىلدى. بۇۋى خوتۇنلارنىڭ باشتىن-ئاياغقىچە قارا كىيىم كىيىپ، توزدەك نازلىنىپ مېڭىشلىرى يىگىتلەرنى ئۈزلۈكسىز مەھلىيا قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار بۇ كەمگىچە يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ، قەيەر ئۇدۇل كەلسە شۇ يەردە ئويناپ يۈرۈپ «بۇزۇق» ئاتىلىپ، قانۇننىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانلار ئىدى. شۇڭا ئۆز جايلىرىدا تۇرالماي

يۈتكىلىپ يۇرۇپ ئويناشقا توغرا كېلەتتى . شۇنداقتىمۇ قاچاندۇر بىر كۇنى توردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە ، بۇۋىلەرنىڭ فورمىسىدىن پايدىلاندى . بۇۋىلەردىن كىشى گۇمانلانمايتتى ، بەلكى بىرەر ئەر بىلەن تۇرغىنىنى كۆرسىمۇ ئۆزىنى تارتىپ قارىماي كېتەتتى . بولۇپمۇ مۇشۇ كۇنلەردە بۇزۇقلار بۇۋىچە ياسىنىپ ، بىر قىسىم ئوغرى ، لۈكچەكلەر موللىچە ياسىنىۋېلىپ ، كىمنىڭ ئوغرى ، كىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكۈسىز قىلىۋەتكەنىدى . شۇ سەۋەبتىن ، بۇۋىلەرنىڭ سىرتىغا قاراپ ھېچكىم باھا بېرەلمەيتتى . يەنە بىر قىسىم نامى چىقىپ قالغانلار ياكى ئەسكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ ، كىشىلەر باشقىچىرەك قارايدىغانلارمۇ بۇۋى فورمىسىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ ساۋابلىق يولغا ماڭغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىدىن باشقا ، يېشى خېلى بىر يەرگە بارغۇچە ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىزلارمۇ : «بىرەر تالىپنىڭ كۆزى چۈشۈپ نىكاھلىنىپ قالسام ئەجەب ئەمەس» دەپ ، بۇۋىلەر قوشۇنىغا قوشۇلىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى .

ئابدۇللانىڭ كۆڭلىدىن شۇنداق تۇرلۇك گۇمانلار كېچىۋاتقاندا ، ئىككى ئاچماق يولىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قالدى ـ دە ، ئايالدىن :

— قايسى تەرەپكە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئورمان مەيدانىغا ، ئورمان مەيدانى دېگەن يەرنى بىلەمسىز ؟ شۇ تەرەپكە ھەيدەڭ ، — دېدى ئۇ ئايال . ئابدۇللا :

— دىرت ، چۇ ! — دەپ ئاتنىڭ باش بېغىنى سول تەرەپكە ئايرىلغان يېزا تاشيولى تەرەپكە تارتتى . ئايالنىڭ «ئورمان مەيدانىنى بىلەمسىز ؟ شۇ تەرەپكە ھەيدەڭ» دېگەن سۆزىدىن ئابدۇللا بۇ ئايالنىڭ ئورمان مەيدانىدىكى بارات موللىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئايال بىلەن بەكرەك سىردىشىش ئۈچۈن ، گەپكە سېلىپ باقماقچى بولۇپ :



— خانىم، بىرەر مۇشكۇل ئىشقا دۇچ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

ئايال بۇ سوئالنى ئاڭلاپ، «بۇ قانداق بىلىۋالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، چاندۇرماستىن:

— ھەئە، — دەپلا قويدى، كۆڭلىدە: «بۇ ھېيلىگەر ئوغرىغا قانداقمۇ ئۇچراپ قالغاندىمەن. گەپ - سۆزلىرىدىن ئەدەپلىك بىلىنگىنى بىلەن كۆزلىرىنىڭ ئېقى يوغان تۇرىدۇ. ‹كۆزىنىڭ ئېقى يوغان ئادەمنىڭ شەھۋەت نەپسى تويماس كېلىدۇ› دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. كىشىنىڭ قورسىقىدىكى ئىشنى بىلىۋالغىنىدىن قارىغاندا، كۆرمىگىنى قالمىغان راسا قاقۋاش بىر نەرسىمۇ نېمە بۇ» دەپ، كۆز قۇيرۇقىدا ئابدۇللاغا نەزەر سالدى، ئەمما بىرەر غەيرىيلىك سېزەلمىدى.

ئابدۇللانىڭ بولسا، گۇمانلىرى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئايالنىڭ قانداقتۇر بىرەر ئىش بىلەن سېھىرگەر بارات موللىنىڭ قېشىغا ماڭغانلىقىنى بىلدى. ئابدۇللا دەسلەپتە كۆرگەندە، ئۇنى بىرەر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدىن بولسا كېرەك، دەپ ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭ سېھىرگەر ئىزدەپ ماڭغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇنىڭمۇ باشقا نادانلارغا ئوخشاشلا بىلىمسىز، ئەخمەقلىقىنى بىلدى. كۆڭلىدە: «ئىسىت! ھەممە مىللەتلەر ئىلىم - پەن بىلەن ئۆزلىرىگە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈۋاتقان مۇشۇ دەۋردىمۇ، بىزنىڭ خەلقىمىز خۇراپاتلىققا ئېسىلىپ، يەنىلا مۇشۇنداق ئالدامچىلارغا چوقۇنۇپ يۈرسە، يەنىلا باخشى، داخان، رەمبال، جادۇگەر دېگەنلەرگە ئىشىنىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنى شۇلاردىن تىلەۋاتسا، باشقىلار ئالدىدا قانداقمۇ يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمىز» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى غەش بولماقتا ئىدى.

ئابدۇللا دارىلمۇئەللىمىندە ياخشى ئوقۇغانلارنىڭ بىرى بولغاچقا، باخشى، سېھىرگەر، رەمبال دېگەندەكلەرگە ئىشەنمەيتتى. ئەمما ئادەملەر يەنىلا شۇنداقلارغا چوقۇنۇپ يۈرگەن

مۇشۇنداق دەۋرلەردە ، ئۇنداق گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ ، نادانلار بىلەن گەپ تالىشىپ يۈرۈشنى خالىمايتتى . شۇڭا ، ئۇ سۈكۈتتە يۈرۈپ ، ئۆز ئىشى بىلەن بولاتتى .

ھېلىقى ئايال بولسا ، ھارۋىكەشنىڭ بىلىۋالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ : «قانداق قىلغۇلۇق ؟ ياق ، نېمە قورقاتتىم ، بۇ ئەر كىشىغۇ ، ئەرخەق دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ ئىككى ئېغىز شېرىن سۆزىنى ئاڭلايدىغان بولسا ، سىمابتەك ئېرىپ كېتىدىغان نەرسىغۇ ؟ ئەرلەرنىڭ راسا كۆزى قىزارغاندا ھەممىدىن كېچىدىغۇ ؟ ئايالنىڭ چاڭگىلىغا چۈشمىگەن كىم بار ، ھەتتا خوتۇنىنىڭ سۆزى بىلەن ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن كېچىپ ، ئاخىرى ۋەيران بولۇپ ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي يۈرگەنلەرمۇ بارغۇ ؟ بۇ ھارۋىكەش قانچىلىك نېمىتى ، جاجىسى — ئىككى ئېغىز تاتلىق گەپ » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى ، ئاندىن «بىرەر تونۇش كىشى كۆرۈپلا قالمىسا بولاتتىغۇ » دەپ ئويلىدى . دەل شۇ چاغدا ، قارشى تەرەپتىن بىر ماشىنا كېلىپ قالدى . ئۇ ماشىنا ئۇدۇلغا كەلگەندە ، باشقا تەرەپكە قارىۋالدى . ئورمان مەيدانىنىڭ يولى بولسا ، شەھەردىن چىقىپ ئىككى يېزىنى بېسىپ ئۆتىدىغان ، قاتناش كەم بولمايدىغان يوللارنىڭ بىرى ئىدى . يۈك ماشىنىلىرى ، چوڭ ـ كىچىك كىرا ماشىنىلىرى ، تراكتور ، موتسىكلىت ، ۋېلىسىپىت ، ئات ، ئېشەك ھارۋىلىرى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايىغى ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇراتتى . ئانچە ـ مۇنچە پىيادىلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى . ئۇ ئايالنىڭ داۋاملىق تۆت ئەتراپىغا قاراپ خاتىرجەم بولالماسلىقىنىڭ سەۋەبى : تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچراپ قېلىپ ، سۆز ـ چۆچەك قىلىنىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ، بۇركۈتتىن قاچقان جەرەندەك ، ھەر تەرەپكە كۆز تىكەتتى ، كەيپىياتى ئەنسىز ئىدى .

— مۇشكۇل ئىشقا دۇچار بولغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئايال .

— ئەلۋەتتە بىلىمەن ، ـ دە ، — دېدى ئابدۇللا ، — مېنىڭ

ئورمان مەيدانىغا بېرىشىم مۇشۇ نۆۋەتلا ئەمەس ، ئۇ يەردە سىلىگە ئوخشاش نى ـ نى ئاياللار ، ياش يىگىت ، چوكانلار ، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقىپ ، تۇرمۇش خاپچىلىقىغا ئۇچرىغان چوكان ـ جۇۋانلار ، ئىشقىلىپ ، بويىغا يېتىپ قالغان ئوقۇغۇچىلاردىن تارتىپ ، قېرى مومايلارغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ دېسەمۇ بولىدۇ . ئېرىدىن ئاجرىشىدىغانلار ، مۇھەببەتتە ئېرىشەلمىگەنلەر ، رەقىبلىرىدىن ئۆچ ئالماقچى بولغانلار ، پىشكەللىككە ئۇچراپ ئىشى ئوڭدىن كەلمىگەنلەر ، ئىشقىلىپ ، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بېرىپ ، بارات موللامنى تاپىدۇ . ئۇ يەرگە بارغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بىلىمەن . ئەمما ، مېنىڭ ئاغزىم چىڭ ئادەم ، ھېچكىمگە دېمەيمەن . يوقىنى تېپىشىپ بېرىمەن ، قىلالمىغاننى قىلىشىپ بېرىمەن . ئۇلارمۇ پۇلنى ئايىماي بېرىدۇ . «سېھىر ـ جادۇ »نىڭمۇ شەرتى جىق بىر ئىش . ھەممىنى تەل قىلىپ بەرمىگۈچە ئەپسۇننى باشلىيالمايدۇ . ئاڭلىسام ، «ئىسمى ئەزەم » نى پەقەت مۇشۇ بارات موللاملا بىلىدىكەن . ئۇنىڭ ئايەتلىرى بەك كەسكىدەكمىش . مەنغۇ ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن . لېكىن ، كىشىلەردىن : «ۋاي بارات موللامنىڭ ئايىتى بەك كېسىدىكەن . خوتۇنۇم يامانلاپ كېتىۋىدى ، بارات موللامنىڭ ئايىتى بىلەن ئۆيۈمگە ئۆزى كەپتۇ . پالانى خوتۇنىغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغانىكەن ، بارات موللامنىڭ ئەپسۇنى بىلەن ئەمدىلىكتە چىدىمىدىم ، دەپ يىغلاپ يۈرۈپتۇ » دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ ، مەنمۇ ھەيران قالدىم . ماڭا پۇل بولسىلا بولدى . باشقا ئىش بىلەن كارىم يوق ئادەممەن .

— شۇنداق بولغىنى ياخشى ، — دېدى ئايال ، — «پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا ، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا» دېگەن گەپ بار . بۈگۈنكى كۈندە پۇل تاپماقمۇ ئاسان ئەمەس . «ھە ، دەڭ ، موماينىڭ زېڭىنى يەڭ » دېگەنىكەن . ئاغزىڭىزنى چىڭ تۇتۇپ ، كىشىلەرگە ياردەم قىلسىڭىز «ياخشىلىقنى سۇغا سال ، سۇ بىلمىسە بېلىق بىلۇر ، بېلىق بىلمىسە خالىق بىلۇر » دېگەندەك ، باشقىلارمۇ

بىلمەي قالمايدۇ . ئەگەر ئۇلار بىلمىسە خۇدايىم بىلىپ ، قانداقتۇر بىر يول بىلەن ياخشىلىقنى قايتۇرىدۇ . بۈگۈن مەندەك ئاق كۆڭۈل ، قولى ئوچۇق خوتۇنغا ئۇچراپ قېلىشىڭىزمۇ تەقدىردىن مۇستەسنا ئەمەس . بەلكى ، خۇش بولۇپ قالارسىز . ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ ؟...

— بولمايدىغان نىمىسى بار ؟

— «بەش پۇلۇمنىڭ باردا ئەيسا سوپى دەيدۇ مېنى ، بەش پۇلۇمنىڭ يوقىدا ئەيسا سوقى دەيدۇ مېنى» دېگەندەك ، پۇلۇم بار ۋاقىتىدىكى ئىسمىم ئابدۇللاجان ، پۇل يوق ۋاقتىدىكى ئىسمىم ئابدۇللا . مەن بىر بىچارە هارۋىكەش . ئىسمىمنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ . ئابدۇللا دەمسىز ، هارۋىكەش دەمسىز ، نىمىلا دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ . راهەت ـ پاراغەتنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ ، مۇشەققەت چاڭ ـ توزانلىرىدا بۇلغانغان ئادەممەن .

— ياق ، ئۇنداق دېمەڭ ، خۇدانىڭ كەرىمى كەڭرى . بۈگۈن تونۇشتۇققۇ مانا . سىزنى ئابلاجان دەۋېرىمەن . ئەگەر ئىشلىرىمغا يېقىن تۇرسىڭىز ، بارنى تەڭ خەجلەيمىز . مېنىڭ ئىسمىم چولپان . بەزىلەر خۇشامەت قىلىپ «چولپان خېنىم» دەۋالىدۇ تېخى . جاهان دېگەن شۇنداق نەرسىكەن . ئاپام دائىم ماڭا : «پۇلى بارنىڭ يۈزى يورۇق . پۇل تېپىشتا شەپقەتسىز بول . پۇل تېپىش دېگەننىڭ ئۆزى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىكى نانىنى تارتىۋېلىش دېمەكتۇر . باشقىلارغا رەهىم قىلساڭ ، ئۇ ئاغزىدىكى ناننى يۇتۇۋەتسىلا ساڭا هېچنېمە قالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ گېلىدىن چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ، ناننى تارتىۋېلىشىڭ كېرەك . ئەگەر رەقىبىڭنىڭ جېنىغا ئىچىڭ ئاغرىسا ، سەن ئاچلىقتا ئۆلىسەن ، بۇنىڭغا هېچكىمنىڭ ئىچى ئاغرىمايدۇ . ئۆز مەقسىتىڭگە يېتىمەن دېسەڭ هەرقانداق ئىشتىن باش تارتما . جاندىن كەچمىگۈچە ، جانانغا يەتكىلى بولماس ، دېگەن شۇ» دەيدۇ . بۈگۈن مەنمۇ شۇ ئىشنىڭ كويىدا كېتىۋاتىمەن ! سىزمۇ مېنى «چولپان» دەپ

ئاتاۋېرىڭ. ئىشىمغا ياردەملەشسىڭىز، مۇرادىم ھاسىل بولۇپ قالسا، سىزنى ھەرگىز تاشلىمايمەن، — دېدى ئايال.

دېمىسىمۇ نامراتلىق ئابدۇللانىڭ گېلىنى بوغماقتا ئىدى. سەللا بوش تۇرىدىغان بولسا، ئىشى ئاقمايتتى. گاھىدا ئۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ يىغلايتتى. قەبرىستانلىقتا بېرىپ ئاتىسىنىڭ تۇپرىقىغا يۈزىنى سۈرتۈپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي چىقاتتى. مىڭ پۇشايمانلارنى قىلىپ زارلانسىمۇ، ئۆتكەن ئىش ئىزىغا كەلمىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ھالى ئېچىنىشلىق بولۇپ، ھازىر ئۇ پۇل بېرىدىغان ئادەم بولسا، مېنى يۇدۇپ ماڭ دېسىمۇ، ياق دېمەيتتى. چولپاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، راستىنلا ئۇنىڭغا ياردەملىشىش نىيىتىگە كەلدى. ئەمما چولپاننىڭ زادى نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق ياردەملەرنى بېرىشنى تېخى ئېنىق بىلمەيتتى.

چولپان ئابدۇللانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى، لېكىن، ئۇ ئابدۇللانى تولۇق چۈشەنمىگەچكە، ئۆتمۈشىنى بىلگۈسى كېلىپ:

— شۇنچە سەپسالسام تەقى - تۇرقىڭىز، گەپ - سۆزلىرىڭىز ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، كادىر بولغانمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم، — دەپ ئابدۇللاغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— راست تاپتىڭىز، — دېدى ئابدۇللا، — مەن كادىرمۇ بولغان. دەپ كەلسەم ھەتتا ئىشەنگۈڭىز كەلمەي قالىدۇ، — دەپ، پۈتۈن ئۆتمۈشىنى باللىق دەۋرىدىن باشلاپ ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ، ئاتىسىغا سالغان كۈلپەتلىرىنى، ئاتىسىنىڭ قېرىغاندا قەرزدارلاردىن ئازار يەپ دەرد - ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ تارتقان يوقسۇزلۇقىنىڭ دەردلىرىنى بايان قىلغاندا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، گويا گېلىغا قانداقتۇر بىرنەرسە قاپلىشىۋالغاندەك

سۆزلىيەلمەي قالاتتى ، گاھىدا ئۇن سىلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۆزىنى باسالماي قالاتتى . بۇنداق چاغدا بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى . شۇنداق قىلىپ ، پۈتۈن ئۆتمۈشىنى چولپانغا قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپ ئىچ - قارنىنى بوشىتىپ ، غەمكىن كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرماقچى بولدى . ئۇ ئابدۇللاغا تەسەللى بېرىپ :

— تەقدىر دېگەن شۇنداق نەرسىكەن ، ئۇنىڭ قولىقى گاس ، كۆزى كور ، تىلى لال ، شۇڭا كىشىنىڭ ھالىغا يەتمەيدىكەن . ئويلايمەنكى ، تەقدىردىن شىكايەت قىلىپ : «خىزىردەك كىشىگە بەردىڭ بىر ئېشەك ، ئېشەكتەك كىشىگە بەردىڭ مىڭ خىسلەت» دېگەن بېيىتلەرمۇ بىكار چىقمىغانىكەن . دەردى يوق يەر يوقكەن ، تاغنىڭ تۈۋىدە دېڭىز بولغاندەك ، گۈلنىڭ ئاستىدا تىكەن بولغاندەك ، خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىدا خاپىلىق ئەگىشىپ يۈرۈيدىكەن . بۇ يىل ئەمدىلا يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن بولساممۇ ، تارتقان خاپىلىقتىن قورساقلىرىمنى يېرىۋەتكۈم كېلىدۇ . ئاڭلىسىڭىز راستكەن دەيسىز . مەن سەنەمباغدا ئولتۇرۇشلۇق غوپۇر ھاجىمنىڭ ئوغلى شەمشى موللامنىڭ قىزى بولىمەن . ئاتام ياشلا ئۆلۈپ كېتىپ ئاپام شەرىخاننىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم . بەلكىم سىزمۇ ئاڭلىغانسىز . شەرىخان دېسە ، بىلمەيدىغان كىشى يوق ، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق . بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاپامنى ئىزدەيدۇ . مېنى مۇختار قاسساپنىڭ ئوغلى ئەنۋەرگە بەرگەنىدى . بىزغۇ ئوبدان قاملىشىپ قېلىۋىدۇق ، لېكىن ، — دەپ ، پۈتۈن ئۆتمۈشىنى ۋە بۇگۈن نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىگە قەدەر ھەممىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كەلدى ، ئەمما ئابدۇللانىڭ ھېكايىسى تۈگىمىگەنىدى .

# تۆتىنچى باب

# سوخەنچى ۋە سويىقەست

چولپان ئەسلىدە يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئاتىسى شەمشى موللا ناھايىتى پىخسىق كىشى ئىدى.

چولپان كىچىك چېغىدىلا يېتىم بولۇپ، ئاپىسى شەرىخاننىڭ قولىغا قالدى. شەرىخان بولسا، شەمشى موللىدىنمۇ ئۆتەر كاززاپ، ھىيلىگەر، سوخەنچى، ئاچ كۆز، داۋاملىق باشقىلارنى كۆرەلمەي ھەسەت قىلىپ يۈرۈيدىغان غەيۋەتخور ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ ھەممە ئىشى شەرىخانغىلا قالدى. بار ئوقەتلىرى تۈگەپ، تۇرمۇش قايغۇسى ئۇنى ئالدىراتتى. ئاخىرىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ماڭمىغان كوچىسى، قىلمىغان ئىشلىرى ئاز قالدى. بالىلىرىنىڭ چوڭ بولۇپ يېتىلىشى بىلەن كۈنىمۇ سەل ھالىلىنىپ، جەبرى - مۇشەققەتتىن قۇتۇلغاندەك بولدى. چولپان ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ناھىيە بازىرىدىكى داڭلىق قاساپ مۇختار بىلەن قۇدىلىشىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەنۋەرگە ياتلىق قىلدى.

مۇختار قاساپ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق، سەممىي كىشى ئىدى. ئوغلى ئەنۋەر ئەمدىلا ئىككى ياشقا

كىرگەندە ، ئاپىسى يۇرەك كېسىلى بىلەن ئۇشتۇمتۇت قازا قىلدى . مۇختار قاساپ ئايالى بىلەن بەكمۇ مېھرىبان ئەر - خوتۇنلاردىن ئىدى . ئايالى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ، قولۇم - قوشنىلىرى ئۆيلەپ قويۇشماقچى بولدى ، ئەمما مۇختار قاساپ بالىنىڭ ئاپىسىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى . يەنە بىر جەھەتتىن : «ئۆيلەنسەم ئەنۋەرنى سەت كۆرىدۇ ، ئۇ چاغدا ئاپىسىنىڭ روھى قورۇنىدۇ» دەپ ئويلىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۆيلىنىشنى رەت قىلىپ ، بالا باقتى . ئوغلى ئون بەش ياشقا تولغاندىن باشلاپ قاساپلىقنى ئۆگىتىپ ، ئاتا - بالا ئىككىسى ئىككى جايدا دۇكان ئاچتى . ھۇنەردە ئەنۋەر ئاتىسىدىن قېلىشمايدىغان بولدى . ئەمدى بۇلارغا ئاش - غىزاسىنى ئېتىپ ، كىر - قاتلىرىنى يۇغىدەك بىرەر ئايال كىشى بەكمۇ زۆرۈر ئىدى . ئەنۋەرمۇ يىگىرمە ياشقا تولۇپ قالغاچقا ، مۇختار قاساپ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كەلدى . ئەھلى مەھەللىدىكىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شەرىخان بىلەن قۇدىلىشىپ قالدى . شەرىخان قۇۋلۇقتا تەڭداشسىز بولۇپ ، ھىيلە - مىكىردە كامىل ئىدى . قىزى چولپان تېخى ياش بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ خىسلەتلىرى مەۋجۇت ئىدى . شەرىخان قىزى چولپاننى ئەنۋەرگە بېرىشتە مۇختار قاساپنىڭ پۇلىنى نەزەردە تۇتۇپ : «مۇختار قاساپتا پۇل دېگەن تولا ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ، باشقا مىراسخورى يوق ، مۇختار قاساپ باقى ئالەمگە رىھلەت قىلىپ قالسا ، دۇنياسىنىڭ ھەممىسى ئوغلىغا قالىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . شۇڭا ، «ئۇنىڭ بىز بىلەن قۇدىلىششى قىزىمغا كەلگەن ئامەت» دەپ ، تويىنى تېزرەك قىلىۋېتىشكە ئالدىرىدى . قىزىنى تېخىمۇ پاك - ئىپپەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن ، «بۇۋى» خوتۇنلار فورمىسىنى كىيدۈرۈپ ، ئېرى ۋە قېيناتىسىدا ئىشەنچ پەيدا قىلماقچى بولدى . تويدىن كېيىن شەرىخان قىزىغا تەلىم بېرىپ تۇردى . چولپان ئاپىسىنىڭ مەككارلىق تەلىماتلىرىدىن دەرس ئېلىپ ، ئېرىنى «ۋاي ئەنۋەرجان» دەپ پۈتنى يۇيۇپ ، تىرنىقىنى

ئېلىپ، كىيىمىنى كىر قىلماي كۇتۇپ، ھەربىر سۆزىدە مىڭلىغان ناز - خۇلقلىرىنى جىلۋىلەندۇرۇپ يۈرۈپ، چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. مۇختار قاسساپنىڭ گەرچە پۇلى كۆپ بولسىمۇ، ئۆيىدە خوتۇن بولمىغاندىكىن نېمە راھىتى بولسۇن؟ چولپان كېلىن بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، «ۋاي دادا» دەپ يۈرۈپ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ، كىيىمىنى كىر قىلماي، ئاش - غىزاسىنى ۋاقتىدا ئېتىپ بېرىپ يۈرۈپ، كۆزىگە ئوبدان كۆرۈنۈپ قالدى. ياش تۇرۇپ بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلماي يۈرگىنىگە ئاتا - بالا ھەر ئىككىسى خۇشال ئىدى. چولپان ئۇچۇن بولسا، بەش ۋاخ ناماز ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنى ياپىدىغان پەردە ياكى ئۆزىنى قوغدايدىغان قالقان ئىدى. ناماز ئۇنى بۇ ئائىلىدە نەگە بارسا، نەدە تۇرسا گۇمان پەيدا قىلمايدىغان ئىمتىيازغا ئىگە قىلدى. مەيلى قېيناتىسى مۇختار قاسساپقا بولسۇن ياكى ئېرى ئەنۋەر قاسساپقا بولسۇن، چولپاننىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ باقمىدى. بۇنىڭغا مۇختار قاسساپ خۇشال بولۇپ، كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتلەر ئېلىپ بېرىپ، رەھمىتىنى بىلدۈرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئائىلە ھوقۇقى چولپاننىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەن دەرىجىسىگە يەتتى. بۇ چولپان ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت ئىدى. ئۇ ھە دەپ ئۆز يېپىنى چىڭداشقا كىرىشتى. قولغا ئىلماشقانلىكى نەرسىنى ئاپىسىنىڭكىگە ماڭدۇراتتى. ئاپىسىنىڭ ئالغانسېرى ئالغۇسى كېلەتتى. مۇختار قاسساپ گاھىدا سەزگەندەك قىلسىمۇ، ئېشىكنى ئەتتىم، كىرىكنى يۇدۇم دەپ چىرايى تۇتۇلۇپ قالمىغىنىغا خۇش بولۇپ، سەزگىنىنى بىلىندۇرمىدى.

مۇشۇنداق نەچچە يىللار ئۆتتى. بىر كۈنى جامائەت بىر مەرىكىدە ئولتۇرۇپ، مۇختار قاسساپ توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدى.

— مۇختار قاسساپنىڭمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بۇ ئادەمنىڭ ھازىرغۇ تېنى ساغلام، ھېچ ئىشتىن غېمى يوق يۈرۈيدۇ.

كېيىن ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ قالسا، ئوغلى ياكى كېلىنى قارىيالمايدۇ. ئۇ چاغدا قانداق قىلىدۇ؟ — دېيىشىپ، يېقىن قوشنىسى ساۋۇر مەزىنگە:

— ئۆزلىرى يېقىن بولغاندىكىن، ئۇستام بىلەن سۆزلىشىپ باقسىلا، — دەپ تاپشۇردى. مۇشۇ كۈنلەردە مۇختار قاسساپمۇ ئوغلىنىڭ خوتۇنى بىلەن قاملىشىپ قالغىنىغا خۇشال بولۇپ: «ئەنۋەرمۇ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقلۇقىدا ئۆيىنى تۇتۇۋالسۇن، ھېلىغۇ مەن بار، ھېچنېمىدىن غېمى يوق، مەن بولمىسامچۇ؟ ئۇ چاغدا ئەجىر قىلماي ئېرىشكەن پۇلنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ھازىرقىدەك خەجلەۋەرسە تاغمۇ توشمايدۇ. ئۇمۇ ئۆي تۇتۇشنى، ياشاشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىۋالسۇن. ئەمدى مەنمۇ كېيىنلىكىمنى ئويلىمىسام بولماس» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆيلىنىش خىيالىغا كېلىپ قالغانىدى. جامائەتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ساۋۇر مەزىننىڭ كېلىشى مۇختار قاسساپ ئېغىزدىن چىقىرالماي يۈرگەندە ئوبدانلا خوپ كەلدى ـ دە، ئەنۋەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماقچى بولۇشتى. ئەنۋەرمۇ ئاز ـ تولا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە يىگىت ئىدى. جامائەتنىڭ دېگەنلىرىنى خوپ كۆرۈپ قوللىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇختارنى شۇ مەھەللىلىك يوقسۇزلۇق دەردىنى كۆپ تارتقان، ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، تۇرمۇش لەززىتىنى كۆرمىگەن دىلنار ئىسىملىك يىگىرمە بەش ياش ئەتراپىدىكى چىرايلىق بىر چوكانغا ئۆيلەپ قويۇشتى.

دىلنار تولىمۇ ئىشچان، سەمىمىي، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئىپپەتلىك چوكان بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا جانلىق ۋە چەبدەس ئىدى. ئۇنىڭ كىچىكىدىن ئەمگەكتە چېنىققان مۇسكۇللىرى مۇستەھكەم يېتىلگەچكە، كۈچ ـ غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. بەزى «ماي بوياق» مىشچان خوتۇنلاردەك، يۈزىنى رەڭگارەڭ بوياپ يۈرمىسىمۇ، ئۇنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش ـ كۆزلىرى، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىكى تەبىئىي گۈزەللىك كىشىنى مەپتۇن قىلىپ تۇراتتى. ئىككى تال ئۆرۈپ قويۇپ بەرگەن سۇمبۇل چاچلىرى

ياخپاق چاچلىقلاردا ھەسەت قوزغايتتى ، ھەر بىر قەدەم تاشلىغاندا يىلاندەك تولغىنىپ ھەر تەرەپكە سىلكىنىشلىرى چاچنى كېسىپ سالۋاي قىلىپ ، غەلىتە كىيىنىپ ، ئۆزىنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن نۇقسان تېپىپ قوش قاپاق بولىمەن دەپ قاپاقلىرىنى كەستۈرۈپ يۈرگەنلەرنى قامچىلاپ ، ئەدەپكە تەشەببۇس قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

دىلنار مۇختار قاسساپنىڭ يېشىنىڭ يېرىمىدا بولغان بىلەن ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى . چۈنكى ، ئۆزىنى بىز ياش دەپ يۈرگەن بىلەن ، ھاراق ـ شارابنى بولۇشىغا ئىچىپ ، كوچا ـ كويلاردا يولسىزلىق قىلىپ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان ، نەسىھەت قىلسا ئاڭلىمايدىغان ، يولدىن چىققان ، تۇتۇرۇقسىز ياشلاردىن ئېرىنى نەچچە ھەسسە ئەلا بىلەتتى . مۇختار قاسساپمۇ دىلنارغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن كۆڭدىن ـ كۆڭگە كۆڭلى ئۆسۈپ ياشىرىۋاتقاندەك ، ئۆزىنى ئەللىك ياشتا ئەمەس ، بەلكى دىلنارنىڭ تەڭتۇشىدەك ھېس قىلاتتى . بۇلارنىڭ ئىناقلىقىنى ھەممىگە ئۈرنەك بولالايدۇ ، دېگۈچىلىكى بار ئىدى . شۇڭا ، مۇختار قاسساپ دىلنارغا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىپ ، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماقچى بولاتتى . دىلنار بولسا ، ئەمگەكچان خەلق ئىچىدىن چىققان بولغاچقا ، ئاددىي يۈرۈشنى ياقتۇراتتى . ئۇ بازاردا نېمە قىممەت بولسا شۇنىڭغا ئېسىلىپ ، تاپقان پۇلىغا كىيىم ئالدۇرۇپ ، ئەرلىرىنىڭ دەردىگە يەتمەيدىغان ؛ ئەرلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى ، قايغۇ ـ ئەندىشىلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ؛ پۇرسەت تېپىپ بەخىرامان ئويناپ يۈرىدىغان ؛ ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ قاش قەلىمى ، ئەينەكلىرىنى ئېلىپ ، قاش ـ كۆز ۋە ھۆسنلىرىگە ھەرخىل رەڭ بېرىدىغان ؛ ئۆي ئىچى بىلەن قىلچە كارى يوق ، كوچىغا يورغىلاپ ، قايسىبىر يىگىت ياكى بىرەر بايۋەچچىنىڭ «سىز چىرايلىقكەنسىز» دېگەن بىرەر ئېغىز ماختاش سۆزلىرىنى تەمە قىلىپ يۈرىدىغان ؛ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن غەلىتە

ياسىنىپ ، چوڭ كوچا بىلەن قاتراپ يۈرۈيدىغان ، ئۆيگە قارىسا ھەپتىدە بىر سۈپۈرگە سالمايدىغان ؛ بىر قېتىم تاماق ئەتسە ، يەنە بىر قېتىم تاماق ئەتكۈچە قازان يۇمايدىغان خوتۇنلارغا ئۆچ ئىدى . ئۇ ئاددىي رەختلەردىن كىيىم كىيىپ ، پات ـ پات يۇيۇپ پاكىز يۈرەتتى . شۇنداقتىمۇ مۇختار قاسساپنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ياندۇرالمىدى . مۇختار قاسساپ ئۆز مۇھەببىتىنى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن دىلنارغا يېڭى ـ يېڭى كىيىملەر ۋە زىبۇزىننەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ئەلدىن كېيىن قويمىدى .

مۇختار قاسساپ بىلەن دىلنارنىڭ مۇھەببىتى چولپان ئۈچۈن زور ئۈمىدسىزلىك كەلتۈرۈپ ، ھەسەت پەيدا قىلدى . چۈنكى ، مۇختار قاسساپ ئۆيلەنگەندىن كېيىن تەنھالىق موھتاجلىقىدىن خالاس بولغانىدى . دىلنار ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ، ئەتىۋارلاپ كۈتتى . مۇختار قاسساپ كېلىنى چولپاننىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى ، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ رازى ئىدى ، ئەمما خوتۇن ئالغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى ئاۋارە قىلسا بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە . شۇ سەۋەبلەر بىلەن ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئۆيلىرى ئايرىم بولدى ، ھەرقايىسىسى ئۆز دەردىگە يىغلاشقا توغرا كەلدى . مۇختار قاسساپمۇ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ ، تەنھا چاغلىرىدىكىدەك چولپاننىڭ قاپىقىغا قاراپ ، ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ بېرىپ خۇشامەت قىلىپ يۈرمىدى . ئەنۋەرنىڭمۇ تىجارىتى ئوبدان يۈرۈشكەن ، ئۆز ئالدىغا كىرىمى يامان ئەمەس بولغاچقا ، مۇختارنىڭ ئەمدى يەنىلا كېلىنىگە پۇل بېرىمەن ، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىمەن دېيىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . چولپان بولسا ، قېيىناتىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك تاپقان پۇلىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ھەممىنىڭ ئىگىسى قىلىپ قويمىغانلىقىنى دىلناردىن كۆرۈپ ، قېيىناتام خوتۇن ئالمىغان بولسا ، دىلنارنىڭ كىيگەن ، سالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولاتتى ، دەپ ، مۇختار قاسساپقا ئۆچمەنلىكى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى . ئاخىر قېيىناتىسىنى يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ ، كۆڭلىدە قېيىناتىسىنى : «خەپ ئوغرى ، چىرايلىق

خوتۇنۇڭدىن ئايرىۋەتمەيدىغان بولسام، ئۇ چاغدا قېنى يىراقتىن قاپىقىمغا قاراپ، ئەركىلەپ كەلمىگىنىڭنى كۆرەي. دىلنارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ خەجلەيدىغانلىرىنى ئۆزۈم خەجلىمەيدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي» دەپ ئەھدى قىلدى. بىر تۇرۇپ: «قەسەمنىمغۇ قىلدىم، ئەمما ئۇلار خۇددى پەرھاد بىلەن شىرىندەك تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئايرىغىلى بولسۇن؟» دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ، يۈرەك قاتلىمىدا گويا ۋولقاندەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ھەسەت ئوتىنىڭ ئازابىدىن چىداپ تۇرغۇچىلىكى قالمىدى. خىلمۇخىل تەدبىرلەرنى ئويلاپ بېقىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئاپىسى شەرىخان چىقىپ كەلدى. ئۇ قىزىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا:

— ۋاي قىزىم نېمە بولدۇڭ؟ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، تۇگىشىپلا كېتىپسەنغۇ؟ نەچچە كۈن ئۇيقۇسىز قالغان كىشىدەك روھىڭ سۇنۇپ، سولىشىپلا كېتىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راست دەيسەن ئاپا، — دېدى چولپان ئاپىسىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، — نەچچە كۈنلەر بولدى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، دەردىمنى ئېيتسام گېپىم تۈگىمەيدۇ. ئىچىم ئېچىشىپ زەھەر يەۋالغاندەك يۈرۈيمەن. بۈگۈن سېنى ئىزدەپ بارماقچى ئىدىم، كەلگىنىڭ بەك ياخشى بوپتۇ. قېنى ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى.

شەرىخان بولسا، قىزى چولپاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەزەلدىن غەمسىز ۋە موھتاجسىز، سۈدىكى بېلىقتەك ئويناپ، يايراپ يۈرگەن قىزىنىڭ بۈگۈن قانداق بولۇپ غەم دامىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، زادى نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تېزرەك بىلگۈسى كېلىپ، تەقەززالانماقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇ باشلىغان ئۆيگىمۇ كىرمەي، پېشايۋان ئاستىدىكى كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى ۋە ناھايىتى ئەنسىرىگەن ھالدا:

— قانداق پېشكەللىك يۈز بەردى، ئېرىڭ ئۇردىمۇ ياكى باشقا ئىش بولدىمۇ؟ دېگىنە، بىر ئاڭلاپ باقاي، — دەپ، قىزىنىڭ

كۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى . چولپاننىڭ بولسا ، ئاپىسىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدە ھەسەت ياشلىرى لىغىلدىدى ، ئۇ ھازىرلا ، ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى . ئۇ :

— نېمە ئىش بولاتتى ، ئۆيگە بىر شۇمبۇيا ئۇندى . تېخىچە بىلمىدىڭىزما ؟ ھەربىر كۆرۈشكەندە تۇتاملاپ ـ تۇتاملاپ سىزگە تۇتقۇزۇپ قويىدىغان پۇللار نەگە كەتتى ؟ ماڭا ئاتاپ بانكىدا قويۇق دېگەن پۇللارچۇ ؟ سىزگە توشۇيدىغان ياغ ، گۆش ، كىيىم ـ كېچەك ، بىر كۇنلەردە لازىم بولار دەپ ئاپىرىپ بېرىدىغان ئالتۇن بېزەكلەر قېنى ، ھەممىسى تۈگىدى . نەگە كەتتى دېمەمسىز ؟ دىلنارنىڭ قولىغا چۇشۇپ كەتتى . مۇختار باي خوتۇن ئالغاندىن بېرى ماڭا ھېچ نەرسە تۇتقۇزمىدى . ئەنۋەرنىڭ تاپقان پۇلى ئۆزىمىزگە ئاران يېتىدۇ . ئۇنى سىزگە ئەۋەتسەم نېمىسى قالىدۇ دەيسىز . بۇنىڭدىنمۇ چوڭ دەرد ـ ئەلەم بولامدۇ ؟ ··· بۇ ئوغرىنى خوتۇندىن ئايرىپ ، يەنە بۇرۇنقىدەك ھالغا كەلتۇرمەيدىغان بولسام ، بىزنىڭ ئاپتاپتا قالغىنىمىز شۇ ، مېنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ، — دەپ ، ئاپىسىغا قارىدى .

— راست دەيسەن قىزىم ، — دېدى شەرىخان ، — سەن دېگەننى مەنمۇ ئالىلقاچان ئويلىغانىدىم . دۇشمەننى كۆزدىن ۋاقتىدا يوقاتقان تۈزۈك . ئۇنداق قىلمىساڭ ، تارتىدىغان دەرد ـ ئەلەملەر تېخى ئالدىڭدا . مۇختار قاسساپنى دىلنارغا بېرىۋېتىشنىڭ ئۆزى بىر خەزىنىنى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىش دېگەنلىكتۇر . بۇ ئىشنى بۇرۇنراق ئويلاشقان بولساڭ بولغىنىكەن . ھېلىمۇ بۇ ئوغرىنى خوتۇندىن ئايرىۋەتسەڭلا ، يالغۇزلۇق يامان نېمە ، ئۇ يەنىلا سېنىڭ چاڭگىلىڭدا ئۆمىلىمەي مۇمكىن ئەمەس .

— ئېغىزدا دېمەكقۇ ئاسان ، بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار شۇنداق ئامراق تۇرسا ، ئۇنى كىمۇ ئايرىيالىسۇن ، ھەسرەت چەككىنىمىز چەككەن دەڭا ، — دېدى چولپان .

— مانىڭ دۆتلۇكىنى كۆرمەمدىغان ؟ — دەپ كۇلۇپ كەتتى شەرىخان ، — بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ، بىردەمچىلىك ئىش بۇ !



بارات موللام دەپ ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇنىڭ سىھىرلىرى شۇنداق كېسىدۇكى، ئۆچنى ئامراق قىلىش، ئامراقنى ئۆچ قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دەمچىلىك ئىش. ھېلىغۇ مۇختار قاسساپنى خوتۇنىدىن ئايرىۋېتىشكەن، ئۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارمۇ قولىدىن كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ دەپ يۈرۈشىچە، ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا بىر رەقىبى چىقىپ قالغانىكەن، كېچىسى زاراتگاھلىقتا بېرىپ قەبرىگە تەتۈر مىنىپ قامچىلاپ ئولتۇرۇپ، «قەھرى» دېگەن ئايەتنى قىرىق بىر مىڭ قېتىم ئوقۇپ، رەقىبىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىش. بۇ ئادەم سېھىر - جادۇنى سۇدەك بىلىدۇ. رەقىبىنى باپلاش ئۈچۈن تۇغ باغلاپ يىغىن كۆرىدۇ، «چۆمگەك» سېلىپ ئوغرى تۇتىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكەن تۇمارلىرىنى كىشىنىڭ بېشىدىن ئۈچ مەرتىۋە ئۆرۈۋەتسە، ئۆرۈلگۈچى ئۆرگۈچىگە ئاشىق - بىقارار بولۇپ، قىرىق كۈنلۈك يەردە بولسىمۇ پىيادە يېتىپ كېلەرمىش. يەنە ئەرلەرنىڭ ئەرلىكىنى، ئاياللارنىڭ پەرجىنى باغلىۋېتەرمىش. بۇنداق ئەرلەر مەڭگۈ كېرەككە كەلمىگۈدەك، پەرجى باغلانغان ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى ئەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولۇپ چىقىلالمىغۇدەك.

ئاپىسىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان چولپان ئاپىسىنىڭ:

— بارات موللامىنىڭ ئايىتى ئەرنىڭ ئەرلىكىنى، ئاياللارنىڭ پەرجىنى باغلاپ ناكا قىلىدىكەن، دېگەن يېرىگە كەلگەندە، كۆڭلىدە: «ئەرنىڭ ئەرلىكى بولسۇن ياكى ئاياللارنىڭ پەرجى بولسۇن، بۇ ئادەمنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرى تۇرسا، ئۇنى باغلىغاندا قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىدىغاندۇ؟» دەپ تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. يەنە بىر ئىش يادىغا يەتتى - دە:

— ئاپا، ئەرنىڭ ئەرلىكىنىغۇ باغلاش ئاسان، ئاياللارنىڭ پەرجىنى قانداق باغلايدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ كۈتمىگەن سوئالنى ئاڭلاپ شەرىخان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ھەي ئەخمەق قىز! ئۇنى يىپ - شوينا بىلەن باغلىمايدۇ. بىر ئايىتى بارمىش، ئۇنى قوغۇشۇنغا ئوقۇپ، بىر تال سېغىزنى

ئۈچ بۇرجەك ئويۇپ ئۇ يەرگە ئەپسۇن ئوقۇلغان قوغۇشۇننى ئېرىتىپ قۇيۇپ ، كونا گۆرنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتكۇدەك ياكى كىرىپ - چىقمىدىغان ئۆيىنىڭ بوسۇغا ئاستىغا كۆمگۈدەك . بۇنىڭ بىلەن ئەر كىشى ئىشلىمەس بولۇپ قالىدىكەن . ئايالىنىڭمۇ يېنىغا بارغانلا ئادەم كېرەكسىز بولۇپ قالغۇدەك ، بۇنى ئالدىنى باغلاش دەيدۇ ، — دېدى - دە ، ھەرئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى . ئاندىن شەرىخان يەنە ئۆز سۆزىگە كېلىپ :

— بىزغۇ بىز ، چوڭ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئۆزىنى سەن ئەمەس «مەن» دەپ يۈرۈيدىغان كادىر خوتۇنلار ، مۇئەللىم ، دوختۇرلارمۇ بارات موللامنىڭ قېشىغا يۈگۈرىدۇ . ئەگەر ئۇ كىتاب ئېچىپ پال سالىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ . ئۇ بولۇپ ئۆتكەن يۇز يىللىق ئىشنى ، كېيىن كېلىدىغان يۈز يىللىق ئالامەتلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەلەيدۇ . بىر قېتىم ئاشنىسى تاشلىۋەتكەن بىر كادىر خوتۇننى باشلاپ بارغانىدىم . ئېرى تۇرۇقلۇق قاسساپ ، كاۋاپچى ، سودىگەر ، ياماقچىغىچە بولۇپ ئاشنىدىن ئالتە - يەتتىنى تۇتۇپ ، بىرىنى بىرىگە ئۇچراشتۇرماي يۈرگەنىكەن ، كېيىن ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ قېلىپ ھەممىسى تاشلىۋېتىپتۇ . بارات موللام بىرلا پال سېلىپ خۇددى كۆرگەندەكلا سۆزلەپ كېتىۋىدى ، ھېلىقى خوتۇن ھەممىنى راست دەپ ئولتۇردى . دوختۇرخانىدىكى چېچىنى سېرىق بوياپ ئۆرۈمەي قويىۋېتىدىغان ، ئاق سېرىق يۈزلۈك ، قاش كۆزلىرى جايىدا ، چىرايلىق ، ئەمما ئېگىكى ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئۇزۇن ، ئات يۈزرەك ، زىلۋا بويلۇق ، داۋاملىق جەمئىيەت ياشلىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان يېزىلىق سىستېرا بارغۇ ، ئۇ بىر كۈنى قېشىمغا كېلىپ ، بارات موللامنىڭكىگە باشلاپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ ، بىر پارچە رەختنى ئالدىمغا قويدى . مەنمۇ «بىكار ماڭمىغاندىكىن بارسام باراي» دېدىم . بىز ئۇ يەرگە باردۇق . ئۆيدە لىق ئادەم بار ئىكەن ، مەن باشلاپ بارغان سىستېرا چوكانغا پال ئېچىپ شۇنداق قاراپلا : «سىز يېزىدا چوڭ بولۇپ ، ئوقۇۋاتقان

چاغلىرىڭىزدىلا بۇزۇلۇپ تاپتىن چىققانىكەنسىز ، ئاتىڭىز ياخشى كىشىكەن ، ئەمما ئاپىڭىز دەللاللىقىڭىزنى قىپتۇ . چوڭ بىر ئەمەلدارغا تۇغقان كېلىدىكەنسىز ، ئۇ سىزنى شەھەرگە يۆتكەپ قويۇپتۇ . دەسلەپكى ئېرىڭىز بىلەن بىرنەچچە كۈن بىرگە تۇرۇپلا ئۆزىڭىزنى «ئەرگە تەگدىمۇ ، تەگدى» قىلىۋاپسىز . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشپەز بولامدۇ ، قاسساپ بولامدۇ ، كىملا كەلسە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ ، ياش بولامدۇ ، قېرى بولامدۇ ، كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇنىڭ چۆنتىكىنى كولاپ پۇل توپلاشقا كىرىشىپسىز . مۇشۇنداق يۈرۈپ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە داۋالانغىلى كەلگەن بىر يۇمشاقباش بوز كۆزگە ئۇچراپ قىلتاققا چۈشۈرۈپ ، داغدۇغىلىق توي قىلىۋاپسىز . تېخى نەچچە كۈن ئۆتمەيلا نەچچىسى قوغلىشىپ كېلىپ ئېرىڭىزنىڭ كانايلىرىدىن بوغۇپ ، مېنىڭ نىكاھىمدىكى خوتۇننى سەن ئېلىۋاپسەن ، دەپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپتۇ . ئۇ يىگىت تولىمۇ گول ، دۆت ئىكەن ، گەپ قىلالماپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پۇل - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ بولۇپ ئاجرىشىپ كېتىپسىز . بۇ ئۆتمۈشلىرىڭىز . بۇنىڭدىن كېيىن ، يەنە بىر ئەرگە تېگىپ ، ئۈچتە توختايسىز ياكى يەتتىدە . ئىلگىرىمۇ ئاشنىڭىزدىن تاياق يەپ نۇرغۇن تۆلەم ئالغانىكەنسىز . قاچان بولمىسۇن ئاپىڭىز بىلەن قوشۇلۇپ كىشىنىڭ قولىدا ئۆلىدىكەنسىز . ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇنىڭ چارىسىنى قىلمىسىڭىز ، بالا - قازا بېشىڭىزدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ» دېۋىدى ، بۇ چوكان ئولتۇرغان يېرىدە يەرگە چۆكۈپلا كەتتى . چىرايلىرى تاتىرىپ ، بىردەمدىلا سەتلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . موللام ئۇنىڭ چىرايىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ ، كۆزىنى ئۈزمەي جىم تۇرغانىدى ، ئاستا ، بىلىنەر - بىلىنمەس ئاۋاز بىلەن «راست» دېدى . ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىپ ، بەزىلەر مازاق نەزىرى بىلەن كۈلۈمسىرىسە ، بەزىلەر تاپتىن چىققان بۇ ياش چوكانغا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتماقتا ئىدى . ھېلىقى چوكان دەسلەپتە خىجىل بولغاندەك تاتىرىپ شۈكلەپ قالغان بولسىمۇ ، تۇرۇپلا ھېچ

ئىش بولمىغانىدەك ھېجىيىپ : «ۋاي موللام؟ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىلى بولامدۇ؟» دەپ ئەركىلىدى . موللام موللا بولغان بىلەن ئەر كىشى ـ دە ، كىم بىلىدۇ ، قېرى بولسىمۇ ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نەپسى باردۇ . « ‹رەدنامەسى› بىلەن قوشۇپ بېسىپ تۇرۇپ ئۈچ كۈنگىچە ئوقۇيمەن ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە كېلگۈلۈكتىن خالاس بولىسىز» دېدى موللام . «ئۇنداق بولسا ، مېنىڭ ئارام ئېلىش كۈنۈم ئىدى . ئىشنى بۈگۈنلا باشلىسىلا ، مەن قالاي» دېگەنىدى ، بۇ چوكانغا ھەممىمىز قارىشىپلا قالدۇق . شۇنداق قىلىپ ، ھەممىمىز بىر ـ بىرلەپ تارقىدۇق . ھېلىقى چوكان قالدى . ئويلىمامسەن ، ئەگەر دېگەنلىرى يالغان بولسا ، ئۇنداق ھاقارەتكە كىم چىدايدۇ دەيسەن . قارىسام ، ئۇ ھازىرمۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا لۈكچەكلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇپ يۈرۈيدۇ . يېقىندا ئۇچرىشىپ قالدىم . ئۇنىڭدىن : «قانداق ، بالا ـ قازا كەتتىمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم ، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ : «ۋاي ئانا ! ••• كەتمەيدىغان نېمىسى بار دەيلا؟ ئادەملەر تارقىغاندىن كېيىن ‹رەدنامە ئوقۇيمەن ، ئوچاققا ئوت قالاڭ› دېدى ، ‹ماقۇل› دېدىم . ‹سۇ ئىسسىتىڭ› دېدى ، ‹ماقۇل› دېدىم . ‹كىيىمنى سېلىپ غۇسلى قىلىڭ› دېدى ، دېگەنىدەك قىلدىم . ئاندىن كېيىن ئۆزىمۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ چاپلىشىۋالدى شۇ . ئۈچ كۈنگىچە شۇنداق ئۆتتۇق . ‹ئەمدى ۋاقتىم توشتى ، كەتمىسەم بولماس› دەپ ئىجازەت سورىغانىدىم ، رۇخسەت قىلدى . كېتىدىغان چاغدا ئۇنىڭدىن : ‹بالا ـ قازا كەتتىمۇ؟› دەپ سورىغانىدىم ، ‹كەتتى› دەپ جاۋاب بەردى . يەنە : ‹ماڭا قايسى ئەپسۇننى ئوقۇدىلا؟› دەپ سورىغانىدىم . كۈلۈپ كېتىپ ، ‹[ئىلمى تەريابۇد] نىڭ تۆتىنچى دەرسىنى بەجا كەلتۈردۈم . كىشىگە دېگۈچى بولماڭ ، بولمىسا ئايەت كۈچىنى يوقىتىدۇ› دېدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئىشىمنى قىلىپ يۈرىۋەردىم . بىرەر ھادىسىمۇ يۈز بەرمىدى .» دېدى . «رەدنامىنى قانداق ئوقۇيدىكەن؟» دەپ سورىسام : «سىلى شۇنچە ياشقىچە كۆرمىگەنمۇ؟ قانداق ئوقۇيتتى ، پەردىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ

بېشىنى پۇركەپ تۇرۇپ ، ئاياغ تەرىپــــدىن ئوقۇيدىكەن» دەپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى . كۆڭلۈمدە ئىشەنگۈم كەلمەي «توۋا» دەپ قالدىم . ياق ، دېمىسىمۇ بارات موللام ئەپسۇننى ھۇدۇدىغا يەتكۈزۈۋالغانمىش . شۇڭا ، ئۇ نېمىنــــى دېگەن بولسا ، شۇنداق بولىدۇ . سەن بۇگۈنلا ئىشنى كېچىكتۈرمەي بارات موللامنىــڭ قېشىغا بارغىن . ھارۋىكەشتىن بىرنى تېپىپ «ئورماندىكى بارات موللامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن» دېسەڭ ، ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق ، ئۇدۇللا باشلاپ بارىدۇ . لېكىن ، نەزىرى چوڭراق كىشى ، پۇلنى جىقراق ئېلىشىلىشنى ئۇنتۇما ، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى .

چولپان ئاپىسىدىن بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ ، بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشىنەلمەي ، ئاخىر بارات موللامنى ئىزدەپ بېرىش قارارىغا كەلدى . لېكىن كۆڭلى يەنىلا غەش ئىدى . ئۇنى بىرلا سوئال ، يەنى موللامنىڭ قولىدىن راستتىنلا شۇنداق ئىش كېلەمدىغاندۇ ؟ دېگەن خىياللا ئىككىلەندۈرۈۋاتاتتى . ئاخىر موللىنىڭ قېشىغا بېرىش قارارىغا كېلىپ ، ئاپىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپلا ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ چىقتى . قولۇم ـ قوشنىلىرىنىــــڭ ئىشىكىگە قارىغانىدى ، بىر كۈچۈكنى قوغلاپ يۈرگەن بىرنەچچە ئۇششاق بالىلاردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمىدى . «ئىلاھىم بىر كىم كۆرۈپ قالمىغيدى» دەپ ، قارا كۆزەينەك تاقاپ ، ماسكا بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى تېڭىپ ، قارا پەرەنجىگە پۇركۈنۈپ چوڭ كوچىغا بېرىپ ھارۋا كۈتۈپ تۇرغاندا ، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، تونۇش ـ بىلىشلەر كېلىپ قالغۇچە ئابدۇللا ئالىجەدىنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى . ھارۋىغا چىققاندىن كېيىــنمۇ ئۇنىـــڭ شەھەر رايوندىن چىقىپ بولغۇچە ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرغانلىقىنىــــڭ سەۋەبلىرى شۇ ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، چولپان ئابدۇللانىڭ باشتىــن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق ھېكايىلىرىغا مەپتۇن بولۇپ ، ئۆزىنىـــڭ دەككە ـ دۈككىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى . ئۇ گاھىدا ئۇن ـ تىنسىز تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ئابدۇللاغا ئىچ ئاغرىتاتتى ، گاھىدا ئۇنىڭ ھېكايىسىنى

ئاڭلاپ، ئاربلاپ تەسەللى بېرەتتى. مۇشۇنداق يۈرۈپ بۇلار ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى، قەيەرگە كەلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ھېكايە قىزغىن داۋاملىشىۋاتاندا، يېزىدا توي قىلىپ، شەھەر ئايلاندۇرغىلى قىز بىلەن يىگىتنى، قولداشلىرىنى ۋە دوستلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان، نەچچە مىڭ يوەنگە يالانغان بىر توپ پىكاپلارنىڭ «پوش - پوش» مەنىسىدىكى سىگناللىرى، چوڭ «شەرق شامىلى» ماركىلىق ماشىنىدا چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇناي ساداسى ۋە پۇلسىز هاراقنى تويغۇچە ئىچىپ، كوزۇپىنىڭ ئىچىدە ئالدى - كەينىگە دەلدەڭشىپ، ئوغلىقىدىن ئايرىلغان ئۆچكىدەك جېنىنىڭ بارىچە «مەرەۋاتقان» ياش باللارنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازلىرى ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزۈۋەتتى. توي كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك، ئەرەنچە، ئايالچە موتسىكلىت، كارىۋات، گىلەم، ھەتتا يىگىتنىڭ يېنىغا ئاسىدىغان خەنجەرگىچە بېسىلغان يۈك ماشىنىسى كېتىۋاتاتتى. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ئىشتانسىز قېلىشى بىلەن كارى يوق، قەرز ئېلىپ ھەشەمەت قىلاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزىلەر ئوغۇل تەرەپكە غىلاپلىق خەنجەر قويىدىغان بولىۋالغانىدى، بۇ ئىش يېزىلارغىمۇ تارقاپ، مانا بۇ ماشىنا كوزۇپىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىر كالتەكنى تېڭىپ، ئۇنىڭغا غىلاپلىق بىر خەنجەرنى ئېسىپ قويغانىدى.

ماشىنىلار ئۆتۈپ بولغۇچە ھارۋا بىر چەتتە تۇرۇپ تۇردى. يۈك باسقان ماشىنا ئۆتكەندە، قىز تەرەپ قويغان سوۋغىلاردىن ھەيران قالغان چولپان:

— پاھ! نېمىدېگەن كۆپ، قانداق نەرسىلەردۇ بۇ؟ — دېۋىدى.

— جېدەل، — دېدى ئابدۇللا.

— جېدەل دېدىڭىزما؟

— شۇنداق.

— قىزىق گەپقۇ بۇ؟

— راست قىزىق ، بىر ماشىنا جېدەل دېگەن سۆز . ھازىرغۇ بۇ سوۋغىلارنى قويىشىدۇ . ئەتىسىدىن باشلاپلا ، «بىز ئۇلارغا شۇنچە نەرسىنى قويساق ، بىزگە نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭ باراۋىرىدە قويمايدۇ » دەپ ئۇرۇشىدۇ . ئاندىن قىز بىلەن يىگىت ئاجرىشىدۇ . سوتتا مال ـ مۈلۈك تالىشىپ ئاي ، يىللار سۈرىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن دەۋا ھەققى ، ياللىغۇچى ھەققى ، تاماق پۇلى ، هاراق پۇلى ، كاۋاپ پۇلى دېگەندەك قاقتى ـ سوقتى بىلەن «بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى ، قالغىنىنى رەمبال» دەپ ، تەڭدىن تولا زىيان تارتىپ ، پۇشايمان بىلەن ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرۇشىدۇ . قانداق ؟ بۇ «جېدەل» بولماي نېمە ؟

— شۇنداق ، — دېدى چولپان . ئابدۇللا ئاتنى يەنە ئاسفالت يولغا كىرگۈزۈپ يۈرۈپ كەتتى .



# بەشىنچى باب

# يىراق يەردىن كەلگەن «لايلاي»

ئابدۇللا بىلەن چولپان گەپ بىلەن بولۇپ، قانچىلىك يول يۈرگەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئەمەلىيەتتە، خېلى كۆپ يوللارنى بېسىپ، شەھەر رايونىدىن ئاللىقاچان چىقىپ بولۇپ، يېزا تەۋەلىكىدە كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى مۇنبەت ئېتىزلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، تېرىلغان كېۋەزلەرنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان مايسىلىرى كىشىنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرەتتى. يىراق جايلاردا ئورمىچىلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى، يەنە قانداقتۇر بىر تەرەپتىن لايلايچى قىزنىڭ:

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاراسىدىن ئايرىمىسۇن.
قىز بالا دېگەن ئاجىز نېمە،
ئاناسىدىن ئايرىمىسۇن.

بۈگۈن بازارغا ئوخشايدۇ،
يېتىملەر زار قاقشايدۇ.

يېتىملەردىن سوراپ باقسام ،
ئاتاسى يوقتا ئوخشايدۇ .

قارلىغاچىنىڭ قانىتىدەك ،
قايىدۇ باشىم مېنىڭ .
ئايىغى چىققان بۇلاقتەك ،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ .

گۈلمۇ خوپ ، غۇنچەمۇ خوپ ،
ئاچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ .
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە ،
كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ .

دەپ مۇڭلۇق ئېيتىلۋاتقان «لايلاي» قوشاقلىرى بىرەر دەردمەن قىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزهارلاپ ، يېتىملىك غېرىبلىقىدىن شىكايەت قىلىنۋاتقاندەك قىلاتتى . كېۋەز چېچەكلىرىدىن شېكەر ئېلىپ ھەسەل ئۇچۇن ئەشيا توپلاۋاتقان سانسىزلىغان ھەسەل ھەرىلىرى بىرى كەتسە بىرى كېلىپ ، ئېرىق بويلىرىدا قىڭغىيىپ ياتقان يېمىش جىگدىلىرىنىڭ سايىلىرىدىكى ساندۇقلارغا قاچىلانغان كۆنىگىلىرى بىلەن كېۋەزلىكلەر ئارىلىقىدا كارۋانلاردەك قاتناپ يۈرۈپ ، ئۆز تىللىرى بويىچە لايلاي توۋلاپ توختاۋسىز غۇڭغۇلداپ ، گويا لايلايچى قىزغا جور بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى .
يول بويىدىكى مايماق سۆگەتكە چىقىۋالغان پادىچى بالا چېلىۋاتقان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى . ھەتتا ئېگىزلاردا ئوتلاپ يۈرگەن قوي ـ كالىلارمۇ كۆي ساداسىنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ، ئۇن ـ تىنسىز تىڭشىماقتا ئىدى .
ھارۋا ئاستا كېتىۋاتاتتى ، چولپان بىلەن ھارۋىكەش گەپ ـ

سۆزسىز ، سۈكۈتتە ئىدى . يىراقتىن كەلگەن لايلاي ئاۋازىدىن ئابدۇللانى غېرىبلىق تۇتتى بولغاي ، ئات بىلەنمۇ جىدەللەشمەي مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ، ئاستا غىڭشىپ :

ئارپا — بۇغداي سامانىنى ،
سالقىن ئايرىيدۇ .
بىر تۇغقان قېرىنداشنى ،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ .

ھەركىشىنىڭ دەردى بولسا ،
كۆزلىرىدىن ياش كېلۇر .
بىر خۇشاللىق كەينىدىن ،
بىر كۈنى باشىغا غەم كېلۇر .

ئاتادەك مېھربان قايدا ؟
ئانادەك مېھربان قايدا ؟
باشىغا كۈنلەر چۈشكەندە ،
ئۇلاردەك مېھربان قايدا ؟

دەپ ، لايلايچى قىزغا ئەگىشىپ ، ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى . چولپان ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىنى ۋە يېتىم قالغاندىن كېيىن ئۇششاق باللار ئۇنى گاھىدا «يېتىم ئوغلاق» دەپ تىللىغان چاغلىرىدا ، ئۇن سىلىپ يىغلاپ ئاپىسىغا دادىلىغانلىقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ :

— ئابلاجان ! لايلاي قوشاقلىرىغا ئۇستىكەنسىز . خامانمۇ ھەيدەپ باققانمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئابدۇللا ئۇنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ، بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن ئېغىز ئاچتى :

— ھەيدەپ باققان ، ئاتام دېھقان ئىدى . ئۇ چاغدا كومبايىن

ياكى ئورۇش ماشىنىسى يوق، قوش كالىسى بىلەن خامان تېپەتتۇق. ئاتام دېھقان بولغان بىلەن يېرى يوق دېھقان دەڭا، ئۇ زامانلاردا بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ پۇڭ قالدۇرۇق يېرىدىن باشقا، ھېچنېمىسى يوق ئىدى، كالا دېگەن نېمىش قىلسۇن؟ بىر ـ ئىككى قوي باقسىڭىزمۇ دۆينىڭ ئوت ـ چۆپلىرىدە باقتى، دەپ جەرىمانە يېزىپ، قويلىرىڭىزنى دۆيگە ئېلىۋالاتتى. خامان ۋاقتىدا بىزدەك ئۇششاق باللارنى خامان ھەيدىگىلى قوياتتى. شۇ چاغدا خامان ھەيدەپ يۈرۈپ لايلاي ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم.

— بىلەمسىز، نېمە ئۈچۈن لايلاينى باشقا ۋاقىتتا ئېيتماي، خامان ھەيدىگەندە ئېيتىدۇ؟ — دەپ سورىدى چولپان.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، — دېدى ئابدۇللا، — لايلايمۇ، مۇقاملار قاتارىدىكى بىر خىل مۇڭلۇق كۈي. رىۋايەت قىلىنىشىچە، «ئەللەي» ئېيتقاندا بوۋاقلارنىڭ ئۇستىخانلىرى يۇمشاپ ئۇخلاپ كەتكۈدەك، «لايلاي» ئېيتقاندا، قوش كالىلىرى بىھوش بولۇپ ھارغىنلىقنى سەزمەي، ھەيدىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ماڭغۇدەك. دېمىسىمۇ خامان ھەيدىگەندە لايلاي ئېيتسا، كالا ئۈنچىمۇ يېمەي، ئۇرغاندىنمۇ تېز ماڭىدىكەن. لايلاي ئېيتقاننىڭ يەنە بىر خاسىيىتى بار بولۇپ، لايلاي ئاۋازى ئاڭلانسا، روھ ـ ئەرۋاھلارمۇ خۇشال بولۇپ، «ھەر نېمە بولسا مېنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ يېڭىلىققا چىقىپ ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلۇپتۇ. ئەمدى ئاچ قالمايدىكەن» دەپ تۇپراق بېشىدا تۇرۇپ لايلاي چىققان تەرەپكە قارايمىش. ئاتا ـ ئانىلىرىم غېمىمنى قىلىپ ئالەمدىن كۆزى ئوچۇق كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ ئاتا ـ ئانام بار ۋاقىتتا قەدرىگە يەتمەپتىكەنمەن، گاھىدا سەتلەپتىمەن، گاھىدا قاتتىق تېگىپ كۆڭلىگە ئازار بېرىپتىمەن. تەستە تاپقان پۇللىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، خاتىرجەملىك بەرمەپتىمەن. ئاتا ـ ئانامدىن كېيىن قىلىپ كۈن ـ كۆنلەپ ئاچ قېلىپمۇ يۈردۈم. ھازىر يەنىلا سېرىقتال يۇرسەممۇ، ئېيتقان لايلاينى ئاتام بىلەن ئانامنىڭ روھى ئاڭلىسا، «بالىمىز يېڭىلىققا چىقىپتۇ. ئەمدى ئاچ قالمايدىكەن» دەپ خاتىرجەم بولۇپ، ئوچۇق كەتكەن كۆزى يۇمۇلارمىكىن دەيمەن، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى

داۋاملاشتۇرالمىدى . ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن كۆزلىرىدىن غېرىبلىق ياشلىرىنى تۆكتى .

ئابدۇللانىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ ، چولپاننىڭ يۈرەكلىرى مۇجۇلدى . گويا ئۆزىنىڭمۇ ئاتىسى قەبرىستانلىقتا تۇرۇپ ، «مېنىڭ يالغۇز قىزىمنىڭ ھالى قانداقتۇر ، ئاچ - توق قالغانمىدۇ ياكى يېڭىلىقا چىقالىغانمىدۇ ؟ » دەپ قاراۋاتقاندەك كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، ھېلىلا ئاپىسىمۇ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ ، روھىناتلىرى خوشلاشقىلى كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ يىغلىۋەتتى . بىردەم ئابدۇللاغا تەسەللى بېرىپ ، قولياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتسە ، بىردەم ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ ، ئېسەدىمەكتە ئىدى . ئابدۇللانىڭ ھالى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى .

ئالىجەدە بولسا ، تۇرۇپ - تۇرۇپ بېشىنى ئىككى تەرەپكە تولغاپ ، ئابدۇللاغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ يىغلىرىدىن كۆڭلى ئېزىلىپ «يىغلىما دوستۇم ، سەۋر قىل ، ئەمدى ھۆرۈنلۇق قىلماي ، دەرد - ئەلەملىرىڭگە تەڭ شېرىك بولۇپ ، يوقسۇزلۇقتىن خالاس قىلاي» دەپ قىلغان ئەسكىلىكى ، سالغان جاپالىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى .

بۇلار خېلى ئۇزاققىچە سۈكۈت ئىچىدە ماڭدى ، شۇنداق مېڭىپ بىر چاغ بولغاندا ئابدۇللا :

— ئەنە ، ئورمان كۆرۈندى ، — دەپ چولپانغا كۆرسەتتى . چولپان كۆزەينەكنى شەھەر رايونىدىن چىقىپلا ئېلىۋەتكەنىدى ، كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ناھايىتى ھارغىن ھالدا :

— شۇنداقمۇ ؟ — دەپ قويدى . ئۇنىڭ ئورمانلىقا يېتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى ، پەقەت تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇھسىنىپ قوياتتى .

قامچىنى شۇنداق دېۋەيلەش بىلەن ئات چاپما يورغىسىغا چۈشۈپ ، ئۆزىگە تاياق تەگكۈزمەي يۈرۈپ كەتتى .

# ئالتىنچى باب

# ئورماندىكى داب ئاۋازى

هارۋا شۇنداق مېڭىپ ، يېزا تاشيولىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئېگىز كۆتەمە ئۆستەڭگە ، بېتون بىلەن سېلىنغان دۆڭ كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى .

كۆۋرۈكتىن چۈشكەندە ، تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زەي سۇ ئاستىدا تۇرغان سازلىق بولۇپ ، كىشىنىڭ دىمىغىغا قانداقتۇر بىرخىل يېقىمسىز پۇراق گۇپۇلدەپ تېگىپ تۇراتتى . بۇ ئەتراپتا بىرەر ئادەم ياكى ئوتلاۋاتقان بىرەر چارۋا كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار بۇ يەردىن بىرەر كىلومېتىر ئەتراپىدا يۈرگەندىن كېيىن ئورمانلىققا يېتىپ كەلدى .

تاشيولنىڭ غەربىگە تۇتاش بۇ ئورمانلىقتا سانسىزلىغان دەل ـ دەرەخلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . تەكشى ئۆسكەن سۇۋادانلار ئاسمان پەلەك بوي تارتقان بولۇپ ، مۇشۇ ئەتراپتا ھەممىدىن ئېگىز كۆرۈنەتتى . ئۇلار پالتىنىڭ زەربىلىرى ، ھەرىنىڭ دەھشەتلىرىدىن تېخىچە بىخەۋەر بولغاچقا ، ساغلام يىلتىز تارتىپ ، گويا ۋىسال تاپقان ئاشىقلاردەك بىرى ـ بىرىگە تەشنا ھالدا گاھى قۇچاقلىشىپ ، گاھى شوخلۇق قىلىپ نېرى قېچىپ ، سەرۋى قامەت

مەھبۇبىلەردەك ھەر مىنۇتتا مىڭ ناز بىلەن خۇلق قىلىپ تەۋرىنىپ تۇراتتى .

يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ كەلگەن بوززەڭ كاككۇك شاخقا قونۇپ ، پۇتۇپ قالىغان ئاۋاز بىلەن سايىرا ـ سايىرىمايلا «خىرقىراپ كۇلۇپ» : «ھەي ئەخمەقلەر ! نادانلىقنى قاچان تاشلايسىلەر ! سىلەر كىمنى ئىزدىمەكچى ؟ سېھىرگەرنىمۇ ؟ ئەۋلىيانىمۇ ؟ ... ئۇلار سىلەر ياراتقان ئالدامچىلار ، ئۇلار يوقالمىسا ، سىلەر نادانلىقتا قالىسىلەر . نادانلىق قاچان تۈگىسە ، ئۇلار شۇ چاغدا تۈگەيدۇ . ئۇلار مەۋجۇت بولىدىكەن بوزەك بولۇپ ئۆتىسىلەر ، سىلەر ئالداندىڭلار ! جاھىل بەندىلەر » دەپ مازاق قىلىشقاندەك قىلاتتى .

دەرەخ شاخلىرىغا چاڭگا قۇرۇۋالغان دەستار قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ : «ھەي نادانلار ! ئاچ كۆزلەر ! قاچانغىچە ئۆزۈڭلارنى بىلمەيسىلەر ؟ بىلىڭلاركى ، ئالدامچىلارغا ئىشەنمەڭلار ، ئۇلار سىلەرنى ئەخمەق قىلىپ ، يولۇڭلارنى توسقۇچىلار . سىلەر نادانلىق تۈپەيلىدىن ئارقىدا قالدىڭلار . سىلەرمۇ خۇراپاتلىقتىن ۋاز كېچىپ ، ئەل قاتارىغا ئۆتۈڭلار !» دېگەندەك ، توختاۋسىز سايراشماقتا ئىدى .

قارا قۇشقاچ ، جىگدىچەكلەرمۇ ، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ : «يەنە نەدىن كەلگەن ئەخمەقتۇر بۇ» دەپ مارىشىپ قاراشماقتا ئىدى .

ئات شۇ ماڭغانچە ، ھارۋىلار تولا ماڭغانلىقتىن چاقىنىڭ ئورنى چوڭقۇر كاتاڭ بولۇپ قالغان ، ئاتنىڭ يولى پەسلەپ ، ئورەكچە بولۇپ قالغان توپىلاڭ چىغىر يولغا يېتىپ كەلدى . ئورمان ئارىسىغا سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى بۇ يولغا بىر ھارۋا ئاران سىغاتتى . ئابدۇللا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ چىغىر يولغا بۇرايمەن دەپ ئانچە ئاۋارە بولۇپمۇ كەتمىدى ، ئالىجەدە كۆپ قېتىم كەلگەن توپىلاڭ يولغا ئۆزلۈكىدىن ئەپقىچىپ ، دوكۇلداپ يۈرۈپ كەتتى . ئانچە ماڭمايلا قارشى تەرەپتىن توپا توزىتىپ بىر ئېشەك ھارۋىسى

چىقىپ كەلدى . ھارۋىدا يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ ، تۈك قالمىغان قاشلىرىغا ياپىپىشىل ئوسمارەڭ چەكتۈرۈپ ، ئاقارغان چاچلىرىنى سېرىق بويىۋالغان ، ياش چوكانلاردەك ياغلىق چىگمىگەن ، ئاق كوپتا بىلەن قىزىل يوپكا كىيىۋالغان ، قېرىلىقتىن قورۇلۇپ داغ باسقان يۈزلىرىگە ئاپئاق ماي سۇۋاپ ، قاپقارا بويۇنلىرىغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان بىر ئايال تەنلىرىنىڭ ئاغرىقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي «ۋايىيەي ، ۋايجان» دەپ زارلىنىپ ئولتۇراتتى . پات ـ پات يېنىدىكى ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان نەۋرىسىگە :

— ئوغلۇم ئاستا ھەيدە ، بولالماي قالدىم ، — دەپ يالۋۇراتتى . ئېشەك ھارۋىسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئابدۇللا :

— تىنچلىقمۇ ! — دەپ ئەھۋال سورىدى . ھېلىقى خوتۇن ئولتۇرغان ئورنىدىن تەستە مىدىراپ :

— چاتاق يوق ! ھېلىمۇ بۇرۇنقىدەك ! — دەپ ، ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ ، كۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتى . چولپاننىڭ بولسا ، ئۇ خوتۇننى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى ، ئابدۇللادىن :

— بۇ ئايال بىلەن تونۇشامسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— شۇنداق ؟ — دېدى ئابدۇللا .

— كېسەلدەك قىلىدىغۇ ؟ شۇنداقمۇ ؟

— قېرىلىق كېسىلى ، — دېدى ئابدۇللا ، — شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆتكەندە بىر نۆۋەت ئەكەلگەنىدىم ، ئۆزىگە ئەرلەرنى رام قىلىش ئۈچۈن بارات موللىغا «بەختنامە» يازدۇردى تېخى .

چولپان ھەيرانلىقتىن كۈلۈپ كېتىپ :

— خۇدايا تۇۋا ، «ئۆلۈپ يېتىپ ئۆپكە تىلەپتۇ ، چىچىپ يېتىپ كۆرپە» دېگەن شۇ ـ دە . قېرىغاندا كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىپ ، باللىرىنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ ياتماي ئەرنىڭ نېمە ئىشى؟ شۇ ئەپتى بىلەن ئەرنىڭ ھاجىتىدىن قانداق چىقارمەن دېمىگەنىمدۇ ؟ — دەپ كۈلدى . ئابدۇللا :

— ئۇنداق دېمەڭ ، ھەركىمنىڭ كۆڭلى باشقا . بۇرۇنقى زاماندا بىر خوتۇن ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ، يېمەي يېدۈرۈپ ، كىيمەي كىيدۈرۈپ دېگەندەك شۇنداق ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ . يېشى توقسانغا يەتكەندە ، ئۆيىگە بىر مېھمان كەپتۇ ـ دە ، ئوغۇللىرىنىڭ ئاپىسىنى ئەتىۋارلاپ باققانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ ، موماي‌دىن : «ئوغۇللىرى قانداقراق باقتى؟» دەپ سورىغانىكەن ، جاۋاب بېرىپ : «ئوغۇللىرىم بېقىشنىغۇ ئوبدان باقتى . لېكىن ، ئەرگە چىقىرىپ قويايلى دېمىدى» دەپ ئاھ ئۇرغانىمىش . سىزمۇ ئايال كىشى ، قېرىغاندا قانداق بولۇپ كېتىسىز ، كىم بىلىدۇ؟ — دەپ تۇراتتى ، قارشى تەرەپتىن ئون سەككىز ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز بىلەن ياشانغان بىر ئايال چىقىپ كەلدى . چولپان كۆڭلىدە : «بۇلارمۇ ‹بەختنامە› يازدۇرغىلى كەلگەنمىدۇ ياكى مېنىڭدەك دۈشمىنىدىن ئۆچ ئالغىلى كەلگەنمىدۇ؟ نېمىدېگەن قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كېلىۋېرىدىغان ئادەملەر بۇ ، ئەسلى ھۇنەر موللىلىقتىكەن جۇمۇ . تىجارەتتە پۇلنى ئىزدەپ يۈرۈپ تاپسا ، موللىنى پۇل ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ بېيىتىۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ياق ، بۇنىڭدا بىر سىر باردەك قىلىدۇ . ئۇنداق بولسا بىزنىڭ كوچىدىكى چورۇق موللا نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل ، ئۇنى بىركىم ئىزدىمەيدۇ؟ ئۇ ‹دۇئا› ، ئوقۇمايدۇ ، ‹سېھىر ـ جادۇ› قىلىشنى بىلمەيدۇ . بارات موللامچۇ؟… تۈرلۈك ئەپسۇنلارنى بىلىدىكەن . سېھرى بىلەن جانلىقنى جانسىز ، جانسىزنى جانلىق قىلىۋېتىدىكەن . بۇ بىر مۆجىزە ـ دە ، ئەۋلىيا دېسىمۇ بولغۇدەك . سېھرىسى كەسمىسە كىشىلەر كېلەمتى؟ ھەرگىز كەلمەيدۇ . نېمە كەتسە كەتسۇنكى ، بارات موللامنى ئوبدان رازى قىلىپ ، مۇختار بىلەن دىلنارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ۋەيران قىلىۋېتىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى .

ھارۋا كاتاڭلىق يولدا بىردەم بىر چاقى كۆتۈرۈلۈپ ، بىردەم بىر چاقى چوڭقۇر كاتاڭغا قاپلىشىپ دېگەندەك ، گاھى ئوڭغا ، گاھى سولغا قىڭغىيىپ ، غىچىرلاپ كېتىۋاتاتتى . ئات ھېرىپ

هالىدىن كەتكەن بولۇپ ، پۈشۈلداپ قۇلاقلىرىنى بىردەم تىك قىلىپ ، بىردەم سالپايتىپ ئىككى يانغا تولغىنىپ تۇرۇۋالغۇسى كېلەتتى . پات ـ پات «چۇ» دەپ توۋلىغان ئاۋاز بىلەن قارسىلداپ تېگىۋاتقان قامچا ئۇنىڭ رايىغا يول قويمايتتى . يېگەن بوغۇزنىڭ تايىنى يوق ئەتىگەندىن كەچكىچە كىرا ئىزدەپ ، كوچىمۇ كوچا قاتراپ يۈرۈپ ئورۇقلاپ كەتكەن بىچارە ئاتقا بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ يول ئېغىر كەلگەندى . بىر چاغدا ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدىن داپنىڭ ئاۋازى كەلدى ، ئابدۇللا چولپانغا قاراپ :

— تىڭشاڭ ، — دېدى . چولپان دىققەت بىلەن تىڭشاپ تۇرۇپ :

— داپنىڭ ئاۋازىغۇ ، نەدە چېلىنىۋاتىدىغاندۇ ؟ — دېدى بىر ئاز قورقۇمسىراپ ، تېنى سىرقىرىغان ھالدا .

— بارات موللامنىڭ ئۆيىدە ، — دېدى ئابدۇللا ، — ئۇ «يىغىن» يىغقىلى تۇرۇپتۇ .

چولپان ئابدۇللانىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىپ ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى .

— «يىغىن» دېگەن نېمە ؟

— مەكىلات .

— مەكىلات دېگەنچۇ ؟

— جىن ـ ئالۋاستىلار .

— ئۇنى قانداق يىغقىلى بولىدىغاندۇ ؟

— داپنىڭ ئاۋازى چىقسا ئۇلارنىڭ دىققىتى قوزغالغۇدەك ، «چىلكاپ» نى ئوقۇغاندا ، جىنلارنىڭ مۇئەككەل پەرىشتىلىرى ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ داپ چېلىنغان يەرگە ھەيدەپ كېلەرمىش .

— «چىلكاپ» دېگەن نېمە ئۇ ؟

— نېمە بولاتتى ، ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ «كاف» ھەرپى بىلەن يازغان قەسىدىسى دەيدىكەنغۇ ، مەنمۇ كىشىلەردىن ئاڭلىغان .

— مەكىلاتنى موللام كۆرەمدۇ ؟

— كىشىلەر بارات موللام جىننى كۆرىدۇ ، دەيدىكەن . ئۇ

كۆرگەن بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلارغا كۆرۈنمەيمىش .

— جىن بىزگە ئوخشامدۇ؟

— مەن كۆرۈپ باقمىغان . ئاڭلىشىمچە ، جىن دېگەن پاخپاقباش ئايال شەكلىدە ، قوي ـ ئۆچكە سۈرىتىدە ، ئوغلاق سۈرىتىدە ، يىلان ـ چايان سۈرىتىدە كۆرۈنگۈدەك . جىنىنىڭ ئارقا تەرىپى كۆڭتەي ، تىرناقلىرى ئۇزۇن بولىمىش . جىنلار داۋاملىق ئادەملەرگە ئەگىشىپ يۈرگۈدەك ، ئاخشىمى ماڭىسىڭىز ، كەينىڭىزدە بىر نەرسە شىپىرلىغاندەك قىلامدۇ؟ ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس ، ئەگىشىۋالغان جىنىنىڭ شەپىسىمىش .

چولپان ئابدۇللانىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ ، ئاخىرىغا كەلگەندە قورققاندەك قىلىپ : «راست مېنىڭمۇ ئارقامدا بىر كىم ماڭغاندەك ئاۋاز كېلەتتى ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتى ، يول بويىدىكى ئەمەنلىكتىن بىر چار يىلان چىقىپ ، بىر تال شاخقا يۆگىشىپ بېشىنى نەيزىدەك تىك قىلىپ ، تىلىنى چىقىرىپ غەزەپ بىلەن هارۋىدىكىلەرگە قارىدى . چولپان شۇنداق چۆچۈپ كەتتىكى ، قورقۇنچىدىن «ۋايجان» دەپ توۋلىۋەتتى ۋە «جىن ! جىن !» دەپ تەكرارلىدى .

— قېنى؟ — دەپ سورىدى ئابدۇللا . چولپان :

— ئەنە ئاۋۇ يەردە ، — دەپ كۆرسەتتى . يىلان بولسا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى . ئابدۇللا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :

— يىلان ئۇ . مەن دەپ بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار . مەنمۇ كىچىك چاغلىرىمدا ئاڭلىغانلىرىمنى شۇنداقلا دەپ قويدۇم . ھەر قانداق ئورماندا يىلان بولىدۇ ، ئۇنىڭغىمۇ جان تاتلىق . سىز چېقىلمىسىڭىز ئۇمۇ چېقىلمايدۇ ، — دەپ بەزلەپ قويدى . شۇنداقتىمۇ داپنىڭ ئاۋازى يېقىنلاشقانسېرى چولپانغا پۈتۈن ئورماننى جىن قاپلىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ ، ۋەھىمە ئىچىدە قالغانىدى . شۇنداق تۇرغاندا قويۇق ئورمان ئاستىدىكى چىغلىقتىن پۈركىۋالغان چاتقال ئارىسىدىن بىر توشقان چىقىپ ئىككى سەكرەپلا غايىب بولدى . چولپان ئابدۇللاغا :

— توشقان !••• — دەپ ، توشقان كەتكەن تەرەپكە قارىدى . ئابدۇللا قارىۋىدى ، توشقاننىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى .

— قورقۇپ قاپسىز ، «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دەپ ، يىلاندىن قورقۇپ كېتىپ ، سەكرەپ يۈرگەن چېكەتكىنىمۇ توشقان دېگىلى تۇردىڭىزغۇ ئەمدى . ھېلى تۇرۇپ مېنىمۇ جىن دەپ تۇرۇۋالماڭ يەنە ، — دېدى ئابدۇللا .

— ياق ، ئۇنداق دېمەڭ ، — دېدى چولپان ، — يىلاننىڭ كۆزلىرى بەك دەھشەتلىك تۇردۇ . ئۇ ماڭا قەھرى قىلىپ : «ھەي نائىنساب ! سەن قېيناتاڭنىڭ شۇنداق ياخشىلىقىنى كۆرگەن تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا تۇزكورلۇق قىلىپ دۈشمەنلىشىسەن ؟ » دېگەندەكلا قىلىۋاتىدۇ . بۇ بىر بېشارەتمۇ تېخى ، كىم بىلىدۇ .

ئورمانلىقتا بولسا ، ئۇۋۇچىدىن ئۈركۈپ مۆكۈۋالغان قىرغاۋۇل ، توشقانلار تولا ئىدى . ئۇلار قويۇق ئورماندا بىخەتەر ھالدا خالىغانچە سايراپ ، خالىغانچە ئويناپ ـ سەكرەپ يۈرەتتى . چولپانغا بۇ ئورمانلىق جىنلار ماكانىغا ئايلىنىپ ، ھەربىر تۈپ ئورماننىڭ كەينىدە بىردىن جىن ماراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى . پەنني مەكتەپتە ئاران ئىككى ـ ئۈچ يىللا ئوقۇپ چىقىپ كەتكەن بۇ ئايال جىن ـ شاياتۇن دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بەك ئىشىنەتتى . شۇ سەۋەبتىن ، ئاڭلىغان ئەپسانىلەرنى «راست» دەپ بىلىپ ، ۋەھىمە يېمەكتە ئىدى . بۇلار مەنزىلگە يېتىپ ، بارات موللامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېقىن كېلىشى بىلەن شىددەت بىلەن ئۇرۇلىۋاتقان داپنىڭ ساداسى توختاپ قالدى . سېھىرخاننىڭ كىچىككىنە قورۇسىدا ئىككى ھارۋا ، بىر دانە موتسىكلىت تۇراتتى . بۇلار يېقىندىن كەلگەن يەنە بىرقانچە ئادەملەرنىڭ سېھىر قىلدۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .

ئابدۇللانىڭ ئالىجەدىسى بارات موللىنىڭ قورۇسىدا ھارۋىغا قېتىقلىق تۇرغان بايتالنى كۆرۈپلا ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇدى ـ دە ، ئۆرە بولۇپ ، توختىماستىن كىشنەپ چاپچىغىلى تۇردى . ئابدۇللا تىزگىننى تارتىپ ئاران توختىتىپ ، ھارۋىنى تام تۈۋىدىكى جىگدە

ئاچىسىغا باغلاۋاتقاندا ، سېھىرخانىنىڭ بۇرۇنقى زاماندىن قالغان ئۈۋجەكلىك كالاڭ ئىشكى غاچچىدە ئېچىلىپ ، ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياش ئەتراپىدىكى ئورۇق ، كېسەل چىراي هارۋىكەش بالا چىقىپ كەلدى . ئۇمۇ هاجەتمەنلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئېتىغا قاراپ باققىلى چىققىشى ئىدى .

چولپان ئەندىككەن هالدا ھەممە ياققا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ، تامنىڭ ئەتراپى زىچ ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، ئىشىك ئالدىدا كىچىككىنە بوشلۇق تۇراتتى . تامنىڭ ئارقىسىدا قۇڭغۇرغا تىكەنلەر ئۆسۈپ ، ئۆگزىدىن ئېگىزلەپ ، ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى غول چاتقاللىقلارنى توڭگۇز كىرىۋالسىمۇ كۆرگىلى بولماس قىلىپ قويغانىدى . چولپان ئەتراپقا قارىۋىدى ، ئۆزلىرى كەلگەن هارۋا يولىدىن باشقا ، بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىدىغان بىرەر پىيادىلەر يولىمۇ كۆرۈنمىدى . بۇ يەر شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، كېچىسى ئەمەس ، ھەتتا كۈندۈزدىمۇ كىشىنىڭ قورققۇسى كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پېرە دېپىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان ئاۋازلىرى كىشىنى تېخىمۇ هاياجانغا سېلىپ ، تېنىنى شۈركەندۈرەتتى .



# يەتتىنچى باب

## خىلۋەتتىكى سېھىرگەر

ھارۋىكەش يىگىت بىرىپ ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى ، ئارقىدىنلا سېھىرخانىدىن ھاۋانىڭ شۇنداق ئىسسىقلىقىغا قارىماي ، بېشىغا كۆكمەت تۇماق كىيىۋالغان ، ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىپ ، ئۈستىنى چاكان ياغلىقتا باغلىغان ، كەڭرى ماتا تامبال كىيگەن ، قېرىلىقتىن چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ قاشلىرىنىڭ بىرتال قارىسى قالمىغان ، ئوتتۇرا بوي ، ئات يۈزرەك ، ئاق سېرىق ، چاڭگا ساقال بىر بوۋاي كالىچىنى شاقىلدىتىپ چىقىپ كەلدى . بوۋاي قېرى ھەم ئورۇقلۇقىغا باقماي ، گەپ - سۆزلىرى ئەركىن ، مېڭىش - تۇرۇشلىرى يېنىك ئىدى . ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى ۋە تەقى - تۇرقى سەرپۇش تۇماقلىق موللىلارغا ئوخشمايتتى . قىزىق يېرى شۇكى ، بىر تال بامبۇك ھاسىسى بار بولۇپ ، ئۇنى تايانماستىن قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغانىدى . ئۇ كېلىپ ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشكەندە ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ تولۇق ئېلىپ ، قولنىڭ بەش بارمىقىنىڭ سۆڭەكلىك ياكى سۆڭەكسىزلىكىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك چىڭ سىقىپ تۇرۇپ كۆرۈشمەستىن ، «سالامۇئەلەيكۇم»

دەپلا بىر قولىنى سۇندى . بوۋاينىڭ ئۇنداق قىلىشى ئابدۇللانى كۆزگە ئىلمىغانلىقىمۇ ياكى بىلىشى شۇنچىلىكمۇ ، بىلگىلى بولمايتتى . مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، بۇ كىشى ھەققىدە ئازراق بايان قىلىپ ئۆتىمىز .

ئەسلىدە ، ئۇ يىراق سەھرادىكى بىر مالچىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ ، مەكتەپ يۈزى كۆرەلمىگەنىدى . ئۇن بەش ـ ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن كەنتكە كېلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ يۇرتتا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، دېھقانلار ئۆستەڭ چېپىش ھاشىرىغا كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلاتتى ، ھەتتا قىش كۈنلىرىمۇ ئۆيدە ياتالمايتتى . ئۇ راسا قۇرامىغا يەتكەن بىر يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ، دېھقانلار ھوسۇل ئالالمىدى . كۈز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەر ـ ئايال ئەمگەكچىلەرگە ھاشار ۋەزىپىسى چۈشۈپ ، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىراق جايلارغا ماڭدۇرۇلدى . شۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇمۇ بار ئىدى . مۇشۇنداق ئارام ئالماي ئىشلىگىلى بىر ئايدىن ئاشتى . ئۇنىڭ ئاتىسى سەھرادا مال باقاتتى ، ئاپىسى كېسەلچان بولۇپ ، ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلىكى يوق ئىدى . بەزىدە ئۇ كۈن ـ كۈنلەپ ئاچ قېلىپ ، ماغدۇرىدىن كېتەتتى . ئۇ ئاشلىق قىس ، ھەممە ئادەم سىرىقتال يۈرگەن مەزگىللەر ئىدى . بىر كۈنى ئاخشىمى ، ئۇ ئەمگەك ئازابىغا پايلىماي ، خۇرجۇن ـ خالتىنى تاشلاپلا قاچتى . شۇ ماڭغانچە تاڭ ئېتىپ كەتتى . تاڭ يورۇغاندا بىر خىلۋەتنى تېپىپ يوشۇرۇنۇپ ، كەچ بولغاندا يەنە يول يۈردى . شۇنداق قىلىپ ، باشقا بىر يېزىنىڭ دائىرىسىگە يېتىپ باردى . بۇ يېزا ناھىيىگە يىراق يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ يەردىن ئۆتسە ، جاڭگالغا چىقىپ كېتەتتى . ئۇ «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ مېڭىۋەردى . ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى ، چۈنكى ، بۇ يېزىنىڭ ئەرلىرىمۇ ھاشارغا كېتىپ ، ئائىلىلەردە خوتۇن ، باللار قالغانىدى . قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ئاش ۋاقتى بولدى . ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلىدى .



ئاچلىقتىن قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، ئېغىزلىرى قۇرۇشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كېيىنكى ھالىنى مۆلچەرلىمەك قىيىن ئىدى. دەل شۇ چاغدا، قارشى تەرەپتىن سەرپۇش تۇماقلىق، چاشقان بۇرۇت، كۆزلىرىدىن ھىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان، ئېڭەكلىرى كوسا، سېرىق چىراي، ياشانغان بىر كىشى ئۈستىگە يوغان بىر ماتا خۇرجۇن ئارتىلغان چامبۇل ئېشەكنى مىنگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە بىر قارا مىكىيان پۇتىدىن باغلاپ ئېسىلغانىدى. توخۇ بەندىتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پات - پات قانات قېقىپ پالاقلاپ، كاراكلاپ تۇراتتى.

ئېشەكلىك ئادەم يېقىنلاپ كېلىپ كۆردىكى، پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان، توپا چىراي بىر يىگىت كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سولغۇن، ھارغىن قىياپىتىگە قاراپ: «باشقا يۇرتلۇق مۇساپىر بولسا كېرەك» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ھەرنېمە بولسا گەپ سوراپ باقاي، دېگەن يەرگە كەلدى. يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يولىنى توسۇپ ئېشەكنى توختاتتى - دە:

— يىگىت! نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ يەنە سورىدى.

— بارات، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئېغىز ئېچىپ.

ئېشەكلىك ئادەم سوراشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

— يەنە بىر سوراپ باقاي، قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— بىلمەيمەن.

— نەگە بارىسىز؟

— بىلمەيمەن.

— كىمنىڭ ئوغلىسىز؟

— بىلمەيمەن.

— مۇشۇنداق ماڭغىلى قانچە كۈن بولدى؟

— بىلمەيمەن.

بارات ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتى ، ئەگەر يۇرتتىكىلەر ئۇنى تونۇۋالىدىغان بولسا ، كۇرەشكە تارتتۇق ، دەپ ئۇرۇپ ، دۇمبالاشتىن يانمايتتى . شۇڭا ئۇ ھەممىنى بىلمەس بولىۋالدى . شۇئان ئىشەكلىك كىشى ئىشەكتىن چۈشۈپ ، بارات بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن ئۇ باراتقا دېدى :

— سىزگە مۇبارەك بولسۇن ، خۇدايىم بېرىپتۇ ، يەنى «جىن ئەپقېچىپتۇ . سىز ئۆيدىن چىققىلى ئۈچ كۈن بولۇپتۇ . جىن ئەپقاچقانلارنى مەكىلاتلار ئۈچ كۈندە قايتۇرۇپ بىرەر باخشىغا يولۇقتۇرىدۇ . مانا بۈگۈن ماڭا يولۇقتۇردى . بۇ ماڭمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى ، سىز سورىغان سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمەي ياخشى قىلدىڭىز ، ئەگەر مەكىلاتلارغا بەرگەن ئەھدىڭىزنى بۇزۇپ ، مەن گەپ سورىغاندا راستتىنى دەپ قويغان بولسىڭىز ، ساراڭ بولۇپ قالاتتىڭىز ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرگەنلىرىڭىزنى كىشىگە دېمەڭ . ئاز - تولا ئايەت ئۆگەندىڭىزمۇ؟ ئېسىڭىزدە نېمە بار؟

باراتقا بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى يېڭىدىن بىر خىل ئاسان جان باققىلى بولىدىغان يول ئېچىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەلدى . بارات كىچىك چاغلىرىدا ، جىن - ئالۋاستى توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى . ئاپىسى بىر كۈنى : «چۆل - جەزىرە ياكى يالغۇز يەردە ئۇخلاپ قالغان ئادەمنى جىن ئەپقاچقۇدەك . ئۇنى يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ ، داچەن پۇلنىڭ چوڭلۇقىدا بىر تۆشۈكنى كۆرسىتىپ ، ‹بۇنىڭ ئىچىگە كىر !› دېگۈدەك ، ‹قانداق پاتىمەن؟› دېيىشىگە ، قوڭىغا بىر پەشۋا تەپكۈدەك . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قېلىپ ، شۇ يەردە ئوقۇپ ، باخشىلىق ئايەتلىرىنى ئۆگىنىپ چىققۇدەك . ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى ، دەپ قايتىپ چىقسا ، كىشىلەر ‹سەن غايىب بولغىلى ئۈچ كۈن بولدى› دېگۈدەك . كۆرگەنلىرىنى دەپ قويغانلار ساراڭ بولغۇدەك ، ئاغزىنى چىڭ تۇتقانلار جىن باخشىسى بولۇپ ، مەكىلات كۆرگۈدەك» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئۇ شۇلارنى ئەسلىدى - دە ،

باخشىنىڭ دېگەنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى راستتىنلا جىن ئەپقاچتى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ، باخشىنىڭ سوئاللىرىغا:

— مەن جاڭگالدا قوي بېقىپ يۈرگەنىدىم. بىر يەردە ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر سەللىلىك كىشى توغراقنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىگە يېقىن ئاپىرىپ ‹كىر› دېدى. ‹پاتمايمەن› دېيىشىمگە، بىرنى تەپكەنىدى، كىرىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئىچى باشقا بىر دۇنيا ئىكەن. بىر كىشى ماڭا ئايەت ئۆگەتتى. ئاندىن كېيىن: ‹قايتقىن، لېكىن ئۆگەنگەنلىرىڭنى كىشىگە ئېيتقۇچى بولما› دەپ ئەھدى قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىلمەيمەن. ھازىر قارىسام بۇ يەردە تۇرۇپتىمەن. نەدە تۇرغانلىقىمنى بىلمىدىم. قورساقلىرىم ئېچىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

باخشى سوراپ:

— ئەھدى قىلدۇرمىغان ئايەتلەرمۇ بارمۇ؟ — دېدى.

— بار، — ئۇ ئاپىسىدىن ئۆگىنىۋالغان «قۇلھۇۋۇللاھۇ ئەھەد»نى ئوقۇدى.

— يەنە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار — دەپ، «ئەلھەمدۇ»نى ئوقۇپ بېرىۋىدى، باخشى خۇشال بولۇپ:

— بەللى! ئامەت! قالتىس ئامەت! مەكىلاتلارنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى تۇتۇۋالالماي كېلىدىغانلارمۇ بار. مېنىڭ نامىم سالى باخشى بولىدۇ. بىلىشىمچە، ئۈچ كۈندىن بۇيان ئاچ يۈردىڭىز. بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا شاگىرت بولدىڭىز. چۈنكى، مەكىلاتلار سىزنى ئەكېلىپ ماڭا تاپشۇردى. بۈگۈندىن تارتىپ ئۆيگە كىرىپ قىرىق كۈنگىچە خىلۋەتتە ئولتۇرىسىز، كىشىگە كۆرۈنمەيسىز. مەن سىزگە «چىلكاپ»، «دېۋنامە»، «ئېلىپ ـ لام»، «دۇرۇت نجات»، «قۇلڭۇھى»، «نادى ئېلى»، «ئېفىل ئەيسا»، «قەھرىنامە»، «قەسىدە ئابابەكرى»، «قەسىدە ئاھى»، «قەسىدە سۇلايمان»، «قەسىدە جەبرائىل»، «قەسىدە خەرخەر» دىن ئىبارەت ئون ئۈچ ئايەتنى ئۆگىتىمەن. سىز

ئۆگەنگەن ئىككىنى قوشقاندا ئون بەش بولىدۇ. يەنە «ئايتەل كۇرسى»نى ئۆگىنىسىز. «چىلكاپ» بىلەن مەكىلاتلار جەم بولىدۇ، «دىۋنامە» بىلەن چاقىرىپ كېلىمىز، «ئايتەل كۇرسى» بىلەن بويسۇندۇرىمىز. «ئايتەل كۇرسى»نىڭ «ۋەسىئە كۇرسى يۇھۇس ساماۋاتى» دېگەن يېرىگە كەلگەندە، جىنلار بەند بولۇپ، قورقۇپ جالاقلاپ تىترەپ كېتىدۇ. ئاندىن پەرمان قىلىمىز، — دەپ ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنى بىر تالاي سۆزلىدى.

بىر چاغدا ئىسىنى تاپقاندەك — ھە راست، بۇ يەردىن تېز كېتەيلى، — دېدى ـ دە، باراتنى ئۆيگە باشلاپ باردى، داستىخان سېلىپ، پېرە قىلغان جايدىن ئېلىپ كەلگەن پولو، كاكچا، قازان نانلىرىنى ئالدىغا قويدى. باراتنىڭ يول يۇرۇپ ئاچلىقتىن قورساقلىرى ئىچىگە تارتىشىپ، كۆزلىرى پارقىراپ قالغانىدى. باخشىنىڭ خوتۇن ـ باللىرى بىلەن قوشۇلۇپ لېگەن ئەتراپىغا تۆت كىشى ئولاشتى. ئاچلىقتىن جىنى ھەلقۇمىغا كەلگەن بارات خوش ـ خوشنى قويۇپ يەۋەردى. لېگەن قۇرۇقدىلىپ بولغاندىن كېيىن كاكچىدىنمۇ ئىككىنى يەۋەتتى. باخشىنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى ھەيران بولۇشقىنىچە دەممۇدەم باخشىنىڭ كۆزىگە قاراپ قوياتتى. سالى باخشى بولسا، باراتنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئەجەبلەنمىدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن سالى باخشى باراتنى خىلۋەتخانىسىغا باشلاپ، ئۇخلىۋېلىڭ، دەپ چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ سالى باخشى قىرىق كۈنگىچە باراتنى كىشىگە كۆرسەتمىدى. گاھىدا ئۆزىنىڭ بىلگەن ئايەتلىرىنى ئۆگەتتى، گاھىدا داپ چېلىشنى ئۆگىتەتتى. بارات جاڭگالدا مال بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، نوكەش توغراقنى كېسىپ گەردىش قىلىپ، ئۆچكە تېرىسىدە ئۆزى كېرىۋالغان دېپىنى چېلىپ ئويناپ يۇرۇپ، چېلىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. پېرە دېپىنى چېلىشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى. ئەمما، «ئايەت» ئۆگەنگەندە قىينالدى. بولۇپمۇ، «چىلكاپ»قا زادىلا ئاغزى كەلمەي، ئۇنىڭ ئەرەبچە تەلەپپۇزلىرىنى

بۇزۇپ تولىمۇ كۆلكىلىك بىرنېمىلەرنى دەپ تۇرۇۋالاتتى . سالى باخشىنىڭ ئۆزىمۇ ئايەتنى خاتا ئۆگىنىۋالغانىدى ، بارات دېيەلمىگەنچە ، ئاخىر ئىچى پۇشۇپ كېتىپ :

— بىزنىڭ تىلىمىز بولمىغاندىكىن قانداق ئوقۇسىڭىز مەيلى . لېكىن ، پىرىگە گاھىدا «چىلكاپ» بىلىدىغانلارمۇ كىرىپ قالىدۇ . ئۇلارنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن داپنى قىزغىن چېلىپ تۇرۇپ ، ئوقۇمىسىز ئوقۇۋەتسىڭىز ، داپ ئاۋازىدا ئاڭلىيالمايدۇ ، ئاڭلىغاندىمۇ توغرا ـ خاتاسىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ياكى باخشىنىڭ ئوقۇيدىغانلىرى ئۆزگىچە بولسا كېرەك ، دەپ قالىدۇ . مەنمۇ توغرا ئوقۇيالمايمەن ، چۈنكى مېنىڭ ئۇستازىممۇ ئايەتنى چالا ئوقۇيتتى . مەن شاگىرت چاغلىرىمدا بىر كۈنى ئۇستازىم پىرە قىلدى . ئۇ ئەمدىلا تۇغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئەلھەمدۇنى ئوقۇماقچى بولۇپ «بىسمىللا رەمانۇ رەيىم !» دېيىشىگە ، پىرىگە كەلگەنلەر ئارىسىدىن بىرى ۋارقىراپ : «توختاڭلار !» دەپ توختىتىپ قويدى ، «بۇ نېمە ئىشتۇ ؟» دەپ تۇرۇپلا قالدىم . پىرىگە كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇشماقتا ئىدى . ئۇ ئادەم سۆز باشلاپ : «باخشىم ، خاتا بولۇپ قالدى ! ‹بىسمىللا رەمانۇ رەيىم › ئەمەس ، تولۇق ئېلىپ : ‹بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم › دەيمىز . ئايەتنى بۇزۇش ئېغىر گۇناھدۇر » دەپ تېخى سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغۇچە ، ئۇستازىمنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ تاتىرىپ كەتتى . شۇئان ئارىدىن ياشانغانراق بىر كىشى قوپۇپ : «بولدى قىلايلى ئۇكام ! باخشىمغا كاشىلا قىلماڭ . مەن ئانچە ئوقۇمىغان بولسامۇ ، قۇلاق موللىسى ئادەممەن . بۇگۈن زېرىكىپ بۇ تۇغقىنىمىزنىڭ پىرىسىگە كېلىپ قالغان بىلەن داۋاملىق موللا ـ ئالىملار بىلەن ئارىلىشىمەن . بىر كۈنى مەن ھاپىز قارىيھاجىمدىن : ‹ھاجىم ، باخشىنى شەرئەت ئەھكاملىرىنى بۇزغۇچى ، ھېچكىمنىڭ شاگىرتى ئۆزىگە زۇگاھ بولمايدۇ ، ئەمما باخشىنىڭ شاگىرتى ئۆزىگە زۇگاھ بولىدۇ ، دەيدىكەن . شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن باخشىنىڭ پىرىسى كېسەلگە پايدا

قىلىدۇ؟ › دەپ سورىسام، جاۋاب بېرىپ: ‹دېگەنلىرىڭىز راست، سىز دېگەندەك باخشى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بۇزغۇچى. ئۇنىڭ قىلغانلىرى ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ، شۇڭا، موللا - ئالىملار باخشىغا ئۆچ. لېكىن جىن - پەرىلەر مەۋجۇت. باخشىنىڭ تارتقان تۇغى ئۇلۇغ. شۇ سەۋەبتىن، باخشى تۇغنى تارتىپ داپنى چالغاندىن كېيىن، مۇئەككەل پەرىشتىلەر جىنلارنى جەملەپ پېرە بار ئۆيگە ئەكەلگۇدەك. بۇلار كەلسە، باخشى ھەدەپ ئايەتنى بۇزۇپ ئوقۇيدىكەن. ئايەت بۇزۇلغان ئۆيدە سېسىقچىلىق بولۇپ كېتەرمىش. ئايەتنى بۇزۇۋەرگەنسېرى ئۆينىڭ ئىچى سېسىقچىلىق بولۇپ جىن - پەرىلەر ئولتۇرالماي، يۇرۇڭلار كېتەيلى، باخشى دېگەن ئىپلاسنىڭ قېشىدا مۇشۇنداق قارا قورساق نادانلار ئولتۇرمىسا، بىز پايلىشالمىغۇدەكمىز، دەپ چىقىپ كېتەرمىش. شۇ قاتاردا ئادەمزاتقا چاپلىشىۋالغان ئاقساق - چولاق، ئەبگا جىنلارمۇ كەتكۇدەك. شۇنىڭ بىلەن، كېسەل كىشى جىندىن ئايرىلىپ يېنىك بولۇپ، ساقىيىپ قالارمىش. شۇڭا باخشىلار ئايەتنى بۇزۇپ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ئوقۇۋېرىدۇ› دېدى. قېنى كۆپچىلىك دەپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۆيىنى باخشىم سېسىتمىسا جىنلار سەسكەنگۇدەك قىلىپ قايسىڭلار سېسىتالايسىلەر؟!» دېيىشىگە، ئىشىك تۇۋىدە بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ تۇرغان باللاردىن بىرى: «مانا مەن سېسىتىمەن!» دەپ، «تارت!» قىلىپ بىر ئاۋاز چىقاردى - دە، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن «پەرت» قىلىپ قېچىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر يەل بىلەن ھەممە گەپ - سۆز تۈگەپ، پېرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. كېيىنكى ئايەتلەرنى ئۇستازىم شۇنداق ئۇقۇمسىز ئوقۇۋەتتىكى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېچكىم پەرق ئېتەلمىدى. كېيىن ئويلىسام بۇمۇ بىر ھۈنەركەن. ئايەت چالا قالدى، دەپ بىراۋ چاتاقمۇ چىقارمىدى، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

بارات ھاشار بويىدىن قاچقاندىن كېيىن، ھاشارغا مەسئۇل

خادىملار تەرەپ ـ تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ ئىزدىشىپ ، ھېچ يەردىن ئۇچۇرىنى ئالالمىدى . ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن : «بارات بىر كۈنى شەھەرگە بېرىپ ، ئاخشىمى لەمپىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋاتقانىكەن ، ساقچىلار كۆرۈپ قېلىپ ، ‹قارا نوپۇس › دەپ ئۆزگەرتىش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمىدى .

بارات بولسا ، قىرىق كۈندىن كېيىن سالى باخشىغا ئەگىشىپ پېرە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى . پات پۇرسەتتىلا : «سالى باخشىنىڭ شاگىرتى جىن باخشىسىكەن » دېگەن خەۋەر تارقىلىپ ، سالى باخشىنى ئىزدىگۈچىلەر كۆپىيىپ كەتتى .پېرە ئويناتقانلار مانجا قويغاندا سالى باخشىغا بىر كىشىلىك ، باراتقا بىر كىشىلىك قوياتتى . باراتنىڭ نامى «بارات باخشىم » غا ئۆزگەردى . شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، بارات باخشى ئۇستازىدىن دۇئا ئېلىپ ، ئۆز ئالدىغا پېرە قىلىشقا باشلىدى . سالى باخشىدىن «پال سېلىش ، جادۇ تېپىش ، ئوغرى ئالدى قىلىش ، رەدنامەگە سېلىش ، زىياندىشىنى باغلاش ، پېرە قىلىش » قاتارلىقلارنىڭ قائىدە ـ تەدبىرلىرىنى تولۇق ئۆگىنىۋالغانىدى . پات پۇرسەتتىلا ھال ـ كۈنى ياخشىلىنىپ ، يېنىدا پۇل كەم بولمايدىغان ، قوناق غىزاسى يېگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . بۇرۇنقى بىچارە بارات ئەمەس ، ئەمدىلىكتە بارات باخشىم دېسە مەشھۇر بولۇپ ، ئۇنى يىراق ـ يىراق جايلاردىن كېلىپ ئېلىپ كېتىدىغان بولدى . پۇلى كۆپەيگەنسېرى ئەقلىمۇ شۇنچە زىيادە بولۇپ ، ھىيلە ـ مىكىردە ئۇستازىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى . پېرە قىلغان ئۆيدە پېرىنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەر يىغلاڭغۇ بوۋاقلىرىنىڭ زىياندىشىنى باغلاتقۇزاتتى ، ئاياللار كەلگۈسى بەخت ـ پېشانىسىنى بىلىش ئۈچۈن «چىراغ » ياقتۇراتتى . بارات ھەر قايسىسىنىڭ ئەپتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىشنى ئوبدان ئۆگىنىۋالغانىدى . چىرايلىرى قانسىز كۆرۈنسە ، «سىزدە قەست بار ئىكەن » دەيتتى ، ئۇنى ئوبدان تونۇۋېلىپ ئۆتەر يولىرىغا ئاتنىڭ تاقىسى بولامدۇ ، دات باسقان مىخ بولامدۇ ياكى

بىرەر تۆمۈرنىڭ پارچىسى بولامدۇ، ئىشقىلىپ بىرەر نەرسىنى چوڭقۇر كولاپ يوشۇرۇن كۆمۈپ قوياتتى. ھېلىقى كىشىنى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ باراتنى ئاپىرىپ قەست تاپقۇزغاندا، ئۇ داپكەشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇ يەرنى كولاپ، بۇ يەرنى كولاپ، ئاخىرى ھېلىقى ئۆزى كۆمگەن يەرگە ئاپىرىپ قازدۇرۇپ، داتلاشقان تۆمۈر پارچىسىنى تېپىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، نادان خەلقلەر ئىشىنىپ: «قانداق مەلۇم بولدى؟» دەپ سورىسا، بارات: «مەكىلاتلار ئېيتىپ بەردى» دەيتتى. ئېغىر بوي ئاياللار كەلسە، «بالىڭىزنى ‹مىسلىمىيان› يېگىلى تۇرۇپتۇ» دەيتتى. «قانداق پەيدا بولغاندۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، «كۆلگە سىيىپ قويۇپسىز ياكى ئېشەك ئېغىنىغان يەرگە سىيىپسىز. سىز سىيىۋاتقاندا، ئىچىڭىزگە كىرىۋاپتۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇنىڭ ھەممىسىگە «پېرە» بۇيرۇيتتى. بەزىلىرىگە «سىزگە قانداقتۇر بىر باخشى ‹يىغىن› چېچىۋېتىپتۇ» دەيتتى. «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سوراپ قالسا، «ھەرقانداق باخشىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا ياكى باخشىنىڭ سۆزىگە كىرمىسە، باخشى ‹يىغىن› چېچىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا گىرىپتار بولغانلارغا شىپا تېپىلمايدۇ» دەيتتى.

بارات «غايىبنى بىلگۈچى، جىن ـ پەرىلەرنى بەند قىلىپ، ئۇلارغا پەرمان يۈرگۈزگۈچى، سېھىر ـ جادۇنى بىكار قىلىپ، كىشىلەرنى قۇتقازغۇچى» سۈپىتىدە تونۇلۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تەقدىر ئۇنى ئوسال قىلدى. بىر كۈنى قوشنا مەھەللىلىك بىر دېھقان باراتنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس بولۇپ، ئېرىگە ۋاپاسىز، كاززاپ چىقىپ قالغانىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پېرە قىلدۇرماقچى بولۇپ، بۈگۈن باراتنى ئىزدەپ كېلىشى ئىدى. باراتمۇ بۇ دېھقاننى تونۇيتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى نەدىلا پېرە بولسا بېرىپ، دۈرەمگە ئۇسسۇل ئويناپ، داپكەشلەرنى ھارغۇزۇۋېتەتتى. گاھىدا بارات بىلەن بىر جۈپ بولۇپ ئويناپتتى. مۇشۇنداق يۈرۈپ، باراتقىمۇ ئاز ـ تولا قىچىغ ئولىشىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئۇچرىشالماي

كەلگەنىدى . بۈگۈن ئۈنىڭ ئېرىنىڭ ئىزدەپ كېلىشى ، راستىنى ئېيتقاندا ، خوتۇنىنىڭ چاقىرتىشى ئىدى . بارات بۇنى چۈشەندى . دېھقانىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، داپلىرىنى قاچىلاپ دېھقان بىلەن بىرگە ماڭدى . بۇلار بارغاندا ، دېھقانىنىڭ خوتۇنى يولغا قاراپ ، باخشىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى . باخشىنىڭ كېلىشى ئۇنى شېرىن خىياللار بىلەن لەززەتلەندۈرمەكتە ئىدى . چۈنكى ، بۇ ئايالمۇ خېلىدىن بۇيان باخشىغا ئىچپەش تارتىپ يۈرەتتى . بۈگۈن ئۇلارنىڭ كۈتكەن كۈنلىرى كەلدى . شۇئان يەتتە ئۆيدىن يۇرۇچ تىلەپ بىر تال جىگدە شېخىغا ئېسىپ ، تورۇسقا قادىدى . ئىككى تال قىل ئارغامچا كەلتۈرۈپ ئاستىنى قوزۇققا چىگىپ يەرگە قېقىپ ، ئۈستىنى تورۇستىن ئۆتكۈزۈپ ئۆگزىگە تارتىپ ، «تۇغ» قىلدى . داپكەشتىن ئۈچىنى تاپقۇزۇپ كېلىپ بىردىن داپنى تۇتقۇزدى . داپكەشلەر داپلىرىنى ئوتقا قاقلاپ تەڭشەپ بولۇپ ، ئۆگزىگە چىقىپ بىردەم چالغاندى ، ئويۇن - تاماشاغا ھېرىسمەن ئەر - ئاياللار داپنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى . كەلگەنلەر ئۆيگە لىق تولغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى قائىدە بويىچە تەييارلىق قىلىپ پىشۇرۇپ تۇرغان نەزىر ئېشىنى ياغاچ ئاياغ ، ھېجىر قاچىلارغا ئۇسۇپ ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىغا قويدى . كۆپچىلىك قول كۆتۈرۈپ كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، پېرە باشلاندى . تاماشا كۆرگۈچىلەر ئۆيگە لىق تولۇپ ، تۇغ تۈۋىدە ئۈچ داپكەش ، كېسەل ۋە باخشى ئۈچۈن ئازراقلا يەر قالدى . كېسەلنى تۇغ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ تەلىم بېرىپ ، گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ تۇغ چۆرۈلدۈرۈپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى . بىر تۇرۇپ كېسەلنى يېتىشقا ئىشارەت قىلىپ قامچا شىلتەتتى ، بىر تۇرۇپ داپكەشكە ئىشارەت قىلىپ داپنى قاتتىق ئۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى . ئۆزى بولسا ، بىر نېمىلەرنى دەپ «ئايەت» ئوقۇيتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بىر قولىدا زىيانداش باغلايدىغان ئېشىلگەن يىپ ، بىر قولىدا قامچا — ئىككى قولىنى

گاھى تامغا شىلتىپ ، گاھى يەرگە شىلتىپ ، بىر پۇتىدا دەسسەپ يۈرۈپ ، بىر پۇتىنى قول ھەرىكىتى بىلەن داپنىڭ ئۇدارىغا تەڭكەش قىلىپ ، ئالدى ـ كەينىگە چېكىنىپ توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تولغىما ئۇسسۇلنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولاتتى . كېسەلگە شىلتىنگەن قول ـ پۇت ھەرىكەتلىرى بولسا ، كېسەلنى تامغا يۆلىنىپ بەرسەڭمۇ ياكى يېتىپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ ، دېگەننى بىلدۈرەتتى . ئۇنىڭ ئوقۇغان ئايەتلىرىنىڭ نېمىلىكىنى ھېچكىم ئۇقالمىدى . پەقەت ئاغزى مىدىرلاپ ، بىر نېمىدەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى . نۇرغۇن پېرىلەردە داپ چېلىپ قاقباش بولۇپ كەتكەن داپكەشلەر بولسا ، باخشىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپمۇ كەتمەيتتى . بۇلار داپقا ئاغزىنى يېقىن قىلىپ تۇرۇپ ، بولۇشىغا توۋلىماقتا ئىدى .

غەزەل توۋلاش بىردەم داۋاملاشقاندىن كېيىن ، ئايال تۇغ تۈۋىگە موككىدە ئولتۇرۇپ پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپ بەردى . باخشى :

— كېپەك ! — دەپ توۋلىدى . خوتۇننىڭ ئېرى كېپەك تۇگۈلگەن كىچىككىنە پىيالىدەك بىر تۇگۈنچەكنى باخشىغا سۇندى . باخشى ئۇنى ئېلىپ داپنىڭ ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ، ئايالنىڭ ئۇ كۆكسىنى ، بۇ كۆكسىنى ، كىندىكىنى ، ئايىغىنى بېسىپ تەكرارلىماقتا ئىدى . ئايالمۇ ياقتۇرغاندەك قىلىپ باخشىنىڭ كۆزىگە قاراپ جىم ياتاتتى . باخشى قولىدىكى تۇگۈنچەكنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ ئۇنى ئېرىگە تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ ، ئۆزى زىيانداش يېپىنى ئالماپ بىرنى چېگدى ، كىندىك ئۇستى ، ئايىغىغىمۇ شۇنداق قىلدى . ئاندىن ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ، جايناماز ئۇستىگە ئولتۇرغۇزدى ـ دە ، ئۆزى تۇغ تۈۋىگە چۆشۈپ ئىككى قولىنى يېرىم كۆتۈرۈپ قىرىق ـ ئەللىكنى چۆرۈلۈپ چىقىپ :

— قاپاق ! — دەپ توۋلىدى . تەييارلاپ قويغان قاپاق كەلتۈرۈلدى . ئۇنى ئېلىپ يەنە پىرقىراپ ئايلىنىپ كېلىپ ، تامغا كۆچەپ بىر ئۇرۇۋىدى ، «پاڭ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاپاق

چىقىلىپ كۆكۈم بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، چاپلاشقان جىنلار قېچىپ كەتتى دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . كۆپچىلىك «ئامىن !» دېدى . پېرە ئاخىرلىشىپ ، داپنى دۆرەمگە چالدى . پېرنىڭ ئويۇن باسقۇچى باشلىنىپ ، تاماشىچىلار ئۇسسۇل ئويناشتى ، يەنە بىر قىسىم باللار تالاغا چىقىپ ئوتتۇرىغا ئەسكى تۇماقتىن بىرنى تاشلاپ «يەكەم» ئويناشقا چۈشتى . بارات باخشى كېسەلگە دۇئا ئوقۇش ئۇچۇن خالىي ئۆي تەلەپ قىلدى . خوتۇننىڭ ئېرى شۇئان قازناق ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ كىگىز - بىسات سېلىپ باخشىنى باشلىدى ، ئاندىن خوتۇننى يېتىلەپ ئاپىرىپ ، باخشىنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ قويدى . ئۆزى داپكەشلەرگە چاي قۇيۇپ دېگەندەك يۈگۈر - يېتىم ئىشلار بىلەن بولۇپ يۈردى . باخشى بىلەن كېسەلنىڭ قېشىغا كىشى كىرىۋالسا بولمايدۇ ، دەيدىغان ئادەت بار ئىدى . شۇڭا ئۇلارنىڭ قېشىغا ھېچكىم كىرمىدى . بارات بىلەن ھېلىقى خوتۇن بولسا ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى . ئېرى چىقىپ كېتىشىگىلا باچكىسىغا دان بېرىۋاتقان پاختەكتەك ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى سۈركىشىپ ، ئىشقۋازلىقنى باشلىدى . كىشىلەر نەزىرىدىكى «ئۇلۇغ باخشى» دىن ئىبارەت گۆش يېمەس مۇشۇكنىڭ خىلۋەت ئۆيدە بەز يالاۋاتقانلىقىدىن ھېچكىم خەۋەرسىز ئىدى .

پېرە تۈگىگەندە ، تۈن نىسپى بولغانىدى . باخشىغا يان مورىغا يانداپ چىقىرىلغان لىمتاق تۈۋىگە ئورۇن راسلىدى . باخشى : كېسەلنى يېنىمدا ياتقۇزۇڭلار . «قارا» بېسىپ قالسا ، ئويناتقان پېرىمىز بىكار بولىدۇ ، دەپ ، يېنىغا ئورۇن سالدۇردى . باخشى بىلەن خوتۇنغا يالغۇز يېتىش ئەپسىز ئىدى ، شۇڭا ئېرىنىمۇ شۇ ئۆيدە ياتقۇزۇپ ، چەتكە ئورۇن سېلىپ بەردى . ئۆي ئىگىسى بولسا ، ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەنىدى . يېتىپلا نەچچە مىنۇتلاردىن كېيىن خورەككە چۈشتى . باخشى بىلەن خوتۇن بولسا ، يالغاندىن پۇشۇلداپ ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ، ئەرنىڭ خورىكىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . خورەك ئاۋازىنى ئىشىتكەن باخشى ئورنىدىن قوزغىلىپ خوتۇننىڭ

يوتقىنىغا كىردى . خوتۇننىڭ ئېرى بولسا ، راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى ، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىشقىۋازلىق قىلىشىۋاتقان ئىككىسى قىستاپ كېلىپ ئەرنىڭ بېشىنى تەكيىدىن چۇشۇرۇپ ، ئورۇندىن چىقىرىۋەتتى . ئەرنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ ، شۇنداق تىڭشىۋىدى ، باخشىنىڭ ھاسىراشلىرى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئىڭراشلىرى ئاڭلاندى . خوتۇنى بولسا ئېرى تەرەپكە قاراپ يېتىپ ، بىر نېمىلەرنى دەپ يالۋۇرغاندەك قىلاتتى . ئېرىنى كۆكرىكى بىلەن ئىتتىرىپ ، ئۇيەر - بۇ يەرلەرنى قاماللاپ ، بىر ئەر ئاغرىققا پايلىمايۋاتقاندەك قاتتىق - قاتتىق مۇجۇيتتى . بۇنى كۆرۈپ ئېرى ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى - دە ، غەزەپتىن پۈتۈن بەدىنى ئوت ئالدى . ئاستا قولىنى چىقىرىپ بارات باخشى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئارىلىقىغا سېلىپ ، باخشىنىڭ جان يېرىنى چىڭ تۇتىۋالدى . باخشى ئاغرىققا پايلىماي ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالدى . ئەر بىر قولىدا ئايالىنىڭ چېچىدىن تۇتىۋالغانىدى . ئايالىمۇ قاچالمىدى . ئايالغا بۇيرۇپ تەكيە ئاستىدىكى سەرەڭگە بىلەن چىراغنى ياندۇرغۇزدى . بارات باخشى ھوشىدىن كېتەي دېگەنىدى . ئۆي ئىگىسى تۇغ تارتىش ئۇچۇن سېتىۋالغان ئارغامچىدىن بىرىنى ئويۇققا تىقىپ قويغانىدى . ئۇنى ئېلىپ بارات باخشىنى باغلىدى ، ئارقىدىن ئايالىنى باغلىدى . ھەر ئىككىسىنى قىپيالىڭاچ تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ ، ئەتىگەندە مەسچىتكە بامدات نامىزىغا چىقتى . نامازدىن ياندىغان چاغدا ، ئۆيىمىزدە بىر نەزىر بار ئىدى ، دەپ پۈتۈن جامائەتنى ئۆيگە باشلاپ كەلدى . ئۆي ئىچىدە بولسا ، بارات بىلەن پېرە قىلدۇرغان خوتۇن ئاندىن توغما ھالەتتە ئېسىقلىق تۇراتتى . جامائەت مەسلىھەتلىشىپ ئىككىسىنى باغلاقتىن چۇشۇرۇپ ، ساقچىغا ئاپىرىپ بەردى . بارات شۇ كىرگەنچە تەربىيىلەش ئورنىغا ئەۋەتىلدى . ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن ئۇ يېزىغا بارالماي ، ناتونۇش يىراق بىر يېزىغا كەتتى .

## سەككىزىنچى باب

# موللا بىلەن دەللە

بارات تەربىيىلەش ئورنىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، باخشى بىلەن كېسەلنىڭ ھېكايىسى يېزىلارغا تارقىلىپ، ھەممىلا يەرنى كۈلكە قاپلىغانىدى. ئەمما بۇنىڭ بىلەن پېرە ئويىنىتىش توختاپ قالمىدى.

پېرە قىلدۇرغۇچىلار كۆپىنچە ئاياللار بولۇپ، ئۆتمۈشتىكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان زامانلاردا، كىشىلەر بولۇپمۇ ئەر ـ ئاياللار خالىغانچە ئارىلىشىپ يۈرەلمەيتتى. پەقەت پېرە ـ مەشرەپ، ياز كۈنلىرىدىكى ئۈجمە سەيلىلىرىدە بولسا، ئۇچرىشىش پۇرسىتى كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن، زېرىكىپ كەتكەن خوتۇنلار ئەرلىرىنى ئەخمەق قىلىپ، يالغاندىن «قارا باستى» دەپ جىن جاپلاشقان بولۇۋېلىپ يېتىۋېلىشاتتى. خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئۇ زاماندا، نۇرغۇن ئادەم پېرىگە ئىشەنگەچكە، ئەرلىرى باخشى ئىزدەپ، ھەركۈنى پېشىندىن كېيىن تاكى يېرىم كېچىگىچە ئۇدا ئىككى كۈن پېرە ئويناتقۇزۇپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچىنچى كۈنى خوتۇنى ساقىيىپ قالغان بولۇۋالاتتى. بۇنى كۆرۈپ

مەھەللىدىكىلەر ئۆي ـ ئۆيدە خوتۇن ـ قىزلىرىغا پىرە ئوينىتىپ ، مەھەللە خەلقىگە تاماشا قىلدۇرۇپ بېرەتتى . پىرە قىلدۇرغان خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى باخشىنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىپ كېلىپ ، ھەققىگە پۇل تۆلەپ خوتۇن ـ قىزلىرىنى يالغۇز ئۆيگە ئەكىرىپ بەرگەندىكىن ، باخشى نېمىلا قىلسا ، قىلالايتتى . مانا بۇ يامان ئىللەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ ، بارات موللىنىڭ قىلمىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى .

بارات موللا باخشىلىقتىن كۆپ ھالاۋەت تاپقان بولسىمۇ ، ئەمدى رەسۋا بولدى . بۇ يېزىدىن باشقا بىر يېزىغا كۆچۈپ بېرىپ ، ئۇ يەردىن ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ بىر موللىنى تاپتى ، چۈنكى بارات يەنە باخشىلىق قىلىمەن دېسە ، باخشىلىق يۈرت ئاتلاپ قەيەرگە چاقىرسا شۇ يەرگە بېرىپ قىلىدىغان ھۈنەر بولغاچقا ، ھېلىقى ئىشلىرى ئاشكارىلىنىپ شەرمەندە بولۇشتىن قورقۇپ ، باشقىچىرەك بىر ئىش بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى . يېڭى تونۇشقان موللا ئەسلىدە ياغاچچى بولۇپ ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ، خەت يېزىشنى ، كىتاب ئوقۇشنى پۇختا ئۆگەنگەن كىشى ئىدى . پالچىلىق ، سېھىر ـ جادۇ كىتابلىرىغا قىزىقىپ ، بۇ ھەقتىكى كىتابلارنى توپلاپ ، بىر مەزگىل چەتنەك دۇئاسىنى ئوقۇپ يۈردى . ئۇنىڭدىن كېيىن «كەنزىل ھۈسەيىن»نى يادقا ئېلىپ ، «ئىسىستقۇ ـ سوۋۇتقۇ» قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى . «ئەبجەد» ، «مۇرەببە» نى ياخشى بىلەتتى . ھاجەتمەنلەرگە «تۇمار» ، «بەختنامە» يېزىپ بېرەتتى . ئۇ گەپكە ئۇستا ، خەتلىرى چىرايلىق بولۇشتىن باشقا ، «بەلۋاغنى كېسىپ ئۇلاش ، ئەسكى تېرىنى ماڭدۇرۇپ ئۆيگە كىرگۈزۈش ، لىڭگىرچاق سوقۇشتۇرۇش ، ئاغزىدىن ئوت چىقىرىش ، قۇرۇق قاپاقتىن سۇ تۆكۈش» ... قاتارلىق «ماھارەت» لەرنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ، كىشىلەر ئۇنىڭ ساختىلىقىنى بىلمەستىن ، ھەممىنى ئەپسۇننىڭ كارامىتى دەپ بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ئادەمنى ئەۋلىيادەك كۆرەتتى ،

توختى موللام دېسە ، شۇ ئەتراپتا بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى .

بارات ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىپ ، بىر تەرەپتىن ، ياغاچچىلىقنى ئۆگەندى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، دەرس ئېلىپ ئوقۇدى . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بەش يىل تۇردى . مۇشۇ جەرياندا خەت يېزىشنى ، كىتاب ئوقۇشنى ، «ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ» قىلىشنىڭ كۆپ خىل ئەپسۇنلىرىنى ئۆگەندى .

توختى موللا يىلدىن - يىلغا قېرىغانسېرى ، تۇمار يازىدىغان ئىشلارنى بارات قىلىپ بېرىدىغان بولدى . ئەمما ، مانجىسىنى توختى موللا ئالاتتى . باراتنىڭ كۆڭلىگە بارا - بارا جىن كىردى - دە ، «تۇمارنى مەن يازسام ، پۇلنى ئۇستام ئالامدۇ ؟ بەرمەي دېسەم مەن شاگىرت تۇرسام ، بېرەي دېسەم ئۇ مېنىڭ ھەققىم تۇرسا ، ئۇنىڭدىن كۆرە ‹دۇئا ئېلىپ ، كېتەي» دەپ ئويلاپ ، توختى موللىنىڭ خۇشى تۇتۇپ قالغان بىر كۈنى «دۇئا» ئېلىش تەلىپىنى ئېيتتى . توختى موللا ماقۇل كۆرۈپ «دۇئا» بەردى ۋە «ئىلمى نۇجۇم» غا ئائىت «كەنزىل ھۇسەيىن» ، «شەمسۇلمائارىپ» ، «پالنامە» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى ھەدىيە قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى .

بارات شۇ ماڭغانچە شەھەرگە كىرىۋېلىپ ، بىر تۇل خوتۇننىڭ ھويلىسىدا قوشنا ئولتۇردى . بۇ ئايالنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بولۇپ ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق ئىدى . ئۇ ياشلىقىدا بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتكەن بولۇپ ، ئەمدى قېرىغاندا «ئوغرى قېرىسا سوپى بولىدۇ ، جالاپ قېرىسا بۇۋى» دېگەندەك ، قولىدىن تەسۋى چۈشۈرمەيتتى . ئەمما ، تېپىشتۇرۇشنى كەسىپ قىلغان بولۇپ ، دەللاللىق تۇرمۇش مەنبەسى ئىدى . ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەچكە ، ئۆز ھۈنىرىگە شۇنداق ئۇستا ئىدىكى ، قىلغان ئىشلىرىنى ئىنسى - جىنغا تۇيدۇرماي كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ قوياتتى . پىتنە - پاساتتا ئۆز كەسىپداشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيتتى ، ھىيلە - مىكىردە تەڭدىشى يوق بولۇپ ، يالغان گەپتە ئوتنى ئېلىپ سۇغا ، سۇنى ئېلىپ ئوتقا سېلىپ ،

دېڭىزغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچىلىكى بار ئىدى. سۇخەنچىلىكتە بوراندىن تېز بولۇپ، بىراۋنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز سۆز ئاڭلىسا، ئۇنى ئون، ھەتتا يۈز ھەسسە كۆپتۈرۈپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تارقىتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغان ناماز، سېرىگەن تەسۋىلىرىنىڭ راست ياكى يالغانلىقى ھەققىدە بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ھەربىر ئېغىز سۆزىدە ئۆزىنىڭ بەش ۋاخ نامىزى بىلەن قېرىلىقىنى پەش قىلىپ قەسەم قىلىپ تۇراتتى. بارات بۇ دەللە بىلەن ئوبدان چىقىشىۋالدى ھەمدە قولىدىن كېلىدىغان سېھىر - ئەپسۇنلار توغرىسىدا ئىشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەللال باراتنى شۇنداق تەشۋىق قىلىۋەتتىكى، مۇمكىن بولمايدىغان ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىپ، مەۋجۇت بولمىغان مىساللارنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، سۆزلەپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەببەت مەستانىلىرى قۇتراپ، باراتنىڭ ھويلىسىدىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەس دەرىجىگە يەتتى. پات پۇرسەتتىلا نۇرغۇن پۇل تېپىپ، دەللالنىڭ ھال كۈنىنى ياخشىلاپ قويدى. ئەمما بارات موللىنىڭ كارامىتى جامائەتكىمۇ ئاڭلىنىپ، يۇرتنىڭ موللا - ئۆلىمالىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ئەھۋال باراتقا پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، موللا - ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئەپسۇنلارغا ئۆچلىكىنى بىلەتتى. باراتنىڭ ھەرىكىتى دىنغا خىلاپ ئىشلار ئىدى. شۇڭا، ئۇ تېزرەك كۆزدىن نېرى بولۇش قارارىغا كەلدى - دە، كوممۇنا ۋاقتىدا ئەزالار بىنا قىلغان شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئورمانلىققا كېلىپ، ئورماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بوشلۇققا ئاددىي قىلىپ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر ئېغىز ئۆي قىلىۋالدى. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك، جامائەتنىڭ تەگەشلىرىمۇ ئۆز جايىدا قېلىپ، بارات ھەققىدە گەپ - سۆزلەر تۈگىدى. ھېلىقى دەللال بولسا، باراتنى تاشلىۋەتمىدى. باراتنىڭ نامى ئىلگىرىكى چاغلاردا «بارات باخشى» دەپ ئاتالغان بولسا، ئەمدىلىكتە «بارات موللام»غا ئۆزگەرگە-



نىدى . ئۇ ئىزدىگۈچىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ، بارات موللىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ تۇردى . دەللالنىڭ ياردىمى بىلەن بويتاق ئەرلەر ، تۇل ئايال ، ئاشىق ـ مەشۇق ، ھەسەتخور ، قىساسچىلار ، چۇشى بۇزۇلغان ، قاپىقى تارتقان ، ئىشى ئوختاسىغا كەلمىگەنلەر ... دېگەندەك كىشىلەر بارات موللىنىڭ ئۆيىگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشىپ ، يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئورمانلىقتا ئادەم كەم بولمايدىغان چىغىر يول ھاسىل بولدى . بارات موللا بولسا ئۆمرىدە ئۆيلىنىپ باقمىدى . پۇل تاپتىم دېگەن بىلەن چۆللۈكتىكى ھوۋقۇشتەك ، تەنھالىق دەردىدىن خالاس بولالمىدى . كەلگەنلەر كېتىپ قالاتتى ، كېچىنى يالغۇز ئۆتكۈزمەي ئامالسىز ئىدى . ئۇمۇ ھەسرەتلىنەتتى ، «قاچاندۇر بىر كۈنى قازا قىلسام ، ئادەم يوق بۇ ماكاندا ئۆلۈكۈم نەچچە كۈن يېتىپ كېتەر» دېگەنلەرنى ئويلاپ بىئارام بولاتتى . ئورمانلىقتا ھۇۋلاپ يۈرگەن تۈلكىلەرنىڭ ئەيمەنمەستىن ئىشىك ئالدىلىرىدا تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە ، قاچاندۇر بىر كۈنى ياخشى كۈننىڭ يامىنى يېتىپ كەلسە ، ئۆزىنىڭ تۈلكىگە يەم بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى . ئەگەر جان پاتراق چىقماي ئۇزاققا سۆرىلىپ كەتسىچۇ ؟ بۇ جەھەتلەرنى ئويلىغاندا ، ھەرخىل دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئەتىسلا ئورماننى تاشلاپ ئادەم بار جايغا بېرىپ جامائەتكە قوشۇلغۇسى كېلەتتى ، مۇشۇنداق چاغدا بىرەر ھاجەتمەننىڭ كېلىپ قېلىشى بىلەن پۇلنىڭ مەرىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ ، تويماس نەپسىنى قاندۇرۇشقا ئالدىرايتتى . ئەگەر كەلگۈچى ئايال بولۇپ ، كۆزى چۈشۈپ قالسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايتتى . ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ھەمسۆھبەت بولۇۋالسا ، ھەممىنى ئۇنتۇپ ، جەننەتنىڭ ھۆزۈرىدىنمۇ ۋاز كېچەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق ماكاندىن ئايرىلالمىدى .

بۈگۈن بارات موللىنىڭ ئۆيىگە ھاجەتمەنلەرنىڭ كۆپرەك

كەلگەن كۈنى بولۇپ ، ئەتىگەندىن بۇيان بىرنەچچىنى يولغا سالدى . چولپان كەلگەندە ئۆينىڭ ئىچىدە يەنىلا كىشى بار ئىدى . بارات موللا ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا ، سىرتتا ھارۋىكەشنىڭ پاراڭلىرى ، ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى چىقتى . شۇڭا ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھاسىسىنى قولتۇقلاپ تالاغا چىقىپ ، ئابدۇللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . ئاندىن چولپاننى ئۆيگە باشلىدى . ئابدۇللا بىلەن كارى بولمىسىمۇ ، ئۇ بىردەم تۇرۇپراق ، ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كىرىپ ، ئىشىك تۈۋىدىكى كىچىككىنە بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ ، تار يەردىلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى .



# توقفۇزىنچى باب

# خىسلەتلىك تۇمار

تاملىرى قوپال سۇۋالغان، ھاكلانمىغان ئۆينىڭ ئىچى قۇياش نۇرلىرىنى توسۇپ تۇرغان دەرەخنىڭ سايىسىدە كىچىككىنە قويۇلغان تۇڭلۇكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق بىلەن گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ يېرىمىغا كاڭ چىقىرىلىپ، قالغان قىسمى تىندۇرما قىلىنغان بولۇپ، ئۇستىگە قىل پالاس ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپئاق ئىككى پارچە يېڭى كىگىز سېلىپ قويۇلغانىدى. كەلگەن ھاجەتمەنلەرنى ئەنە شۇ يەرگە تەكلىپ قىلاتتى. چولپان كىرىشى بىلەن ئۆيدە ئولتۇرغان بىر ئەر بىلەن ئىككى چوكان ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆرگە تەكلىپ قىلدى. چولپان تەكەللۇپ قىلىپ، بېرىپلا ئۇلارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

چولپان كېلىشىدە شەھەر رايونىدىن چىقىپ تونۇش — بىلىشلەر يوق تەرەپكە ئۆتكەندە قارا كۆزەينەكنى سومكىسىغا سېلىپ، پۇشقاقلىق ئۇزۇن ئىشتانىدىن باشقا، بېشىدىكى ۋە ئۇستىدىكى فورمىسىنى سېلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپ كۆرمىگەن ئاپئاق چىرايى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى.

چولپان ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ، ئۆيىنىڭ تۆت تېمىغا ۋە ئىسلاشقان تورۇسلىرىغا سەپسالماقتا ئىدى . ئۆيىنىڭ بىر تېمىغا ئىككى تال قوزۇق قېقىلىپ ، ئۈستىگە بىر تاختاي ئېلىپ قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىسلىشىپ كەتكەن ئىككى پارچە كىتاب تۇراتتى . ئۆيىنىڭ بىر بۇرجىكىدە سېلىنمىغان ئىككى ئاق كىگىز بىلەن ئىككى يوتقان بىر ساندۇقنىڭ ئۈستىگە تىزىلىپ ، ساندۇققا قەدىمدىن قالغان پەرىلىك تۆمۈر قولۇپ سېلىنغانىدى . بارات موللىنىڭ تاپاۋىتىگە قارىغاندا ، ئۆيدە بايلىق نىشانلىرى كۆرۈنمەيتتى . ئەمما گەپ باشقا يەردە ئىدى . بارات موللىنىڭ بۇنىڭدەك ئاددىي ئۆتۈشى تەنهالىقتىن ئىدى . يەنە بىر جەھەتتىن ، بۇ يۇرتتا بەڭگى ، قىمارۋاز ، زەھەر چەككۈچىلەر ۋە هاراقكەش ، قەرزدار سولتەكلەر كۆپ ئىدى . ئۇ ، يىللاردىن بېرى بىرقانچە تىلەمچىلەرنىڭ ئاشۇنداقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، بىر تىيىن ، ئىككى تىيىندىن تىلەپ تېپىپ توپلىغان پۇللىرى بۇلاڭغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى . شۇڭا ئۆيىنى ياسىماي پۇل توپلاپ ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا كۆمۈپ ساقلايتتى . ئۇنىڭ ئۆيدە دەرهال كۆزگە چېلىققۇدەك نەرسىسى ئىككى دانە پىرە دېپى بولۇپ ، ئاسقۇدىكى پەتا خۇرجۇندىن يېرىم چىقىپ تۇراتتى .

چولپان ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا سەپسالغىلى تۇرغاندا بارات موللىنىڭ كۆزى ئۇنىڭ هازىرلا گۇمران قىلىۋېتىدىغان توپ ئوقىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىدىكى بىر جۈپ قۇببىسىگە چۈشۈپ ، شەيتان ۋەسۋەسىسى قوترىدى . ئەمما ئۆزىنىڭ قېرىپ ئاجىزلاپ ، قاناتسىز لاچىندەك يارىماس بولۇپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ كۆڭلىدە :

بوۋايلار يانى تارتار ئوق ئاتالماس ،
ئەگەر ئۇ ئاتسا ئوقنى چىڭ قادالماس .
يېنىدا ياتسا ئايدەك نازىنىن قىز ،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە هەزلە قاتالماس .

دېگەن شېئىرنى ئەسلەپ ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇمىدسىزلەنمىدى، تەدبىر قىلىپ ئۇنى قوندۇرۇپ قېلىش قارارىغا كەلدى ـ دە، كۈتۈپ ئولتۇرغانلارنى تېزرەك يولغا سېلىۋېتىشقا ئالدىراپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر كىشىدىن:

— ھە، سايىمجان، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دەپ سوئال سوراشقا باشلىدى. بېشىغا چاچ، ئېڭەككە ساقال قويۇپ ئاق دوپپا كىيىۋالغان، بويىنى ئۇزۇن، سېرىق چىراي، تەقى ـ تۇرقىدىن كېسەل يېغىپ تۇرىدىغان ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى بىر كىشى ئىتائەتچانلىق بىلەن ھەربىر ئېغىز سۆزگە بىر قېتىم «خوش!» دەپ بويۇن ئېگىپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئۆزلىرى نەدىن؟

— ساقسىزلەر كەنتىدىن.

— تەقى ـ تۇرقلىرىدىن ئىلىم پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. مەندەك ئەرزىمەس موللىنى قانداق بولۇپ ئىزدەپ قالدىلا؟

— تەقسىر، يالغۇزلۇقنىڭ دەردى يامانكەن، كۆڭلەكلىرىم كىرلىشىپ قاپتىكەن. شۇڭا پۇراپ قالغان ئوخشايمەن.

بارات موللا كۈلۈپ كېتىپ:

— چاقچاققىمۇ پەيزىلىرى بار ئىكەن. ئىلىم ـ ھېكمەتتىن پېقىرغىمۇ تەلىم بەرگەيلا، — دەپ ئۇنىڭغا قاراپ بىرنەرسە دېيىشىنى كۈتكەندەك قىلدى.

— مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا چىقىپ كەتكەن تۇرسام. ئۆز ئىسمىمنىمۇ تەستە يازىدىغان تۇرۇقلۇق، ئىلىم نېمىش قىلسۇن. تۇرۇۋېلىكىمدىن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلدىشىم، — دېدى سايىمجان. بارات موللا ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، خاتا مۆلچەرلەپ قويغىنىدىن سەل خىجىل بولغاندەك بولدى ـ يۇ، يەنە سوراشنى داۋام قىلدۇرۇپ:

— ئۇنداقتا، تەقى ـ تۇرقلىرىدىن موللىمىكىن دەپ قاپتىمەن. ئۇنداقتا... — دەپ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئۇزمەي تۇرۇپ قالدى.

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — دېدى سايىمجان، — ياش ئادەم يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىشتىن خالىي بولماق تەس ئىكەن. جامائەت ئاڭلاپ، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ئەيىبلەپ، نەسىھەت بۇيرۇيدىكەن. ئادەم چوڭ بولۇپ قالغاندا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇنداق قىلما، بۇنداق قىلما، دېگەن سۆزلىرى كىشىگە ئېغىر كېلىدىكەن. ئۈچ ـ تۆت ئاغىنەم بار ئىدى. قانداق ئېسىگە كەلدىكىن، قارىسام، چەت ئەللىكنى دورايمىز دەپ چاچ ـ ساقالنى قويۇپ ئاق دوپپا كىيىۋالغانىكەن، ئاتا ـ ئانىلىرىدىن تارتىپ جامائەتكىچە ھەممەيلەن رازى بولۇپ: «ھەرنېمە بولسا خۇدايىم ئىنساپ بېرىپتۇ» دەپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ يامان گەپتىن قۇتۇلغانغا خۇش بولۇپ، چوڭلارغا ئەگىشىپ ھەپتىدە بىر قېتىم «جۈمە»گە كىرىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشنى دېمەمدىلا؟ بۇلار شۇنداق ماڭغۇدەك بولسا، ئۇچرىغانلار يىراقتىن سالام بېرىدىغان، ئاچچىقى كەلگەندە بىرەرسىگە ۋارقىراپ سالسىمۇ سۆز قايتۇرمايدىغان، بىرەر مەرىكىگە بېرىپ قالسا، كېلىپ بولغۇچە ئورۇن بوشىتىپ «تۆر» گە چىقىرىپ، گۆشىنىڭ يوغىنىنى قويىدىغان، ئاشپۇزۇلغا كىرسە پۇل ئالمايدىغان، ياشانغان كىشىلەرمۇ يىراقتىن سالام قىلىپ كۆزىگە قاراپ ھال سوراپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇرادەرلىرىمىزدىن بۇنى ئاڭلاپ، «مەندىن نېمە كېتەتتى، ناھايىتى كېتىدىغىنى ئىككى سىقىم تۈككەنغۇ» دەپ چاچ ـ ساقالنى قويۇۋەتكەنىدىم. ھەممە ئۇششاق گەپتىن قۇتۇلۇپ، مەنمۇ بۇرادەرلىرىم قاتارىغا ئۆتۈۋالدىم. سىلى دېگەندەك، كۆرگەنلەر بىزدەكلەرنى موللا ـ ئالىم دەپ بىلىشىدۇ. دېمىسىمۇ چاچ ـ ساقال قويۇپ يۈرۈيدىغان ياش ئۆلىمالارمىغۇ كۆپ، لېكىن بىزمۇ ئۇلارنىڭ فورمىسىدىن پايدىلانساق نېمە بوپتۇ؟ «ئەلدىن ئەلگە نەپ» دەپتىكەن. تۈك دېگەن تولا نېمىغۇ ئۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى، ھېلىقى ئاغىنىلىرىم بىلەن هاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتۇق، كوچا بۇزۇقلىرىدىن ئىككىسى كىرىپ كەلدى. بىز تۆت كىشى ئىدۇق،

ئىشىمىز قاملاشمىدى . ئۇ كۈنى ئايالىم ئاپىسىنىڭكىگە ئازنىلىققا كەتكەنىدى . ئۆيۈمدە خوتۇنۇمنى يوق ھېس قىلىپ ، ئىككىدىن بىرنى مەن باشلاپ كەتتىم ، يەنە بىرنى بىرى باشلاپ كەتتى . ئۆيۈمگە كېلىپ ھېلىقى ئايال بىلەن ياندىكى بىر خانىدا چاقچاقلىشىپ تۇرسام ، بىرى ئىشىكنى قاقتى . ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۆرلەپ ، قاراڭغۇدا قولۇمغا چىققان بىر چاپاننى يېپىنچاقلاپ ئىشىكنى ئاچسام ، ئالدىمدا خوتۇنۇم تۇرمامدۇ ! نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم . خوتۇنۇم ئۆيگە ماڭدى ، مەنمۇ ئەگىشىپ ماڭماي نېمە ئىلاج ؟ بىردىنلا ئۇ توختاپ ھويلىدىكى چىراغنىڭ يېپىنى تارتقانىدى ، ئاپئاق يورۇدى . خوتۇنۇم ئۇچامغا قاراپلا ، مېنى يېسۇن دەپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن ئالغاچ كەلگەن بىر پارچە گۆش بىلەن بىرنى قويۇۋېدى ، يۈزلىرىم ئېچىشىپ كەتتى . خوتۇنۇم تەمبەل ئايال ئىدى . بىر قولىدا چېچىمنى ، بىر قولىدا ساقىلىمنى تۇتۇۋېلىپ قورساقلىرىمغا نەچچىنى تىزلىۋەتتى . ئاندىن : «بۇزۇق قېنى ؟ » دەپ سورىدى . بىلمەس بولۇۋېلىپ : «قايسى بۇزۇق » دېسەم ، «بۇ چاپاننىڭ ئىگىسىچۇ ؟ » دېدى . قارىسام ، مەن يېپىنچاقلاپ چىققان چاپان ھېلىقى مەن بىلەن كەلگەن ئايالنىڭ ئىكەن دېمەمسىلەر ، — دەپ پېشانىسىگە قاراسىدە بىرنى قويۇپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ ھىجايغانىدى ، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى . ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، — خوتۇنۇمغا يالۋۇردۇم . بىلمەپتىمەن ، دېدىم . يوق يەپتىمەن ، دەپ باقتىم ، ئۇنىڭ غەزىپى يانمىدى . ئالدامچى ، ۋېلىسىپىت ئوغرىسى ، ھاراقكەش ، لۈكچەك ، پاھىشىۋاز ، دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە تىللىغىلى تۇردى . «بارچە گۇناھ مەندە تۇرسا ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي » دەپ ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى ، شۇڭا ئېغىز ئاچالماي جىم تۇردۇم . خوتۇنۇم راسا تىللاپ بولۇپ قانغۇچە يىغلىدى ، ئاندىن كېيىن بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ : «ئالە ئۆيۈڭنى ! » دەپ كەتتى . چەتتىكى ئۆيگە كىرسەم ، ھېلىقى ئايال يوق . قورقۇپ مۆكۈۋالغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ ، چاقىراي دېسەم

ئىسمىنى سورىۋالمىغانلىكەنمەن . شۇنداقتىمۇ : «سىز قېنى !» دەپ تۇۋلىسام ، جىمجىت . ئۆيگە قارىسام ، ھەممە نېمە ئوتتۇرىدا تۇرىدۇ . ساندۇقتا پۇل بار ئىدى ، قارىسام ئاغزى ئوچۇق تۇرۇپتۇ . بىلدىمكى ، مەن خوتۇنۇم بىلەن جېدەل قىلىۋاتقاندا ئۆيدىكى پۇل - پۇچەك ، پۇللۇق كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ تىكىۋەتكەنىكەن . ئەتىسى بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم . بىر تەرەپتىن پۇلنىڭ دەردى ، بىر تەرەپتىن خوتۇنۇمنىڭ دەردى ، دەرد - ئەلەمدىن دىۋانە بولاي دەپ قالدىم . ئاڭلىسام ، ئۆزلىرىنى ئىلمىي نۇجۇمدا تەڭداشسىز كىشى ، بىرلا ئەپسۇن بىلەن خوتۇنۇڭنى بىردەمدە ھازىر قىلىپ بېرىدۇ ، دېيىشتى . شۇڭا تاپقىنىمنى ئېلىپ ئىزدەپ كەلدىم . مۇشكۇل ئىشىمنى ئاسان قىلغايلا ، — دەپ يانچۇقىنى كوچىلاپ يۈز يۈەنلىكتىن يەتتىنى ئېلىپ بارات موللىنىڭ ئالدىغا قويدى .

بارات موللىنىڭ پۇلنى كۆرۈپ قاپاقلىرى تۇرۇلدى ، ئاز كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بىردەم سۈكۈت قىلدى . ئاندىن زۇۋان سۈرۈپ :

— ئۇكام ، سىزنىڭ ئىشىڭىز بەك مۇھىم ئىشكەن . «مۇھەببەتنامە»نى قارا سىياھقا ئىپار ، زەپەرنى قوشۇپ تۇمار پۈتۈپ ، مەھبۇبىڭىزنىڭ بېشىدىن ئۆرىمىگۈچە ياكى ماڭغان ئىزىدىن بىر چاڭگال تۇپراق ئېلىپ «پەقالە ئىنتى ئەھبەب تۇ» نى قىرىق بىر مىڭ ئوقۇپ ئاقار دەرياغا تاشلىمىغۇچە ئۇنى زىنھار كەلتۈرگىلى بولماس . بۇنىڭغا كېتىدىغان ئەجرنى بىلەمسىز ؟ ئاز پۇل بىلەن قول سالغىلى بولمايدۇ ، — دەپ پۇلنى سايىمجاننىڭ ئالدىغا سەل ئىتتىرىپ قويدى .

سايىمجانمۇ كىشىلەردىن بارات موللىنىڭ نەپسىنى چوڭراق ، لېكىن ئەپسۇنى كېسىدۇ ، دېگەننى ئاڭلاپ ، مىڭ يۈەننى ئېلىۋېلىپ ، ئۇنىڭدىن يەتتە يۈز يۈەننى قويۇپ باققانىدى . ئۇنىڭ قويغان پۇلىنى مەنسىتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ، يېنىدا ئېلىپ قالغان ئۈچ يۈز يۈەننىمۇ ئېلىپ :

— مانا ، بار پۇلۇمنىڭ ھەممىسى شۇكەن ، مىڭ يۈەن بولدى ، بۇمۇ يەتمىسە ھازىرچە تۇرۇپ تۇراي ، — دەپ ، كىگىز ئۇستىگە قويدى .

— بوپتۇ ، نېمە ئامال . تۇنجى كېلىشىڭىز ئىكەن ، — بارات موللا پۇلنى ئېلىپ قوينىغا سالدى ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويغان كونا كىتابنىڭ «ئىلىك تەللە» سىدىن باش بارماقتىن چوڭراق قىلىپ يۆگەلگەن بىر تۇمارنى ئېلىپ ، ئاستا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە ، سايىمجانغا قاراپ :

— مانا قاراڭ ، «مۇھەببەتنامە» دېگەن شۇ . مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى كۆچۈرىدىغان گەپ . بەرگەن پۇلىڭىز سىياھ پۇلىغىمۇ يەتمەيدىكەن ، شۇنداقتىمۇ بولدى قىلدىم ، — دەپ تۇمارنى چۇۋۇغاندى ، ئىچىنىڭ تىلىدەك سوزۇلغان قەغەز بىر گەزدىن ئاشتى .

— ئوقۇپ بەرگەن بولسىلا ، ئاڭلاپ باقساق بولاتتى . ئۇنىڭدا تېخىمۇ كۆڭلۈم تىناتتى ، — دەپ ئۆتۈندى سايىمجان .

— ئوقۇپ بەرسەم ، بېرەي ، — دەپ بارات موللا قولىدىكى تۇمارنىڭ خەتلىرىنى يان تۇڭلۇكنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ قىڭغىر ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى . تۇمار مۇنداق يېزىلغانىدى :

«ئەسنادى مۇھەببەتنامە بۇ تۇرۇر :

ئانداغ رىۋايەت قىلىدۇرلاركىم ، بۇ مۇھەببەتنامىنى تولا كىشىگە كۆرسەتمەڭلار . ئەگەر بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە ئېرىشىش ئۈمىدى بولسا ، ئول كىشىنىڭ خەۋىرى بولمىسا ، بۇ مۇھەببەتنامىنى ئۇ كىشىنىڭ بېشىدىن ئۈچ مەرتىۋە ئۆرۈپ ئالسا ، ئول كىشىنىڭ ئوتى پىراقىدا ئارام قارار ئالالمىغاي .

بۇ مۇھەببەتنامىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلسا ، ئىسمى ئەئزەمنىڭ بەرەكاتىدىن جىمى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەي ، ئىنشائاللاھ ۋە تەئاللا . ۋە يەنە ھەركىم بۇ تۇمارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلسا ، ئول كىمەرسىنىڭ مەھبۇبى بىر يەردە قارار ئېلىپ تۇرالمىغاي . بۇ تۇمارنىڭ ئىگىسىنىڭ دەرد پىراقىدا ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ

يۈرگەي . ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئاراسىدا سازاۋەرچىلىكى بولمىسا ، بۇ تۇمار ئىگىسىگە ئاشىق ـ بىقارار بولغاي . ئەگەر كىمەرسە بۇ تۇمارنى مۇم جامدا قاپلاپ ، نارەسىدە بالا ئىگىرگەن يىپنى ئەشمەي چىرماپ شامالغا باغلىسا ، ئول شامال تەۋرىگەنسېرى بۇ تۇمار ئىگىسىنىڭ مەھبۇبى بىر يەردە قارار ئېلىپ تۇرالمىغاي ۋە مەست ـ مۇستەغرەق بولۇپ يۈرگەي . ئەگەر قىرىق كۈنلۈك يەردە بولسا ، يېتىپ كەلگەي . تۇمار ئىگىسىگە دىۋانە ، سەرگەردان بولغاي . ئەگەر بۇ تۇمارغا ھۆپۈپنىڭ تاجىنى قوشۇپ ، قوينىڭ يۈڭى بىلەن چىگىپ چارشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆزىگە ھەمراھ قىلسا ، مەزلۇم كىشى مۇرەببىسىگە پاقلان قويغا ئەگەشكەندەك ئەگىشىپ يۈرگەي . سودا قىلسا سودىسى راۋان بولغاي ، دۈشمەنلىرى غەيۋەت قىلالمىغاي ، خەلق ئارىسىدا يۈزى ئىسسىق ، سۆزى ئۆتكۈر بولغاي ، كىشى قەست قىلالمىغاي ، سېھىر ـ جادۇ ، دىۋە ـ پېرە ، ئىنسى ـ جىن ، ئالۋاستى يول تاپمىغاي ۋە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمىگەي . دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئۆزىگە يېنىپ ، تىللىرى لال بولغاي ... »

تۇمارنىڭ داۋامى تېخى تۈگىمىگەنىدى . ئايىغى قانداق چىقاركىن دەپ ئولتۇرغانلار دىققەت بىلەن ئاڭلاشتى . بارات موللا يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى :

«ئىسمى ئەئزەم بۇ تۇرۇر : جەبىلا ، جەمىلا ، ئىنناخەتىنا ، يەملەنجا ، پەملەنجا ، قەترا ـ قەترا» دەپ چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ بولۇپ : «ئىسمى ئەئزەمنىڭ بىھەق ھۆرمىتى بىلەن تامام دۈشمەنلىك قىلدۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە تومۇرلىرىنى تۆت يۈز قىرىق تۆت پارە ئۇستىخانلىرىنى باغلىدىم ۋە تۇمار ئىگىسىگە مەنسۇپ قىلدىم . سۆزلەر تىللىرىنى ، تۇتار قوللىرىنى باغلىدىم . ئون سەككىز مىڭ ئالەم ، توققۇز پەلەك مەدىتى ، ئۈچ يۈز ئاتمىش دەريا ، تۆت يۈز قىرىق تۆت تاغنىڭ ئىسمى بىلەن باغلىدىم . ئىككى گۆھەر كۆزلىرىنى ۋە يۈرەر يوللىرىنى بەند قىلدىم . تامام دۈشمەنلىك قىلدۇرغان ئادىمى

زاتلارنىڭ ياتار ئورۇنلىرىنى ۋە ھەفت ئەنداملىرىنى، جىمى ئەزالىرىنى باغلاپ بۇ تۇمار ئىگىسىگە مايىل قىلدىم. سەرگەردان قىلدىم. ئاشىقى شەيدا ۋە بىقارار قىلدىم. خۇدايىمنىڭ پەرمانى، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ دەمى بىلەن، ھارۇت - مارۇتنىڭ ئەمرى بىلەن جەبرائىل، مىكائىل، ئىسراپىل، ئەزرائىل مەقرەبلەرنىڭ مېھرى بىلەن ئىشق ئوتىنى سالدىم. مۇھەببەت ئوتىنىڭ ئورۇقىنى چاچتىم. كىمكى بۇنىڭغا شەك كەلتۈرسە ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق، ئەئوزى بىللا مىنەلزالىك يا ئەرھۇمەرراھىمىن» دەپ تاماملىدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تۇمارنى ئاڭلاپ، بارات موللىنىڭ داڭقى بىكار چىقمىغانىكەن، دەپ ھەيران قېلىشتى.

— بۇ بىر ئەڭگۈشتەر، — دېدى بارات موللا، — بۇنىڭغا ئىسمى ئەئزەم يېزىلغان. ئىسمى ئەئزەم بىلەن ئولتۇرغانلارنى جايىدىلا قاتۇرۇپ تاشقا ئايلاندۇرغىلى ياكى ھايۋانات، ئۇچار جانىۋارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، ئىسمى ئەئزەمنى بىلىدىغانلار قالمىدى. شۇڭا بۇنى يېزىپ قويدۇم، — دەپ بۇرۇنقى پېتى يۆگەپ، قويىنىغا سالماقچى بولغانىدى، سايىمجان:

— ئۆزلىرى بىلگەندىكىن، باشقا يېزىۋېلىپ، بۇنى ماڭا بەرگەن بولسىلا، — دەپ ئۆتۈندى بارات موللىدىن.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ تۇمارنى سېتىۋالغۇسى بار ئىدى، سايىمجاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايال سايىمجانغا قاراپ:

— بەللى يىگىت! بۇنى سىلىگە بېرىۋەتسە، بىزگىچۇ؟ بىزمۇ تۇمارنى دەپ كەلدۇق، — دەپ بۇرۇلۇپ بارات موللىغا قارىدى. يەنە ئىككىسىمۇ ئايالنىڭ گېپىنى قوللاپ، «شۇنداق - دە» دەپ ئولتۇرۇشتى.

چولپان بولسا، بارات موللا تۇمارنى ئوقۇپ، دۈشمەندىن ئۆچ ئالىدىغان يېرىگە كەلگەندە، قانداقلا بولمىسۇن ئامال قىلىپ تۇمارنى قولغا چۈشۈرۈش قارارىغا كەلگەنىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تۇمارنىڭ كارامىتىگە ئىشەندى، شۇنى ئويلىمىدىكى:

تۇمارنىڭ سۆزلىرى راست بولغان بولسا، بارات موللا «ئىسمى ئەئزەم» دىن ئىبارەت شۇنداق قۇدرەتلىك ئەپسۇننى بىلگەن تۇرۇقلۇق، بىر ئۆمۈر تەنها ئۆتكىچە بىرەر چوكاننى ئۆزىگە قارىتىۋالسا بولماسمىدى؟ جامائەتنىڭ تەگەشلىرىدىن قورقۇپ جاڭگالنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ يۈرگىچە، ئۇستىدىن سۆزلىگەنلەرنىڭ تىللىرىنى لال قىلىۋەتسە بولماسمىدى؟...

بارات موللا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇمارغا قىزىقىپ قالغانلىقىنى سەزدى. بۇ تۇمارنىڭ باھاسى يەنە ئۆستى دېگەن سۆز.

— ئۇكام سايىمجان، — دېدى ئۇ، — بەرسەمغۇ، بېرەتتىم. سۆزلەپ بېقىڭا؟ سىزنىڭ بولغان بولسا بېرەمتىڭىز؟

— ياق، ھەرگىز بەرمەيتتىم، — دېدى سايىمجان، — مەن ئۆزلىرىنىڭ داڭقىلىرىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، «تۇمار»لىرىنىڭ قۇدرەت - كارامىتىنى بۇنچىۋالا كۈچلۈكتۇر، دەپ ھېس قىلماپتىمەن. ئوبدان تەييارلىق قىلىپ ئۆزلىرىنى يەنە رازى قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭ، تۇمارنى پۈتۈپ تەييارلاپ قوياي، — دېدى بارات موللا.

شۇنداق قىلىپ، سايىمجان بارات موللا بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.



## ئونىنچى باب

# كۆتۈپ تۇرغان ھاجەتەن

نۆۋەت سايىمجانغا كەلگەندە، يەنە ئىككىي ئايال ساقلاپ ئولتۇراتتى. بۇلار سايىمجان بىلەن بارات موللىنىڭ سۆھبىتى ئاخىرلاشقىچە دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى. بۇلار ئۆز ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇشىغا ئىشەنچ قىلالماي ئولتۇرغىنىدا، بارات موللا ھېلىقى يۆگەكلىك تۇماردىكى «بەختنامە»نى ئوقۇپ بەرگەندى. كېيىن قايتىدىن ئۈمىدسىزلەندى.

ئەمدى نۆۋەت سايىمجاننىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي، كالتە چاچ، قارامتۇل چىرايىغا سېرىق بويىئالغان چېچى ئانچە ياراشمىغان، قاتىراڭغۇ، ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى بىر چوكانغا كەلگەندى. ئۇ يالغۇز سۆزلىشىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك، ئولتۇرغانلارغا بىر قېتىم قاراپ چىقىپ، بارات موللىغا قارىدى. بارات موللا چۈشەنمىدى بولغاي:

— قېنى، خېنىم سۆزلەڭ، — دېدى.

بۇ ئايال ئەمەلىيەتتە ئوتتۇز ياش ئەتراپىدا بولسىمۇ، قارىماققا خېلى قېرى چىراي كۆرۈنەتتى. بۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى سەۋەب بولغانمۇ ياكى باشقا بىرەر مۇھىم نەرسە سەۋەب

بولغانمۇ ، بىلگىلى بولمايتتى .
بارات موللىنىڭ سوئالى ئۇنىڭغا خىجىلچىلىق كەلتۈرگەندەك بىردەم جىم بولۇپ قالدى ، ئاندىن بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرۈپ :
— مەن شەھەردىن كەلدىم ، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئايال ، — ئاتا - ئانام يېزىلىق ئىدى ، مەن تېخى ئاق - قارىنى بىلمەيدىغان كىچىك ۋاقىتلىرىمدا شەھەرگە كېلىۋالغانىكەن . ئاتام ئوقۇتقۇچى ئىدى ، ئاپام بولسا ، ئەمگەك قىلمايتتى ، ئاتامنىڭ مائاشى بىلەن كۈن كەچۈرەتتۇق . بىز ئاچا - سىڭىل ئىككى قىز ئىدۇق . بىر - بىرىمىزگە ئەگىشىپ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلىدۇق . ئاپامنىڭ بولسا بىز بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى . ئىشى يۈزىگە پەرداز قىلماق ئىدى . ئاتام ئىشقا كەتكەندىن كېيىنلا ئۆيىمىزگە ناتونۇش كىشىلەر كېلىپ تۇراتتى . بۇلارنىڭ ياشلىرىمۇ بار ، قېرىسىمۇ بار ئىدى . بۇنىڭدەك ئەرلەر كەلگەندە ، ئاپام ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ ، بىزگە ئىككى موچەننى تۇتقۇزۇپ : «بېرىڭلار چوكامۇز يەپ كېلىڭلار» دەپ ھەيدەيتتى ياكى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ : «ئادەم كەلسە ، يوق دەپ قويۇڭلار جۇمۇ !» دەپ جېكىلەيتتى . ئەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ ئىشىكنى تاقايتتى ۋە بىر ھازادا چىقاتتى . بىز بۇنى كىچىكلىكتە چۈشەنمىسەكمۇ ، بارا - بارا كۆزىمىزگە چېلىقىپ ، ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ قالدۇق . ئاپىمىزدىن نەپرەتلىنىپ يۈرسەك ، ئاتىمىز ئاپىمىزدىنمۇ ئۆتە شاللاق ئىكەن . ئاتا - ئانىلىرىمىز بىزدىن ئانچە تارتىنىپ كەتمەيتتى ، بىزمۇ چوڭ بولغان ئائىلىمىز شۇنداق بولغاندىكىن ئۆگىنىپ قالغانىدۇق . ئۇقسام ، ئاتا - ئانىلىرىمىز بىر - بىرىنىڭ ئىشىنى بىلىدىكەن ، ئەمما تەگەشمەيدىكەن .
مېنىڭ يېشىم ئون ئۇچكە تولغان يىلى بىر كۈنى ئۆيىمىزگە ئوتتۇرا بوي ، دوغىلاق ، يوغانباش ، يۈزلىرى سېرىق ، ياپما قاپاق ، ئىككىلىك ئۇزۇنلۇقتا قويۇۋالغان قىسقا چاچلىرى قاداپ قويغاندەك تىك تۇرىدىغان ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى بىر ئەر كەلدى . ئاپام مېنى ئىشىككە قارىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . بۇنىڭدەك

چاغدا ئارقىسىدىن كىرمەيتتۇق . ھايالشىماي ئاپام ئۆيدىن بىر ئالتۇن زەنجىرنى ئېلىپ چىقىپ : «بۇنى ھېلىقى ئاكىڭىز ئېلىپ كەپتۇ » دەپ بوينۇمغا تاقاپ قويدى . ئاندىن كېيىن : «ھېلى كەلگەن كىشى بىزنىڭ تۇغقىنىمىز بولىدۇ ، سىزگە يەنە بىر تال ئۈزۈكمۇ ئالغاچ كەپتۇ ، قېشىغا كىرىپ چىقىڭ » دەپ كىرگۈزۈپلا ، سىرتتىن ئىشىكنى تاقىۋەتتى . ئەسلىدە بۇ ئادەم بىر ئىدارىنىڭ كاسسىرى بولۇپ ، خېلىلا پۇلدار ئىكەن . ئاپام ئۇنىڭ بىلەن خېلى مەزگىللەر ئارىلىشىپتۇ . ئەمدىلىكتە قىزلىق ئىپپىتىمنى بىر تال ئالتۇن زەنجىرگە تېگىشىپتۇ . تىللاپ باقتىم ، يىغلاپ باقتىم ، مەندە نېمە ئامال ، ئاخىر ئۇ قىلىدىغاننى قىلىپ مەقسىتىگە يەتتى . شۇنداق قىلىپ ، بىر يىل ئۆتۈپ سىڭلىمنىمۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقىنىغا ئىككى تال ئۈزۈككە تۇتۇپ بەردى . ئۇمۇ بىر ئىدارىنىڭ بوغالتىرى ئىكەن ، ئىككىسى گاھىدا بىرگە كەلدى ، ئۇلارغا ئاپام بولامدۇ ، سىڭلىم بولامدۇ ، مەن بولىمەنمۇ ، قايسىمىز بولساق بولىۋېرەتتى . گاھىدا يالغۇز كېلىشەتتى . ئاپام خۇلقى بار ، ھېيلىسى تولا خوتۇن ئىدى . شۇڭا كەلگۈچىلەر بىزنى قويۇپ ئاپىمىزغا ئىنتىلەتتى . ئاتىمىز بولسا ، بىر تەرەپتىن ، ئەسكىلىك قىلىپ تۇرۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەتىگىنى بامدات نامىزىغىمۇ چىقىپ قوياتتى . ھۆكمەت كىتابىغا ئامراق ئىدى . ئۆيگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇراتتى .

يىللار مۇشۇنداق ئۆتۈپ ، ئاپىمىزنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن كىچىك تۇرۇپلا بەختىمىزنى يوقاتتۇق . نامىمىز چىقىپ كەتتى . ھەممە ئادەم ئارقىمىزدىن تىللايتتى . لېكىن ، يۈزىمىزگە دېيەلمەيتتى . چۈنكى ، ئاپامدىن قورقاتتى . ئۇ شۇنداق بەشەم ئىدىكى ، ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى .

شۇنداق يۈرۈپ يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، لېكىن نامىمىز چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككىمىزگە ئەر چىقمىدى . ئاخىر ئاپىمىز يېزىلىق بىر ئادەمنى تېپىپ مېنى شۇنىڭ ئوغلىغا

ياتلىق قىلدى . بىز ئۇبدان قاملىشىپ قالغانىدۇق ، ئىرىمۇ ئەخلاقلىق ياۋاش يىگىت ئىدى . ئۆتكەن ئىشلىرىمنى ئىرىمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن كۆپ ئەنسىرەيتتىم . ئاپام بولسا ، يەنىلا شۇنداق ئىشقا دەۋەت قىلىپ مەجبۇرلايتتى . ماڭا تەلىم بېرىپ : «سەن ئۆزۈڭدىن ئەنسىرىگىچە ، ئىرىڭنى كۆنلىگەن بولۇپ پات - پات جېدەل ·قىل . ئىرىڭنى كۆنلىگەنسېرى ئۇ سېنى ‹ماڭا بەك كۆيىدۇ › دەپ ھېس قىلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، سېنىڭدىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ ، يەنى سېنى ئۇنداق ئىشقا ئۆچ دەپ قارايدۇ . نامى چىقىپ قالغان ئاياللارنى تىلغا ئېلىپ ، ئىرىڭنىڭ قېشىدا تىللاپ غەيۋەتنى قىلغىن . ئۇ چاغدا ئۇستۇڭدىن باشقىلار بىرنەرسە دېسىمۇ ئىشەنمەيدۇ . خوتۇن كىشى دېگەن ئۆيدە بىرنىڭ ، تالادا مىڭنىڭ بولۇشى كېرەك » دەپ كۇشكۇرتكىلى تۇردى . مەنمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ياش بولامدۇ ، قېرى بولامدۇ ، ئىش قىلىپ يېنىدىن ئۆتكەن خوتۇنلاردىن كۆنلەپ ئۇرۇشۇۋەردىم . ئاپام يەنىلا : «ئىرىڭنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماي تۇرۇۋال ، ئۇنىڭدا ئىرىڭ : مېنىڭ ئايالىم جىنسىي تۇرمۇشقا ئۆچ دەپ قاراپ ، سەندىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ » دەپ تەلىم بېرىشكە باشلىدى .

مەن ئاپام دېگەندەك قىلىپ ، ئىرىمنى شۇنداق ئىشەندۇرۇۋەتتىمكى ، ھېچكىمدىن گۇمانلانمايتتى . پال سالدۇرغانىكەن : «خوتۇنىڭىزنىڭ ئەركەك جىنى بار ئىكەن» دەپتۇ . پېرىمۇ ئوينىتىپ باقتى . ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىغا ئۇلپەتلىرىم بىلەن كۈلۈشەتتۇق . لېكىن ، مېنىڭ داۋاملىق كۆنلەپ رەنجىتىشلىرىم ، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشلىرىم دەسلېپىدە ماڭا نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا قىلغان بولسىمۇ ، بارا - بارا رايىنى ياندۇرۇپتۇ . ئۇ كۈندىن - كۈنگە ماڭا ئۆچلىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا ، مېنىڭدىن قۇتۇلسا خۇش بولاتتى . مەن ئۇنى چۆچۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن ئاپامنىڭ سۆزى بىلەن سوتقا ئاپىرىپ ، ئاجرىشىمەن دەپ تۇرۇۋالدىم . بۇنداق قىلىشتا ماڭا يالۋۇرىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . نەدىكىنى ؟ ئىككى سائەت كۈتۈپ تۇرۇڭلا

دېدى ، ماقۇل ، دەپ كۈتتۈق . «ئېرىمنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان بولدى » دەپ تۇرسام ، ئاجراشتۇرغان ھۆكۈمنى تۇتقۇزۇپ قويدى .
شۇنداق قىلىپ ، بوغجىمامنى كۆتۈرۈپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە ياندىم . كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ يىغلاپ بارسام ، ئاپامدا ھېسداشلىق قىلىدىغان گەپ يوق ، بەلكى خۇشال بولۇپ : «ئەمدى بوپتۇ . بىر قېتىم ئەرگە تەگدى بولىۋالدىڭ ، ھامىلدار بولۇپ قالمايسەن ، دوختۇر ساقلايدۇ . قىز بالا دېگەن بىرگە قاراپ تۇرمايدىغان» دېمەمدۇ ؟ ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۆرلەپ ، سۆزلىگەن تىللىرىنى كېسىۋەتكۈم كەلدى ، ئەمما ئاپا بولغانلىقى ئۈچۈن بىرنەرسە دېيەلمىدىم . ئۆيگە كىرىپ يىغلىدىم ، قىلغان ئىشلىرىمغا تووا قىلدىم . ئۆتكەن ئىش ئىزىغا كەلمىدى . ئېرىم بولسا ، بىرئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا چىرايلىق بىر چوكانغا ئۆيلىنىۋالدى . مەن ئۇنىڭ پىراقىغا مۇپتىلا بولدۇم . كىشى قويۇپ باقتىم ، يول توسۇپ ئۆزۈم يالۋۇردۇم . پەقەت كۆلۈپ قويۇپلا گەپ - سۆز قىلماي ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنى ھەرباب بىلەن سۆزگە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن ، رەمبال قارىمىنىڭ قېشىغا بارسام ، ئۇ كىتاب ئېچىپ كۆرۈپ : «ئېرىڭىز ھېلىمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن ، ئەمما سىز ئۇنىڭغا كۆپ جاپالار قىلغانىكەنسىز . كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ سىزدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مولىلغا ئوقۇتۇۋېتىپتۇ . سىز ئەمدى ‹قەست › ئۆتمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىپ ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇتقان ‹ئىسسىقتۇ ›سىنى ياندۇرمىسىڭىز ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ ئالەمدىن كېتىسىز » دېدى . قورقۇپ كەتتىم . «بۇ ئىش كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ ؟ » دەپ سورىسام ، «ئورماندىكى بارات مولامنى ئىزدىسىڭىز ئىنشائاللا شۇنىڭ قولىدىن كېلەر » دېدى . شۇڭا ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم .
ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك سۆزلىرىدىن ھەيران قېلىشماقتا ئىدى . دېمىسىمۇ بىر ئايال كىشى ئۆزىنىڭ رەسۋالىق قىلمىشلىرىنى كىشى بار يەردە ، يەنە كېلىپ ئىككى ئەر بار يەردە شۇنداق بىر - بىرلەپ دېيىشكە ، ھەتتا ئاتا -

ئانىلىرىنىڭمۇ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ئۇ ئار - نومۇس دېگەننى بىلمەمدۇ؟ بۇ گەپ تارقاپ كېتىپ قالسا، كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ئەگەر بىرسى بىر ئايالنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، دېسە، كىممۇ ئىشەنسۇن؟

ياق، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئۇ بۇزۇق ئاتا - ئانىلىرىدىن نەپرەتلىنىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ رەسۋالىق كوچىسىغا كىرىپ قېلىپ، ئىپپەت - نومۇسىنىڭ بۇلغىنىشىنى بۇزۇق ئاپىسى بىلەن ۋىجدانسىز ئاتىسىدىن كۆرەتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆز پەرزەنتلىرىنى پۇل - مالغا تېگىشتى؛ قىزلىرىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا رەھمى كەلمىدى، بەلكى خېرىدار تېپىپ دەللاللىق قىلدى. بۇ ئايالنىڭ نەپرەتلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن تامامەن ئۈمىدسىزلىكىنى، يەنە ياشاشنى خالىمايۋاتقاندەك روھىي ھالىتىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتىيۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇزۇق ئانىنىڭ پىتنىسى بىلەن ياۋاش ئەردىن ئايرىلىپ قالغانغا ئەپسۇسلار قىلىپ، شادلىق بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، «توۋا» قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

شۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇكى، «چاقنى بۇزغان خانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەندەك، بەزى ئانىلار پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنگەندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆيۈنمەيدۇ. قىزلىرىنىڭ كوچىغا چىقىپ خىلمۇ خىل ئەرلەر بىلەن تونۇشۇپ يۈرگەنلىكىدىن بەخىرلىنىدۇ. قىزلىرىغا دەللاللىق قىلىپ، يولدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى بۇزىدۇ، ئىككى - ئۈچ ياكى يەتتە - سەككىز نۆۋەت ئەرگە بېرىپ، كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇمى، پۇل توپلايدۇ. ئاخىرىدىچۇ؟ ياشانغاندا تەنھا قېلىپ، يامان ئاتاق بىلەن ئىتنىڭ كۈنىدە ئۆتۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

بارات موللا ئايالنىڭ بايانلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ سۆزى تاماملانغاندىن كېيىن، خۇددى تەدبىر ئىزدەۋاتقاندەك

كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ گەپ - سۆز قىلماي بىر دەم جىم ئولتۇرۇۋالدى. ئاندىن ئايالغا قاراپ:

— كەلگىنىڭىز ئوبدان بوپتۇ. قەست يۇرمەسلىكىنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاسان، ئازنا كۈنى چىشقان ئىتىنىڭ پوقىنى تۇمار قىلىپ بويىنىڭىزغا ئېسىۋالسىڭىز قەست يۇرمەيدۇ. ئازنا كۈنى ئۆلتۇرۇلگەن يىلاننىڭ كاللىسىنى تېپىپ كېلىڭ. ئۇنىڭغا ئايەت قىلىپ بېرىمەن، يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ. بەش كۈندىن كېيىن كېلىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يېنىمدا تۇرىسىز. سىزگە قىلغان «ئىسسىتقۇ»نى ياندۇرىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا گېپىڭىز بولسا، شۇ چاغدا ئاڭلاي، — دېدى.

— ئىت پوقى ئۆزلىرىدە بولسا سېتىۋالسامكەن، — دەپ ئەللىك يۈەننى بارات مولللىنىڭ ئالدىدا قويدى ھېلىقى ئايال.

بارات موللا پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن:

— مەندە يوق، ئەمما ئۇنى تاپماق ئاسان. گوداڭخانىغا بارسىڭىز ئاشۇ ئەتراپتا ئىت پوقى دېگەن تولا. ئازنا كۈنى چىشقانلىرى ئاپئاق بولىدۇ. شۇنى تېرىۋالسىڭىز بولىدۇ. يىلاننىڭ بېشى سەكسەن خالتىچىلارنىڭ ئالدىدا بار. بىرنى ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى.

ئايال بولسا، گويا مۇشكۇل ئىشى ئاسان بولغاندەك چىرايىدىكى غەمكىنلىك تۈگەپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بارات موللا بىلەن شۇ يەردىلا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بارات موللا بولسا، بۇ ئايالنىڭ ئاجراشقان ئېرىگە قايتا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان پەملەپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇنى ئىككىنچى نۆۋەت كەلگەندە بىرنەچچە كۈن قوندۇرۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ پەس ئارزۇسىنى قاندۇرماقچى بولدى.

ئەمدى نۆۋەت ئۈچىنچى ئايالغا كەلگەنىدى. بارات موللا ئۇنىڭغا قاراپ:

— قېنى سىزنىڭ نېمە مۇشكۇلىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

ئايال بىرئاز خىجىل بولغاندەك :

— مەن ھازىرقى ئەرگە ياتلىق بولغىلى بەش يىل بولدى . بىر بالىمىز بار . بالا تۇغۇلغۇچە ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ئامراق ئۆتتۇق . بىر بالىلىق بولغاندىن كېيىن مېنىڭدىن قۇسۇر تېپىپ ، قارىماس بولۇۋالدى ، — دەپ يىغلىغىلى تۇردى .

— يىغلىماڭ ، — دېدى بارات موللا ، — شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ ، ئىچىڭىزگە كىيگەن كالتە ئىشتاننى ئوتتا قىزىتىپ ، ئېرىڭىزگە كۆرسەتمەستىن بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈۋېتىڭ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرىڭىز سىزنى كۆرمىسە ، بىردەممۇ تاقەت قىلالمايدۇ . ئەپ تاپسىڭىز ئېرىڭىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىڭ ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا سۆزى ئۆتمەيدۇ . ئاتنىڭ تاقىسىدىن بىرنى تېپىپ كېلىڭ . ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇپ يەتتە خىل رەڭلىك يىپ بىلەن چىرماپ بېرىمەن . ئۇنى ئوتقا قاقلىسىڭىز ، ئېرىڭىز سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدە كۆيۈپ تۇرالمايدۇ . بىر پارچە قوغۇشۇنغا ئايەت ئوقۇپ بېرىمەن . ئۇنى كونا گۆرگە تاشلايسىز . بۇنىڭ بىلەن ، ئېرىڭىز سىزدىن باشقا بىرەر ئايالنىڭ قېشىغا بارسا كېرەككە كەلمەيدۇ . بىر تال مىخقا ئايەت ئوقۇپ بېرىمەن ، ئۇنى بوسۇغىغا قاقىسىز . بۇنىڭ بىلەن ، ئورنىڭىز ئىسسىپ ، ئۆيىڭىز ئۆي بولىدۇ . بۇنىڭغا بەش يۈز يۈەن كېتىدۇ . تەييارلىقنى پۈختا قىلىپ بەش كۈندىن كېيىن كەلسىڭىز بولىدۇ . ئىش پۈتكۈچە ئۈچ كۈن مەن بىللە تۇرىسىز .

— يېنىمدا پۇل ئازراقكەن ، قالغىنىنى كەلگەندە ئالغاچ كېلەي ، — دېدى ئايال ئىككى يۈز يۈەننى بېرىپ . ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە ياندى .

ئەمدى نۆۋەت چولپانغا كەلگەندى . ئۆيدە چولپان بىلەن ھارۋىكەش ئابدۇللالا قالغان بولۇپ ، ئابدۇللا قوزغالماي پەگادا ئولتۇرۇۋەردى .

# ئون بىرىنچى باب

# قىلتاق

بارات موللا ياشلىقىدىن تارتىپ قىلىپ كەلگەن بۇ ھۈنەرىگە شۇنداق ماھىر ئىدىكى، بۇنىڭ دامىغا چۈشكەنلەر قىلتاقتا بوينى كىرگەن كەپتەردەك، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بولۇپمۇ ئاياللارنى كۆرگەندە، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىپتۇ» دېگەندەك، قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتسىمۇ يەنىلا ئۆلتۈرەلماي قالاتتى. ئۇلارنى قوندۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىرلەر قىلىپ، ھاجەتمەن ئاياللار ئۈچۈن بىجىرىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلارغا ئۇلارنىڭ بىر ئاخشام، ئۈچ ئاخشام ياكى بىرنەچچە ئاخشام قايتىپ كەتمەي، يېنىدا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپ بېرىشىنى شەرت قىلاتتى. مانا ئەمدى چولپاننى كۆرۈپ، يەنە كونا كېسىلى قوزغالدى.

بارات موللىنىڭ كۆز ئالدىدا، بەخت قۇشى، يەنى گۈزەل ئەنقا ئولتۇراتتى. ئۇنى پەم بىلەن قىلتاقتا ئىلىندۇرەلىسە، لەززەت شارابىدا مۇستەغرەق بولۇپ كۆڭلى بىر ــــــ راقلا ئۇسسۇپ كەتكەن بولاتتى. ئەگەر ئۈچۈرۈۋەتسىچۇ؟ ئۇ چاغدا، ئۈمىدىنىڭ شەربىتى يەرگە تۆكۈلۈپ، خىيالى خامغا ئايلىنىپ، مەڭگۈ ھەسرەت ـ

نادامەتتە قالاتتى . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇنى ئۇركىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ، ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى ئويلاپ تەدبىر ئىزدىمەكتە ئىدى . ئاخىر سۆز باشلاپ :

— ئۆزىڭىزنى كۆرمىگەنىكەنمەن . مېنىڭدەك تەنھالىق سەھراسىدا سەرسان بولۇپ ، كۆڭۈل چىمەنىدە دىۋانە بولغان ، شادلىق شارابىدىن نېسىۋىسىز ، خۇۋلۇقتىن نامەھرەم قالغان ، پىتنە ـ پاساتتىن قېچىپ ، چۆللۈكنى ماكان قىلغان ، مال ـ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ، دەردمەنلەرنى ئۆزىگە ئاشنا قىلغان ، باھارى غازاڭ بولۇپ ، خۇشاللىققا تەشنا بولغان مىسكىن بىچارىنىڭ بىسەرەمجان كۆلبىسىگە مۇبارەك قەدىمىڭىز قانداق بولۇپ يېتىپ قالدىكىن ؟ — دېدى .

چولپان بارات موللىنىڭ مەنىلىك كىنايىلىرىنى قانداق چۈشەنسۇن ؟ ئۇنىڭ «بەختنامە» تۇماردىكى سۆزلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان مارجاندەك تىزىلىپ چىقىۋاتقان گەپلىرىنى «ئايەت» مىكىن دەپ قالغاندى . ئاخىرقى «قەدىمىڭىز قانداق بولۇپ يېتىپ قالدىكىن ؟ » دېگەن سوراقتىن ، ئۇنىڭ گەپ سوراۋاتقانلىقىنى بىلدى .

— نەدىكىنى ، — دېدى چولپان ، — داڭقىلىرىنى تولا ئاڭلاپ ، دىدارلىشىشنى ئارزۇ قىلىپ ، ئۆزلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم . بېشىمغا كۆپ چۈشۈپ ، بارمىغان يەر ، ئىزدىمىگەن موللا قالمىدى . نەگىلا بارسام ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىدىكەن . ئاۋۋال خۇدا ، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ بىلىپ ، يىراق يەردىن ئۈمىد بىلەن ئىزدەپ كەلدىم . تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى . ھالىمغا ئىچ ئاغرىتىپ ، خىزىردەك شاپائەتلىرىنى ئايىماي مەن بىچارىنىڭ مۈشكۈل ئىشىغا ئاسانلىق بەرگەيلا .

بارات موللا :

— بۇ كىشى ؟ — دەپ ئابدۇللا تەرەپكە ئىشارەت قىلدى .

— ھېچقىسى يوق ، ئۇرۇق ـ تۇغقان كېلىمىز ، — دېدى چولپان .
— ھە راست ، — دېدى بارات موللا ئابدۇللاغا قاراپ ، — بىز كۆرۈشۈپ تۇرىمىزغۇ ؟
— شۇنداق ، كۆرۈشۈپ تۇرىمىز . مەن بولمىسام سىلىنى ئىزدەيدىغانلار كېلەلمەيدۇ ـ دە . «بىر كۆرگەن تونۇش ، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» دېگەن گەپ بار . تۇغقان بولمىساقمۇ سىرداش بولۇپ قالدۇق ، تۇنۇماس بولۇۋالمىسىلا يەنە ، — دەپ ، ئابدۇللا چاقچاق قىلىپ كۈلۈپ قويدى .
— يوقسۇ ، يوقسۇ ، راست دېدىڭىز ،سىرداش بولۇپ قالدۇق ، پەستە ئولتۇرماي قېنى ئۈستۈنگە چىقىڭ ، — دەپ سۈپىغا تەكلىپ قىلدى . ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ چولپاننىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى .
— خوش !… قېنى خېنىم … مېنى نېمە قىلىپ بەر دېگۈڭىز كەلسە ، شۇنى دەۋېرىڭ . «بەختنامە» ، «ئىسمى ئەئزەم»نى ئاڭلىدىڭىز ، يەنە «كەنزىل ھۈسەيىن» ، «شەمسۇلمائارىپ» دېگەن كىتابلار بار . ئەنە ئاۋۇ يەردە ، — دەپ تاختىا بېشىدىكى كىتابنى كۆرسەتتى ، — بۇ كىتابنىڭ كارامىتى بىلەن ھېلىغۇ ئادەمزات ، ئىنس ـ جىن ئىكەن ، تۆمۈر ـ تەسەكنىمۇ بەند قىلىپ تۈچنى ئالتۇنغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ . ئۇنىڭ يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى يادقا بىلىمەن . ماڭا ماسلىشىپ بەرسىڭىز ھەرقانداق ئىش قولۇمدىن كېلىدۇ . سىلەر ئۈچۈن مۈشكۈل ئىش ، مەن ئۈچۈن بىردەمچىلىك ، قېنى مەقسىتىڭىزنى ئېيتىڭ ؟ جانغىمۇ ياكى تەنگىمۇ ؟ جانغا زەربە ئۇرساق ئۆلىدۇ ، تەنگە زەربە ئۇرساق پالەچ بولىدۇ . ئەگەر كۆڭۈل ئۈچۈن بولغان بولسا ، ئۇنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن يوللىرى بار . ئامراقلارنى ئۆچ قىلالايمەن ، ئۆچنى ئامراق قىلالايمەن . ئەرنى خوتۇن ئالالماس قىلىپ ئالدىنى بەند قىلىمەن ، ئايالنى ئەرنىڭ سۆلۈگىدىن چىقالمايدىغان ، يېنىغا كەلگەنلا ئەرلەر

كېرەككە كەلمەيدىغان قىلىپ پەرجىنى باغلىۋېتىمەن . يەنە «چۆمگەك» سېلىپ ئوغرى تۇتالايمەن . پاقىغا ئايەت ئوقۇپ ئوغرىنىڭ قورساقلىرىنى يېرىۋېتىمەن . جىن چاپلاشقان بولسا ، پېرە ئوينىتىپ مەكىلاتلارنى ئەسكى تاملىق ، كونا تۈگمەن ، يالغۇز دەرەخلەرگە قوغلاپ ، ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن خالاس قىلىمەن . ئەركەك جىنى بار ئاياللارنى ، چىشى جىنى بار ئەرلەرنى «رەدنامە» سى بىلەن پېرە قىلىپ ، ئەر بولسا ئايال بىلەن ، ئايال بولسا ئەر بىلەن قاملىشىپ ئۆي تۇتىدىغان قىلىمەن . مەكىلاتلار بىلەن سۆزلىشىپ ، كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالالايمەن . ياش ۋاقتىمدا مېنى «جىن» ئەپقاچقانىدى . ماڭا باخشىنىڭ ئايەتلىرىدىن تەلىم بەرگەن . سىلەر كۆرمىگەن بىلەن مەن كۆرۈپ تۇرىمەن . شۇ سەۋەبتىن داڭقىم چىقىپ مەشھۇر بولۇپ قالدىم . بىراق بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ قىلىدىغان ئىش . كۆرگەنلا كىشىگە قىلىپ يۈرمەيمەن . بۇنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەرگىغۇ گەپ يوق . لېكىن ، بەزىلەر ئارزۇسى ئىشقا ئاشقۇچە ۋەدىنى چوڭ قىلىپ ، ئىش پۈتكەندە تىترىشىپ ئازراقلا بىرنېمىنى تەڭلەپ ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇۋالىدىكەن . ئاچچىقىمدا گاھىسىنى ياندۇرۇۋېتىمەن ، گاھىسىغا «خەپ» دەپ قويىمەن . قەدرىگە يەتمىگەن كىشىگە بىر ئىش قىلىپ بەرگۈچىلىكى يوقكەن ، — دەپ جىم ئولتۇردى .

چولپان موللىنىڭ پۇلنى كەم بېرەمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە ، يېنىدىن بەش يۈز يۈەننى ئېلىپ بارات موللىنىڭ ئالدىدا قويۇپ :

— بۇ ئازراق كۆڭلۈم ، دەسلەپكىسى بولۇپ تۇرسۇن . ئەگەر ئارزۇيۇم ئىجابەت بولىدىغان بولسا ، سىلىنى ئوبدان رازى قىلىمەن . مېنى باشقىلارغا ئوخشىتىپ قالمىسىلا . «مۇختار قاسساپنىڭ كېلىنى» دېسە ، شەھەردىكىلەردىن مېنى بىلمەيدىغىنى يوق . خاتىرجەم بولۇپ ھالىمغا يەتسىلە ، ۋاقتى كەلگەندە خۇش

بولۇپ قالىلا ، — دېدى .

— ياق ، ياق ، ياق ! — دېدى بارات موللا ، — بۇنى ئۆزىڭىزگە قاراتمىدىم . شۇنداقلا گەپتىن - گەپ چىقىپ دەپ سالدىم . مۇختار قاسساپنى مەنمۇ تونۇيدىغاندەك قىلىمەن ، ھېلىقى بويى ئېگىز ، كۆكرەكلىرى كەڭ ، يۈزلىرى ئاق سېرىق ، يۇمىلاقراق قوي كۆز ، قاڭشارلىق ، چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان ، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى كىشىگە تىكىلگەندە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ، ئەللىك ياش ئەتراپىدىكى پاكىز يۈرۈيدىغان مۇلايىم سۆزلۈك ، مېھرى ئىسسىق بىر كىشى بولىدىغان . سىز مۇختار قاسساپ دېگەن كىشى شۇغۇ دەيمەن .

— شۇنداق ، قېيناتام ئىلگىرى سىلى دېگەندەك مۇلايىم ، ئاق كۆڭۈل ، تېپىلغۇسىز كىشى ئىدى ، ئەمدى ئۇ تامامەن ئۆزگىرىپ ، تەرسالىشىپ كەتتى . ئىلگىرى قارىغانسېرى قارىغۇم كېلەتتى . ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ ، كىشىلەرگە ماختاپلا يۈرەتتىم . مېنىمۇ ئۆز بالىسىدىن زىيادە كۆرەتتى ، دۇكاندىن قايتىپ كەلگەندە قۇرۇق قول كەلمەيتتى ، ئۇنىمغانىغا ئۇنىماي كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىۋاتقان ، زىننەت بۇيۇملىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ، تۇتام - تۇتام پۇلنى تۇتقۇزۇپ : «ئاپىڭىزغا ئاپىرىپ بېرىڭ ، قېيىنچىلىق تارتىپ قالمىسۇن» دەۋاتقان . ھەتتا شىرەم ئورۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ يەيدىغان ، كىيىدىغان ، خەجلەيدىغانلىرىنى بېرەتتى . تۇغقانلىرىمنى دېمەملا ؟ ئۇلارمۇ قېيناتامغا شۇنداق ئامراق ئىدىكى ، مەندىن تارتىۋالىدىغاندەك گاھىدا قىزغىنىپمۇ قالاتتىم . لېكىن ، بۇنىڭ ھەممىسى مەن ئۇچۇن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم . مۇشۇنداق بىر ئوبدان يۈرگەندە كىشىلەر ئۆز ئىشىنى بىلمەي ، خوتۇن تاپتۇق دەپ ئۇ ئادەمنى ئۆيلەپ قويۇشتى . «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك ئاران تۇرغانىكەن ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى شۇنداق ئامراق بولۇپ كەتتىكى ، قولۇم - قوشنىلارمۇ ھەيران قېلىشتى . خوتۇنى

پاسكىنىمۇ شۇنداق قوۋ نېمىكەنكى، شۇنداق ئىشچان، بىردەم بىكار يۈرمەيدىكەن، قېيناتام ئاغزىدىن چىقىرىپ بولغۇچە كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، قىلىپ بولىمىش. قېيناتام توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خوتۇنى بىلەن بولۇپ، مېنىڭ بىلەن ئانچە كارى يوق بولۇپ قالدى. بارا ـ بارا پۇل بېرىدىغان گەپمۇ يوق، كۈندىن ـ كۈنگە تەرى سەتلىشىپ، بۇرۇنقى ھالىتى قالمىدى. مېنىڭمۇ بۇرۇنقىدەك «ۋاي دادا» دېگۈممۇ كەلمەس بولۇپ قالدى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغۇ يېقىنمۇ بارمايدۇ. بۇ ئوغرى خوتۇننى كۆرۈپلا يۈز ئۆرىدى. ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم، ھازىرقى ۋاقىتتا پەرىزاتتەك قىزلارنى ئەر ئالماي قوي پادىسىدەك يۈرگەن يەردە، ئەردىن ئاجرىشىپ چىققانلارنى كىم ئالىدۇ؟ دوستلىرىمغا مۇڭ تۆكسەم، «ھەي ئەخمەق، بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشسە، سېنىڭ ئاپاڭنى ئىزدەيدىغان تۇرساق، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ ئامالىنى سورىمايسەن؟» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپامغا ھال تۆككەنىدىم. ئۇ: «ئىشنىڭ ئوبدان چارىسى — مۇختار قاسساپنى خوتۇنىدىن ئايرىۋېتىش. شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ يەنىلا سېنىڭ چاڭگىلىڭغا چۈشمەي ئامالى يوق. سەن ئورمان مەيدانىغا بارساڭ، ئۇ يەردە بارات موللام دېگەن بىر كىشى بار. دەردىڭنى ئېيتىپ رازى قىلساڭ، مۇختار قاسساپنى خوتۇنىدىن ئايرىپ، توپلىغان پۇللىرىنى توزىتىۋەتمەك بىردەمچىلىك» دەپ يول كۆرسەتتى. شۇئان ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي تۇغقىنىمىزنىڭ ھارۋىسىغا چىقىپ، ئىسسىقنى ـ ئىسسىق دېمەي بۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدىلىكتە ئالدىلىرىدا ئولتۇرۇپتىمەن. يىغلاتسىلىمۇ، كۈلدۈرسىلىمۇ، بۇ ئىش ئۆزلىرىگە باغلىق، — دېدى چولپان بارات موللىغا بېقىپ.

بارات موللا چولپاننىڭ بايانلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ، چىرايلىرىنى بىردىنلا تۈردى ـ دە، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ بىردەم جىم تۇردى. ئاندىن ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغاندەك



كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ چولپانغا قاراپ :
— ھەي ، ھەي ، ھە…ي ! سىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىڭىز بەك مۇشكۇل ئىكەن ، يەنە كېلىپ قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىنى ئاجرىتىپ ، سورۇقچىلىقتا سىلىقۋېتىشىنىڭ گېپىكەن ئەمەسمۇ ، بۇ تولىمۇ گۇناھلىق ئىش ئىكەن . لېكىن ، ئۇلارنى كۆزىڭىزدىن يوقاتمىساق ، دەرد ـ ئەلەملىرىڭىز زەرداپ بولۇپ كېسەل چېقىپ ، ئۆمرىڭىز ئۇزۇنغا بارمايدۇ . مەن ئىبادەتنى تەرك قىلمىغان ئادەممەن . پۇلنى دەپ گۇناھلىق ئىشلارغا قەدەم قويسام بولماس . بىر تەرەپتىن ، سىزگىمۇ ئىچىم ئاغرىدى ، ھېلىمۇ بەرداشلىق بېرەلەپسىز . ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت . ئەمما ئەڭ ياخشىسى باشقا بىرسىنى ئىزدەپ باققايسىز . مۇنداق ئىشنى ئاسانلىقچە بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ . ئاندىن تۇغما بولۇپ ، بىر پۇتنى كۆتۈرۈپ ، بىر پۇت بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ ئوقۇيمىز . بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلارمەنمىكىن دەپ قالدىم . ئوقۇغاندىمۇ نەچچە كۈنگىچە ئەسلىمگە كېلەلمەيمەن . مەن يالغۇز ئادەم ، ئۆزۈمگە ئىش تېپىشۋېلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي . «ئالتە پۇلغا ئىت سويۇپ ، سەككىز پۇلغا قول يۇيۇپتۇ» دەپ ، بەش يۈز كويغا جاننى سېلىپ بەرسەم بولماس ، — دەپ چولپان قويغان پۇلنى چولپان تەرەپكە ئىتتىرىپ قويدى .

چولپان بارات موللىنىڭ «بەختنامە»سىنى ئاڭلىغاندا ، ئۇنىڭ سېھىر ـ كارامەتلىرىگە ئىشىنىپ ، «بۇگۇنىنىڭ ئۆزىدىلا مۇختار بىلەن دىلنارنى ئايرىپ ، دۈشمەننى كۆزدىن يوقىتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ ، مۇختارنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك دۇكاندىن قايتىپ كېلىشىدە چولپاننىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر نەرسىنى ئېلىپ ، كۈلۈپ كەلگەن كۆرۈنۈشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ ، پۈتۈن ئەندىشىلىرى تۈگەپ كۆڭۈل ـ كۆكسى يايرىغاندەك ھېس قىلغانىدى . ئەمدىچۇ ؟ بارات موللا «بەختنامە» نى بېرىشقۇ نېرى تۇرسۇن ، گەپنى ئۇزۇپ ، ئۆزىنى قاچۇرغىلى

تۇردى . چولپان بولسا ، مۇختار بىلەن دىلنارنى ئاجرىتالايدىغان كىشى بولسا ، بارلىقىنى «دو »غا تىكىشتىن يانمايتتى . چولپاننىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش پەقەت بارات موللىنىڭلا قولىدىن كېلەتتى . شۇڭا ئۇ بارات موللىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يانچۇقىدا قالغان ئىككى يۈز يۈەننى ئېلىپ ، ھېلىقى بەش يۈز يۈەننىڭ ئۈستىدە قويدى ـ دە :

— بۇنى ئاز كۆرسىلە بۇمۇ قالسۇن ، — دەپ ، بارمىقىدىكى بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈكنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، پۇلنىڭ ئۈستىدە قويدى .

يەتتە يۈز يۈەن پۇل بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ ئالتۇننىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى سەھەردە كۆل رەڭ بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقىپ كۆتۈرۈلگەن شەپەقتەك ، بارات موللىنىڭ قانسىز چىرايلىرىدىكى يېقىمسىز جۇدۇننى قوغلاپ ، كۆلكە ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلغانىدى . ئۇ بىردىنلا كۆلۈمسىرىگەن ھالدا :

— سىلى خىجىل قىلىپ تۇرۇۋالسىلا ماڭا نېمە ئامال ، بوپتۇ ئەمىسە دېگەنلىرىنى قىلىپ بېرەي ، — دەپ ، پۇل بىلەن ئالتۇننى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى .

بارات موللىنىڭ ئېچىلغان چىرايى بىلەن قىلغان ۋەدىسى چولپاننىڭ ئۈمىد چىرىغىنى پاللىدە يورۇتتى . ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ :

— رەھمەت سىلىگە ، — دېدى ـ دە ، قايتىدىن ئولتۇردى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى بارات موللا ، — قىلماقچى بولغان ئىشىمىز تولىمۇ مۇھىم ئىش . ھۆكۈمەتنىڭ قۇلىقىغا چۈشسە تەگىمەي قالمايدۇ . شۇڭا ئېيتىپ قويايكى ، ئېغىزدىن چىقارغۇچى بولماڭلار . ناۋادا غەيرىي كىشى ئاڭلاپ قالسا ، تارتقان جەبرىمىز بىكار كېتىدۇ ، — دەپ ئابدۇللاغا قارىدى .

— خاتىرجەم بولسىلا ، — دېدى ئابدۇللا ، — مەن ئېغىزىم چىڭ ئادەم . بۇ يەرگە كۆپ قېتىم كېلىپ نۇرغۇن ئىشلارنى

كۆرسەممۇ ، بىركىمگە ئېغىزدىن چىقارمىدىم . ئۇنداق قىلمىسام ، مەن ئاز ـ تولا كىرا بىلەن جان باقىدىغان ئادەم ، ھېچكىم ھارۋامغا ئولتۇرمىسا ، ئاچ قالىمەن دېگەن سۆز . مەن بۇنى ئوبدان بىلىمەن .

— ياخشى ، قېنى قۇلاق سېلىڭلار . سىلەر بۇگۇن بېرىپ ، قارا مۇشۇكنىڭ قۇلىقىدىن قىرىق بىر تال ، قارا ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن قىرىق بىر تال تۇك يۇلۇپ تەييارلاڭلار . بىر سىقىم قىچا ، زىناخورنىڭ زىنادىن كېيىنلا سىيگەن سۇيدۇكىدىن ئىككى قۇتا ئېلىپ كېلىڭلار . ئازراقتىن بولسىمۇ بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، تەييارلايدىغان جابدۇقلىرىنى ئۆزۈم تەييارلايمەن . مۇشۇك گۆشخور ھايۋان ، ئۇ ئەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئېشەك ھېسسىياتچان نەرسە ، ئۇ ئايالغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . قىچا ئۇرۇقى ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ . زىناخورنىڭ سۇيدۇكى ئۇلارنىڭ ئىناق مېھرىنى ئۈزۈپ ، غەيرىيگە ھەۋەس قىلدۇرىدۇ . ئۇنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايەتلىرى بار . مەن ئۇنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ، مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۇكى بىلەن ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۇكىنى رەقىبلەرنىڭ ئۆتەر يولىغا كۆمۈسىز . قىچا ئۇرۇقىنى ھويلىسىغا چاچىسىز . بۇنىڭ بىلەن ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا جېدەل پەيدا بولىدۇ . زىناخورنىڭ سۇيدۇكىنى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسىگە چېچىۋېتىسىز . شۇ كۇندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن رايى يېنىپ ، ئاجرىشىپ كېتىدۇ . بۇنى تەييارلىمىسىڭىز ، ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ ، — دەپ بارات موللا چولپاننىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

چولپان بارات موللىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى ، تاپالايمەن ياكى تاپالمايمەن دېمەي جىم ئولتۇرۇپلا قالدى . بىر تۇرۇپ موللىغا ، بىر تۇرۇپ ئابدۇللاغا قارايتتى . بارات موللا بولسا ، چولپاندىن جاۋاب كۇتمەكتە ئىدى . بىردەم سۇكۇتتىن كېيىن ئاخىر چولپان ئېغىز ئاچتى :

— ۋاي موللام ، قارا مۇشۇك بىلەن قارا ئىشەكنىڭ تاپارمىز . زىناخورنى نەدىن تاپارمىز؟ يەنە كېلىپ ، زىناخورنىڭ زىنادىن كېيىنلا سىيگەن سۈيدۈكى بولسۇن ، دېدىلە . زىنا دېگەن ئۈستىدە قاراپ تۇرىدىغان ئىش بولمىسا ، بۇنى قانداق قىلغۇلۇق دەپ شۇڭا تۇرۇپ كەتتىم ، — دېدى . ئابدۇللا ئارىلىشىپ :

— سىز تاپالمىغان بىلەن بارات موللام بىردەمدە تاپىدۇ . سىز ھەققىنى تۆلىسىڭىز ، موللام تەييارلاپ بەرسە بولمىدىمۇ؟ — دەپ بارات موللىغا قارىدى . بارات موللا ئابدۇللانىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغاندەك ، جاۋابمۇ بەرمىدى . چولپانغا قاراپ :

— خېنىم ، راست دېدىڭىز . زىنا دېگەن ئۈستىدە قاراپ تۇرىدىغان ئىش ئەمەس ، ئەلۋەتتە . شۇڭا زىناخورنىڭ سۈيدۈكىنى سىرتتىن تاپقىلى بولمايدۇ . ئۆزىڭىز قېشىمدا بىر كېچە بىرگە بولىسىز . بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن پۈتىدۇ ، — دېدى .

چولپان بارات موللىنىڭ ھايانى قايرىپ قويۇپ ، ئۇيالماستىن دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدى . چاقچاق قىلدىمىكىن دېسە ، ئۇنىڭ چىرايىدا چاقچاق ئالامەتلىرى يوق ئىدى . راست سۆزلىدىمىكىن دېسە ، يېنىدا كىشىلەر قاراپ تۇرسىمۇ كۆزگە ئىلماي قىلغان بۇنىڭدەك سۆزلەر يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن دەپ قاپاق كۆتۈرۈپ يۈرگەن موللىنىڭ ئەمەس ، بەلكى ئەقلى - ھوشىدىن ئازغان مەستلەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ چىقىشى ناتايىن ئىدى . چولپاننىڭ غەزەپتىنمۇ ياكى خىجىلچىلىقتىنمۇ ئىش قىلىپ يۈزلىرى كۆيۈشكەندەك بولۇپ ، ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى . بارات موللىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ، ئاغزىغا نەچچىنى ئۇرۇۋەتكۈسى كەلدىيۇ ، تۇرۇپلا خىيالى ئۆزگەردى . ئۆز - ئۆزىگە : «ياق ، ئۇنداق قىلماي ، بۇ جىن باخشىسى ئىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسمى ئەئزەمنى بىلىدىكەن . ناۋادا خاپا قىلىپ قويسام مېنى قەستلەپ قويمىسۇن يەنە . ئۇنىڭدىن كۆرە تەدبىر قىلىپ باقاي» دەپ ئويلاپ :

— مەن بولسام ئاجىز خوتۇن كىشى ، بىركىم كۆرۈپ
قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىدە ئاران كەلدىم .
قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى ئېرىم بىلمەيتتى . يانلىرىغا ئاياللار كەم
بولماي كېلىپ تۇرىدىكەن . خىزىردەك سالاپەتلىرى بىلەن
ھەرقاندىقىدىن سەدىقە تىلىسىلە ، بار نېمە بولغاندىكىن بەرمەي
قالماس . پۇلنىڭ كېمى بولسا تولدۇراي . سۈيدۈكنى ئۆزلىرى
تەييارلىغان بولسىلا ئىكەن . ئەگەر ئۈنىڭغىمۇ بولمىغاندا ، مەن
قايتىپ بېرىپ ، سىلىگە يارىغۇدەك بىرەر چوكان تېپىپ كەلتۈرۈپ
بەرسەممۇ مەيلى . كىتابتا «چولپانخانىنىڭ سۈيدۈكى بولمىسا
بولمايدۇ» دەپمۇ يېزىلمىغاندۇ . زىناخور دېگەندىكىن كىملا بولسا
بولىدىغاندۇ . ئۈنىڭغىمۇ بولمىسا ، دېگەن يەرلىرىدىن
چىقالمىغۇدەكمەن ، كۈنىنىڭ بالدۇرىدا ئېرىم دۇكاندىن كەلگۈچە
ئۆيۈمگە بېرىۋالاي ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىدى ،
بارات موللا :

— توختاڭ ، — دېدى . چولپان جىم بولدى .

— قېنى كۆرۈپ باقايلى ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز بولسىڭىز
بولاتتى . ئۆزىڭىز بولمىغاندا ئۆزىڭىزگە ئوخشاش بىرسىنى ئېلىپ
كەلسىڭىزمۇ بولار ، سىزدەك بولمىسىمۇ ، قېنى سىناپ
كۆرەي ، — دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چولپاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان
ئابدۇللاغا قاراپ قويدى . ئابدۇللا بولسا ، بارات موللا توغرىسىدا
نۇرغۇن سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئاڭلىسىمۇ ، ئىشەنمىگەنىدى . بۈگۈن
مانا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى . بارات
موللىغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى . شۇ تاپتا : «ھەي
جوھۇت ، قېرىلىقتىن قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق ،
دېگەن سۆزۈڭگە قارىمامدىغان . ئۆزۈڭنى مەن سېھىر بىلەن
خوتۇنلارنى ئامراق قىلالايمەن دەيسەن ، كۆرۈپ كەلسە ھويلاڭدا بىر
ئېشەكمۇ يوق . ‹موللىنىڭ دېگىنىنى قىل ، قىلغىنىنى قىلما ›
دېگەن ماقال مۇشۇنداق ئوغرىلارغا قاراپ پەيدا بولغان

بولغىيمىتتى؟ ئۇلار ئۆزىنى ئاللانىڭ پاك بەندىسى كۆرسىتىپ، ئادەم بار يەرگە كەلگەندە ئاغزىنى لۆمۈلدىتىپ ئاللانى زىكرى قىلىدۇ. يوق يەردىچۇ؟ خوتۇنلارغا ھەزلە قىلىدۇ. بەزىلىرى ئۆيدە خوتۇنى تۇرسا قانائەت قىلماي، ئىككى، ھەتتا ئۈچ ـ تۆت خوتۇن ئېلىۋالىدۇ. بەزى ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان مۇناپىقلار ياۋاش ـ يۇمشاق، نادانلارنى تاپقاندا نومۇس قىلماستىن توققۇز ـ ئون ياشلىق قىزلىرىغا «دۇئا» قىلىپ خوتۇنلۇققا ئېلىۋالىدۇ. مۇشۇنداق مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتى ياخشى موللا ـ ئۆلىمالىرىمىزغىمۇ يېتىپ، گۇمان پەيدا قىلىدۇ. «بىرىنىڭ پوقى مىڭغا» دېگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ» دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى.

چولپان ئابدۇللاغا قاراپ:

— بىز ماڭايلى، كۈنمۇ بىر يەرگە باردى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن بارات موللىغا:

— بىز قاچان كېلىمىز؟ — دېدى.

— قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى، — دېدى بارات موللا.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى چولپان بارات موللىغا ۋەدە بېرىپ، — مەن ئۇزاق بولغاندا ئۈچ كۈن، بولمىسا، ئىككى كۈن ئىچىدە پەيدا بولىمەن. ھېلىقى «بەختنامە» تۇماردىن ماڭىمۇ بىرنى تەييارلاپ بەرسىلە. قەدىرگە يېتىپ سېتىۋالىمەن.

شۇنداق قىلىپ، چولپان بارات موللا بىلەن خوشلىشىپ ياندى.



# ئون ئىككىنچى باب

# ياندىن چىققان ياتىياق

چولپان بارات موللا بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ ، قايتقاندا ، كونا يانغا ئۆتۈپ ، سۈس چىقىۋاتقان شامالنىڭ قوزغىشىدىن جىمجىت تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى يېنىك تەۋرىنىپ ، ھاۋا سەل ـ پەل سالقىنلاشقانىدى . ئەتراپ جىمجىت ، تېرەك ئۇچلىرىدا چاڭگا تىزغان كۆكىنەكنىڭ ئۇۋىسىغا يېقىن كەلگەن بىر قاغا بىلەن جەڭ قىلىپ سايراشلىرى بىلەن ئورمان ئاستىدا ئۆسكەن بوز بۇينىڭ چېچەكلىرىگە قونۇۋالغان قارا ھەرىنىڭ غوڭۇلداشلىرىدىن باشقا ، ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى .

ئابدۇللا ھارۋىنى ھەيدەپ يولغا چىقىشى بىلەن ، قارا ھەرىلەر قوزغىلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، ئۆزلىرىنى چولپانغا كەپتەرگە تەگكەن لاچىندەك ئۇرۇپ «ئەمدى بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلگۈچى بولما» دەپ ھەيدەۋاتقاندەك قىلاتتى . چولپان ئۇنىڭ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ نەشتەر ئۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ :

— ئابلاجان ! تېز بولۇڭ ، ئىش يامان بولدى . قارا ھەرە چېقىۋالسا ساقايماسمىش ، — دەپ ، ھەرىلەر ئېتىلىپ كەلگەندە

رومالنى دالدا قىلىپ ئۆزىنى قوغداۋاتاتتى .

ئابدۇللا بولسا ، چولپاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ، ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي ، ئالىجەدىنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ خىيالى بارات موللىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدە ئىدى . تېخى ھازىرلا بىر ئايالنى شۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھېيىقماستىن «بەش كۈندىن كېيىن كېلىپ ئۈچ كۈن مەن بىلەن بىللە تۇرىسىز» دېدى . مانا ئەمدى چولپانغا دېگەن سۆزلىرىمۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئوخشاشلا بىر مەنىدە ئىدى . ئەمما ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئورۇندايتتى . چولپانمۇ قارشىلىق بىلدۈرمىدى . ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى تېپىپ بەرمەكچى بولدى .

ئابدۇللا بىلدىكى ، بارات موللىنىڭ قېشىغا كەلگەنلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭ قاپقىنىغا دەسسىمەي قالمايتتى . ھەتتا ئۆزىنى «مەن بۇۋى» دەپ يۈرگەن چولپاننىڭمۇ ئۇنىڭغا باش ئەگكەنلىكىدىن قارىغاندا ، نۇرغۇن ئاياللارنىڭ يوشۇرۇن كېلىپ ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇپ ، ئەرلىرىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىكى ئېنىق ئىدى .

چولپان ھەرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ ، خىيال دەرياسىدا ئۈزمەكتە ئىدى . بارات موللىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا تېپىرلاپ ياتقان ئۆچكىدەك بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ ، يەنىلا ياشلىق تەلەپ قىلىپ ، نومۇسنى قايرىپ قويۇپ «قېشىمدا بىر كېچە ھەمراھ بولۇڭ» دېگەن سۆزلىرىنى ھاقارەت دەپ بىلدى ، ئەمما چولپان ئۈچۈن مۇختار قاسساپنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى . ئەگەر مۇرادىغا يېتەلەيدىغانلا بولسا ، ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا ، شۇنى بېرىشتىن يانمايتتى . چولپاننىڭ قورقۇۋاتقىنى — بارات موللىنىڭ تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلىرى ئىدى . دېمىسىمۇ ، ئۇ بىر ئايال كىشى تۇرسا ، يەنە كېلىپ ئۆزىنى «بۇۋى» كۆرستىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئاسانلا تارتىدىغان غەلىتە فورمىدا ياسىنىپ يۈرسە ، نەدىمۇ قارا مۇشۇك

ۋە قارا ئېشەكلەرنى ئىزدەپ ، بىرىنىڭ قۇلىقىنى ، بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرەلىسۇن ، زىناخورنىچۇ تېخى ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولمايدىغان تەلەپ ، «بەرمەس قىزنىڭ تويلىقى ئېغىر» دېگەننىڭ ئۆزى ئىدى . ئەمدى ئۇ پۇلنى ئېلىپ بولدى ، ھەرگىزمۇ قايتۇرمايدۇ . چۈنكى ، بارات موللا سۆزىدىن يېنىۋالمىدى ، ئۇنىڭ دېگەن شەرتلىرىنى چولپان ئورۇندىيالمىدى .

چولپان كۆپ ئويلاپ ، بىرەر ئادەم ئىزدەپ ، شۇ ئارقىلىق تاپىدىغاننى تاپماقچى بولدى ، ئويلىنا ـ ئويلىنا بۇ پىكرىدىنمۇ ياندى . «بۇ بىر مەخپىي ئىش تۇرسا ، قانداقمۇ يات كىشىگە دېگىلى بولسۇن . ئەگەر ئاشكارىلاپ قويغۇدەك بولسا ، ئۇ چاغدا ئەھۋال نېمە بولماقچى . ياق ، ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىقىم لازىم . ئۇنداقتا ، قانداق قىلغۇلۇق ؟ ۋاز كېچىش كېرەكمۇ ؟ ناۋادا ۋاز كەچسەم بەرگەن پۇلنى قايتۇرغىلى ئۇنامدۇ ـ يوق ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ، مۇرەككەپ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ تۇرغىنىدا ، قارشى تەرەپتىن ، توپىلاڭدا مىنەلمەي ۋېلىسىپىتلىرىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئىككى قىز يېقىنلاپ كېلىپ ، ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۇزۇپ ، دىققىتىنى ئۆزلىرىگە تارتتى .

قىزلارنىڭ ئىككىلىسى يىگىرمە ياش ئەتراپىدا بولۇپ ، دېمەتلىك ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى . كىيىنىشى ، تەقى ـ تۇرقىمۇ باراۋەر بولۇپ ، چىرايلىرىمۇ پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە ئوخشاش ئىدى . بىر كۆرگەن كىشى بۇ قىزلارنىڭ قوشكېزەك ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايتتى . ئىككىلىسى چاچلىرىنى ئەرلەردەك قىسقا قىلىپ ياسىتىپ ، لەۋلىرىنى قېنىق قىزىل بوياپ ، يۈزلىرىگە ماي سۈرۈپ ، يەڭسىز قىسقا كوپتا بىلەن بەدەنلىرىگە چىپمۇچىپ كېلىدىغان ئىشتان كىيىۋالغانىدى . قارا ئىشتاننىڭ ئېغى تۆمۈر سىرتما بىلەن چېتىلغان بولۇپ ، تولا سىيرىپ ئاقىرىپ كەتكەن مېتال قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى .

قىزلار ھارۋىنىڭ توپىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يولدىن چىقىپ

تۇردى ، چولپان بۇ قىزلارنىڭ موللا ئىزدەپ ماڭغانلىقىنى بىلىپ :
«ئىككىسىنىڭ بېشىغا نېمە كۈن چۈشكەندۇ؟ بۇلارنى كۆرگەندە
بارات موللام نېمە دەركىن ، ئۇيالماستىن بىر ئاخشام ئۆيۈمدە
تۇرىسىز دەپ تۇرارمۇ؟ موللىنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىدۇ ، ياق ،
ئۇنداق ئەمەس . بۇنىڭدەك ئىشنى پەقەت بارات موللىدەك يول
تۇتقانلار قىلسا كېرەك» دەپ مۇرەككەپ خىياللار بىلەن
كېتىۋاتقاندا ، ئابدۇللا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ :
— خانىم ، بۇ قىزلارنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى .
— ياق ، كۆرمىگەنكەنمەن ، — دېدى چولپان .
— بۇ قىزلار داۋاملىق كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇرىدۇ ، — دېدى
ئابدۇللا ، — تالاي قېتىم ھارۋامدا ئولتۇرۇپ ئوغۇل دوستلىرى
بىلەن سەيلىگاھلارغىمۇ بارغان . ئاڭلىشىمچە ، ئىككىسى
قوشكېزەككەن . ئاتا - ئانىلىرى پۇلدار كىشىلەردىن بولۇپ ،
قىزلىرى ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەندە ئاجرىشىپ كېتىپتۇ .
بالىلىرى ئارىلىقتا چوڭ بولىدىغانغا توختاملاشقانىكەن . ئاتا -
ئانىسى قىزلىرىنىڭ يېتىم بولۇپ قالغىنىغا ئىچ ئاغرىتىپ ،
قايسىسىنىڭ قېشىغا بارسا ، جىق - جىق پۇللارنى يانچۇقىغا سېلىپ
قويىدىكەن . بالىلىرىنىڭ رايىنى ياندۇرماي نېمىنىڭ غەلۋىسىنى
قىلسا ، شۇنى ئېلىپ بېرىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بەتخەج بولۇپ
كېتىپتۇ . ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن گاھىدا ئۆيگە
كەلمەس بولۇپ قاپتۇ . ئاتىسى سورىسا ، ئاپامنىڭ قېشىدا ياتتىم ،
دەيدىكەن ، ئاپىسى سورىسا ، ئاتامنىڭ قېشىدا ياتتىم ، دەيدىكەن .
شۇنداق يۈرۈپ ، ناھايىتى ئىنتائەتسىز چوڭ بوپتۇ . ئارىدىن ئۇزاق
ئۆتمەي ، ئاتىسى قازا قىپتۇ . ئاپىسىمۇ ئەرگە تېگىپتۇ . ئاتىسى
ئۆلگەندىن كېيىن پۇل بېرىدىغان ئادەم تۈگەپتۇ . ئاپىسى ئۆگەيىنىڭ
ئالدىدا سىغدۇرالماپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئىگىسىز قاپتۇ ، يانچۇقتا
پۇل يوق ، كىيگىسى ، يېگۈسى كەپتۇ . خەجلەپ ئۆگىنىپ قالغاچقا
كۆنەلمەپتۇ . بۇ ئەھۋالدا مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان ھەقلەرنى قانداق
تۆلىيەلىسۇن؟ پۇلى بولمىغاچقا ، مەكتەپتە ئوقۇيالماپتۇ . بارا -

بارا جەمئىيەت ياشلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلاپتۇ . گاھىدا بەزىلەردىن پۇل قەرز ئېلىپ خەجلەپتۇ ، قەرزنى قايتۇرالمىغاچقا ، قاراڭغۇ كوچىغا كىرىپ ، كوچىغا چىقىپ قاپتۇ . ئەمدى ئۇلاردا ھايا ، نومۇس دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تۈگەپ ، پۇل بولسىلا بولىدىغان بوپتۇ . ئىككىسىنىڭ بارات موللامنىڭ قېشىغا مېڭىشىدا ، يا ئاتىسى چۈشكە كىرىپ قالغاندۇ ياكى ئۆز كېلەچىكى ئۈچۈن پال ئاچتۇرىدىغاندۇ . ئۆز بەختىنى ئويلىمايدىغان كىم بار ؟ ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار دەڭا ؟ ئىككىسىنى كۆرۈپ ئۆتمۈشنى ئەسلەپ قالدىم . ھازىرقى ياشلار بىر باللىق بولۇپلا ئاجرىشىدىغان بولۇۋالدى . يېتىم باللار كۆپەيگىلى تۇردى ، بۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىمايدىكەن ، ئاشۇ يېتىملەر چوڭ بولغاندا ئاتا - ئانىلىرىدىن نەپرەتلەنمەسمۇ ؟ ھازىر كۆڭۈل قوغلىشىپ يۈرگەنلەر كەلگۈسىدە قېرىماسمۇ ؟ ئىگىسىز بىچارە يېتىملەر چوڭ بولغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرۈپ ، قانداق جاپالارنى تارتىپ كېتەر ؟ چوڭ بولغاندىمۇ يېتىمنىڭ يەنىلا يېتىملىكى بار - دە . ھېلىقى قىزلارنىڭ كوچىغا چىقىپ قېلىشىغا ئاتا - ئانىلىرى سەۋەبچى بولغان . ئەگەر ئۇلار بىر ئۆيدە بولغان بولسا ، بىرسى ئۆلسىمۇ باللىرىغا بىرسى قارايتتى . ئەلۋەتتە ھازىر ئاجراشماقنىڭ ئاسانلىقىنى دېمەمدىغان ، مەن ھازىر بەزى ئىشلارنى كۆرسەممۇ ئانچە نەپرەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم .

— بۇ گەپلەرنى بولدى قىلىپ ، ئۆز غېمىمىزگە يىغلايلى ، بارات موللام بىرمۇنچە تېپىلمايدىغان نېمىلەرنى بۇيرىدى . قىچا ئۇرۇقىنىغۇ جۇۋازخانىدىن تاپارمىز . ئېشەكنىمۇ تاپارمىز . مۇشۇكلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن تۇرسا ، يەنە كېلىپ قارىسىنى قانداق تاپارمىز ؟ خوتۇنىچۇ ؟ بىراۋنىڭ قېشىغا بېرىپ : «بارات موللامغا سۈيدۈك لازىمكەن ، بىر ئاخشام يېنىدا يېتىپ ، سىيىپ بېرىڭ» دەپ قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن ؟ مېنىڭچە ، ماڭغان يولىمىز بىكار كېتىدىغاندەك قىلىدۇ ، — دەپ ھەسرەتلىك خورسىندى چولپان .

ئابدۇللا :

— «ئىش كۆرمىگەننى قېشىڭغا يولاتما» دېگەن راستكەن ـ ده ، تېخى بىسمىللا دېمەيلا بەل قويۇپ تكىننى كۆرمەمدىغان . قانچىلىك ئىشتى ئۇ؟ پۇل بولسا تېپىلمايدىغان نېمە بار؟ نى ـ نى نەرسىلەرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىكەنغۇ؟ غوپۇر سەرگەردان دەپ بىر نېمە بار ئىدى . پۇل تاپقانىكەن ، مۇئاۋىنمۇ ئەمەس ، بىر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى بولدى . يەنە ئابدۇللا دەمدۇ ، ئايۇپ دەمدۇ ، بۇ ئىككى قولاق كەستى بىردىن شىركەتكە پاي قوشقان بولۇپلا قولغا كىرگۈزۈۋالغانمىش . سىزدە شۇنداق بايلىق تۇرۇپمۇ مۇشۇكنىڭ قولىقى ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ۋە يەنە زىناخور خوتۇن دېگەندەك نەرسىلەرگە كۆچىڭىز يەتمەمدا ، كۆزىڭىز قورقىۋاتىدۇ ، پۇلىنىلا چىقارسىڭىز مانا مەن تېپىپ بېرەي ، — دېدى . چولپان :

— پۇل بىلەنغۇ جاننىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ دەيدىكەن . لېكىن ، هازىر پۇل بولغان بىلەنمۇ مۇشۇكنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ هازىرقى ۋاقىتتا چاشقان دورىسى بىلەن مۇشۇكلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن تۇرسا ، — دېدى .

— ياق ، — دېدى ئابدۇللا ، — مۇشۇك دېگەن ئۆلۈپ تۈگىمىدى . مانا مەن مۇشۇكنى تاپالايمەن . زىناخورغا كەلسەك ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — هازىر دېگەن تاپقىلى بولمايدىغان بۇرۇنقى زامان ئەمەس ، ئىلگىرى ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىمايتتۇق . بەزى كىنو ـ تېلېۋىزورلاردىكى سەلبىي كۆرۈنۈشلەر كىشىلەرگە يامان تەسىرلەرنى بېرىپ ، كىچىك باللارمۇ بەش يېشىدىلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىدىغان ، چوڭلارغا مۇھەببەت يوللىرىنى چۈشەندۈرىدىغان بولۇپ كەتتى . بۇ ھېلىقى بىز ئىزدىمەكچى بولغانلاردەكنى يېتىشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ قالدى . شۇ سەۋەبتىن ، چوڭ بولغاندا ناچار قىلىقلارنى ئاددىي ئىش دەپ قاراپ ، بىر قىسىملار قاۋاقخانىلاردا هاراق ئىچىپ ، خىلۋەت جايلاردا تېنىنى سېتىپ ، قىلغان ئىشى يۇرۇشمىسە ، لەززەتخانىغا ئۆزىنى سېتىپ يۈرۈۋاتىدۇ . قاراڭغۇ كوچىلاردا ۋە ياكى چوڭ رەستىلەردە چىرايلىق ناملار بىلەن ۋۇيۇسكا

ئېسىپ، ئازغان قىزلارنى توپلاپ، ئىپلاس، لۈكچەكلەرگە ئۇلارنى تاشلاپ بېرىپ، پۇل توپلاپ يۈرگەنلەرمۇ ئىزدىسىڭىز تېپىلىدۇ. ئاشۇنداق قىزلار يېشى چوڭىيىپ خېرىدار قاچقاندا قوغلاپ چىقىرىلىپ، زىناخورلار قوشۇنىنى كۆپەيتمەكتە. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمدىمۇ ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم بار. مېنىڭ بېشىمدىنمۇ مۇنداق بىر ئىش ئۆتكەن:

بىر كۈنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ۋىلايەتكە باردىم. شەھەرنىڭ ئىچى شۇنداق پاكىز ھەم چىرايلىق ئىكەن. بىردەم تاماشا قىلغۇم كېلىپ، ئاندا مېڭىپ ـ بۇندا مېڭىپ، بىر چاسا دوقمۇشقا سېلىنغان ئېگىز بىنانىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىگە ئېسىلغان «مۇنچا» دېگەن خەتكە كۆزۈم چۈشتى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، يۇيۇنۇپ چىققۇم كەلدى. ئىچىگە كىردىم، تار كارىدور ئىكەن. بەش مېتىر ماڭغاندا توغرا تام بىلەن توسۇلۇپ، ئوڭ تەرەپتە بىر ئىشىك كۆرۈندى. ئىتتىرىپ ئېچىپ ئىچىگە كىرسەم، يوغان ئۆي ئىكەن. ئۆينىڭ ئىچى يېرىم قاراڭغۇ بولۇپ، لۇشاڭ[1] قويغىلى تۇرۇپتۇ. ئات يۈز، ياپما قاپاق، قىرىق ياش ئەتراپىدىكى بىر ئەر كىشى كەنتىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ماڭا قاراپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا ئېگىلىپ سالام بەردى. مەنمۇ جاۋاب سالام قايتۇردۇم. ئاندىن مېنى ياندىكى ساپاغا تەكلىپ قىلدى. ئۆينىڭ ئىچىدە قاۋۇل يىگىتلەردىن ئوخشاش كىيىنگەن تۆت نەپىرى ئولتۇراتتى. ئۇلار ماڭا پىسەنتمۇ قىلمىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ مۇز چىرايى، سۇرلۇك قىياپەتلىرىنى كۆرۈپ زادىلا ياقتۇرمىدىم. ھېلىقى سالاملاشقان كىشى «قارس» قىلىپ بىر چاۋاك ئۇرغانىدى، «مانا مەن كەلدىم خوجايىن» دەپ بىر چوكان چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلمايلا مېنى ئىشارەت قىلدى. ئۇ چىقىپ كېتىپ، كۆكسىگە پارقىراق لىپتىك تارتىپ، كىچىككىنە تورسۇق كىيىۋالغان بەش نەپەر قىزنى باشلاپ كىردى. ھېلىقى خوجايىن

---

① لۇشاڭ — سىنقويغۇ.

ماڭا قاراپ، ئېگىكى بىلەن قىزلارغا ئىشارەت قىلدى. مەن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئېنىقراق چۈشىنەي دەپ خوجايىنىنىڭ كۆزىگە قارىدىم. ئۇ يەنە ئىشارەت قىلغانىدى. ئۇلار چىقىپ كېتىپ، يەنە بەش نەپەر قىز كىردى. خوجايىن مەندىن: «بۇلار قانداقراق ئىكەن؟» دەپ سوراپ كۈلدى. «نېمىدېگەن چىرايلىق قىزلار بۇ، بىر - بىرىدىن پەرق ئەتكۈسىز ھەممىسى ئوخشاش ئىكەن» دەپ ماختىدىم. كۆڭلۈمدە: «رېستورانلاردىكى ئىسپانكا كىيىۋالغان كۈتكۈچى قىزلاردەك، مۇنچىنى تازىلاپ، مۇلازىمەت قىلىدىغانلار بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. «قايسىسى ياردى؟» دەپ سورىدى خوجايىن مەندىن. «ھەممىسى» دېدىم. «يۈز يۈەن!» دەپ قولىنى سۇندى. شىمىنىڭ يانچۇقىدا مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇلۇم بار ئىدى، قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، بارمىقىم بىلەن ئايرىپ يۈز يۈەنلىكتىن بىرنى ئېلىپ كەنتىر ئۈستىدە قويدۇم. ھېلىقى ئولتۇرغان تۆت كىشىنىڭ بىرى: «مېھماننى باشلا» دېگەنىدى، ئۇ مېنى ئەگەشتۈرۈپ كارىدورنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىك بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئىشىكتىن كىرىپلا ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. شوتىدىن چۈشكەندە، ئاستىنقى قەۋەتنىڭ ئىشىك تۈۋىدىكى ئۆيدىن بىر قىز چىقتى، مېنى باشلاپ كەلگۈچى مېنى ئۇ قىزغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئوڭ تەرەپتە تاختاي بىلەن توسۇلغان كاتەك - كاتەك يۇيۇنۇش ئورۇنلىرى بار بولۇپ، سول تەرەپتىمۇ ئاشۇنداق كىچىك - كىچىك توسۇلغان ئۆيلەرگە بىردىن كارىۋات قويۇلغانىدى. ئارىلىقتا بىر مېتىر كەڭلىكتە كارىدور قالدۇرۇلۇپ، مۇنچا بىلەن كارىۋاتلىق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىپ ئىشىك بېكىتىلمەي ئوچۇق قالدۇرۇلغانىكەن. ئىشىك تۈۋىدىكى مۇنچىدا بىر ئەر يۇيۇنىۋاتاتتى، يېنىدا بىر قىز ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سوپۇن سۈرتمەكتە ئىدى. ئۇقماستىن كىرىپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ، يۇيۇنۇشنى ياكى چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇراتتىم،

يېنىمدىكى ھېلىقى قىز مەن كۆڭلەكنىڭ تۈگمىسىگە قولۇمنى ئاپىرىپ بولغۇچە كەمەرلىرىمنى يېشىپ بولدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىمىغانغا قويماي كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ قولۇمدىن سۆرەپ ئىچكىرىگە — ئەڭ چەتتىكى يۇيۇنۇشخانىغا ئەكىرىپ ، باشتىكى خانىدىكى قىزنىڭ قىلىقلىرىنى قىلغىلى تۇردى . ئۆزىمۇ يۇيۇندى . پاكىز بولغاندا ئۇدۇلدىكى كارىۋات قويۇقلۇق جايغا باشلاپ كىردى . نېمىلا دېگەن بىلەن مەنمۇ بىر ئەر تۇرسام ··· ئۇ يەردىن چىقىپ ، ئىشىك تۈۋىدىكى ئۆيگە كىيىم كىيگىلى ماڭدۇق . بېرىپ كىيىمىمنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن كۈتكۈچى قىز ماڭا : «بىر يۈز ئەللىك يۈەن» دېدى . «پۇلنى بېرىپ بولغان . خوجايىن ئالدى ، باشقا پۇلۇم يوق» دېگەنىدىم . «بەرگەن يۈز يۈەن خوجايىننىڭ ھەققى ، مېنىڭ ھەققىمگە يۈز ئەللىك يۈەن ئالىمەن . بەرمىسەڭ قوغدىغۇچى چاقىرىمەن» دەپ چىڭ تۇردى . مەن : «بەرمەيمەن» دېدىم . ئىشىكنىڭ يېنىدىكى كونۇپكىنى بىرلا باسقانىدى . فورما كىيىۋالغان ئىككى ئەر كىرىپ مېنى تۇتقان پېتى سۆرەپ خوجايىننىڭ ئالدىغا تاشلىدى . ھېلىقى تۆت نەپەر ئادەم مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ماڭا ئېتىلىشتى . قورقۇنچتىن ئۆلەي دېدىم . «ۋاي بېرەي ، ئۇرماڭلار ! قانچە دېسەڭلار بېرەي» دەپ يالۋۇرغاندىم ، قول سالمىدى .خوجايىن : «جەرىمانە بىلەن قوشۇپ ئۈچ يۈز يۈەن بېرىسەن» دېدى . قارىسام ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ . ئېرىيدىغاندەك ئەمەس . ئۈچ يۈز يۈەننى بەردىم . پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالسىمۇ بېرىۋەتكۈدەك قورقۇپ كەتكەنىدىم . بىردەملىك خۇشاللىقىمدىن ئەسەرمۇ يوق ، پۇل دەردىدە ئىچىم ئېچىشىپ ، يۈرەكلىرىمنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولۇپ كەتتىم . ئاڭلىسام ، بۇنىڭدەك ئىشرەتخانىلار نۇرغۇن جايلاردىن تېپىلىدىكەن . بۇ جايدىكى قىزلارنىڭ بەزىسى يۇرتىدىن يامانلاپ چىقىپ يامان ئادەملەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ قېلىپ ، مەھكۇم بولغانلار ، بەزىلىرى ئىش تاپالماي ئۆز ئىختىيارى بىلەن توختاملاشقانلار ۋە بەزىلىرى پۇلنى دەپ تاپتىن چىققان شەرمەندىلەر

ۋە يەنە بىر قىسمى دەللاللارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ كېلىپ ، ئەمدىلىكتە چىقىش يولىدىن ئايرىلغان بىچارىلەر بولۇپ ، خوجايىنلىرى توختام بىلەن ئالغانلىرىغا قىلغان كىرىمىنىڭ يېرىمىنى بېرىدىكەن ، بوزەكلىرىگە بەرمەيدىكەن ياكى ناھايىتى ئاز بېرىدىكەن ، يېشى چوڭلىرى ھەيدەپ چىقىرىلىدىكەن .

مەن ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ ئۆيۈمگە بارغاندىن كېيىن نېمە بولدى دېمەمسىز ؟ مۇنچىدىكى كۇتكۇچىدىن يۇققان كېسەل تۇپەيلىدىن بىر يىل داۋالىنىپ ئاران ساقايدىم . مېنىڭدىن ئايالىمغا يۇققانىكەن . ساقايغىچە قىلمىغانلىرىمىز قالمىدى . بۇمۇ خىروئىن بىلەن بىر قاتاردىكى زەھەر ئىكەن .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بۇ زەھەر بىزنىڭ يۇرتىمىزغىمۇ كەپتۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم . ئەخمەقلىقىدىن بەزىلەر تاپقان پۇلنى شۇنداق يەرلەرگە خەجلەپ ، خوتۇن ـ باللىرىنىڭ يالىڭاچ قېلىشى بىلەن كارى يوق يۈرۈيدۇ . ئاڭلىشىمچە ، ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ ئىچىدە كادىردىن تارتىپ ، يېزا ـ شەھەر ياشلىرىغىچە ، ھەتتا كۈندە تېپىپ كۈندە يەيدىغان ھارۋىكەش ، دېھقان بوۋايلارغىچە بارمىش . خېلى ئوبدان ئائىلەرنىڭ باللىرىمۇ ئاشۇنداق يەرلەرگە ئۆگىنىپ قېلىپ ، ئاتا ـ ئانىسىنى پۇلغا قىستاپ قاقشىتىپ يۈرگەننى ئاڭلىدۇق . بۇ يەرنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن سۆزلەشسە ، پۇلنى بەرسىلا قول ئاستىدىكى يولدىن چىققان قىزلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ لازىم قىلىۋېلىشىغا بەرگۈدەكمىش . مۇشۇنداق قىلغانلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم . سىز ئاشۇنداق جاينىڭ خوجايىنلىرى بىلەن سۆزلەشسىڭىز ، بىر كېچىلىكىنى ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەنگە بېرىدۇ . بارات موللىغا ئاپىرىپ بەرسە قانداق سىيدۈرسە ، سىيدۈرمەمدۇ .

— بۇنىڭدەك ئىشلار تۈزەلمەسمۇ ؟ — دەپ سورىدى چولپان نەپرەتلەنگەن ھالدا .

— ھەي نېمە دىگۈلۈك ، — دېدى ئابدۇللا ، — تۈزەلمىكى تەس ، ئەمما ، ھامان بىر كۈنى تۈزىلىدۇ . ئۇ يەرلەرگە بەزىدە

چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار ئادەملەرمۇ كىرىدۇ. يېقىندا چوڭ بىر مېھمانخانىنىڭ باشلىقىنى بىر ئاخشىمى ھارۋامغا چىقىرىپ بىر بۇرادىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئارقا كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر چاسىدىكى ئىككى قەۋەت ئىمارەتكە ئىسىپ قويغان، «تاڭ سەھەر مۇنچىخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئوقۇپ، مېنىڭدىن: «بۇ قەيەر؟» دەپ سوراپ، گەپكە سالدى. مەن ئۇ يەرنىڭ لەززەتخانا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. «لەززەتخانا» دېدىم. ئۇ قايتا گەپ سورىماي جىم ئولتۇردى. «مۇشۇنداق جايلار يوقالماسمۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ۋاي تاڭەي؟» دېدى، بىردەمدىن كېيىن، «ھازىر مېھمانخانىلارنىڭ بەزىلىرىدە دەللاللار بىر قەۋەتنى پۈتۈن سېتىۋېلىپ يىگىرمە - ئوتتۇز قىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوچۇق - ئاشكارا پۇل تېپىۋاتىدۇ. بىزمۇ ھازىر ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانچە پۇل تاپىمىز دەپ، كۈندۈزلىرى بىر ياتاقنىڭ بىر سائەتلىكىنى سەككىز يۈەندىن بېرىۋاتىمىز. قاراپ ئولتۇرسام، ئەل - ئاغىنىلىرىمىنىڭ، تونۇش - بىلىشلىرىمىنىڭ — بەزىلىرىنى ئېغىزدىن چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ — خوتۇنلىرىنى پۇلدارلار، قاسساپ، كاۋاپچى دېگەندەك نېمىلەر ياتاق سېتىۋېلىپ، يېتىلەپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. نەچچە قېتىم ھېلىقى خوتۇنلار مېنى كۆرۈپ قېلىپ يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئۆتۈپ كەتتى. كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ھەممىسىنىڭ ئىش ئورنى بار خوتۇنلار. مېنىڭ كۆڭلۈمگىمۇ ھەر قىسما ئىشلار يېتىپ كەتتى» دەپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلارنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئىشسىزلار، سالپا - ساياقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق يەرگە توپلىشىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر قورساق تويغانغىلا رازى بولىدىغانلار. ئاز - تولا پۇل بەرسىڭىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىدۇ. ئۇ يەردە كىشىنىڭ قولىغا قاراپ، ئادەم بېرىپ بولغۇچە چاپاننىڭ توپىلىرىنى قېقىپ چاپلىشىۋالىدىغانلاردىن قانچىسى كېرەك بولسا، شۇنچىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئاشۇلار زىناخور بولماي نېمە؟ سىز

تاپالمايمەن دەپ قورقسىڭىز ، يېڭى بازارغا باشلاپ باراي . بىر ئەمەس ، ئوننى دېسىڭىزمۇ تاپالايسىز .

بۇنى ئاڭلىغان چولپاننىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرى تۆگەپ ، خۇددى تۈن قاراڭغۇسى تارقىلىپ ، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ نۇرى پۈتۈن ئالەمنى يورۇتىۋاتقاندەك كۆڭلى ۋاللىدە يورۇدى . ئۇنىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىدىن يانغىن كۆتۈرۈلگەندەك بولدى . «يېنىمدا بىر ئوبدان يانتاياق تۇرسا ، ‹چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ › دەپ ، نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق بۇ ئادەمنى ئويلىمىغاندىمەن » دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ :

— ئۇنداق بولسا ، پۇل مەندىن بولسۇن ، تاپىدىغاننى سىز تېپىڭ . ھەققىڭىزنى ئوبدان بېرىمەن ، — دېدى . ئابدۇللامۇ ماقۇل كۆردى .

چولپان بىلەن ئابدۇللا مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن بولۇپ ، كەڭرى ئورمانلىقنىڭ ئەگرى ـ توقاي توپىلاڭ يوللىرىدىن چىقىپ بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى . ھارۋا يېزا تاشيولىغا چىققاندا ، ھاۋا خېلى سالقىنلىشىپ قالغانىدى . يېزا تاشيولىدا ھېلىھەم ماشىنا ـ تراكتورلار قاتناپ تۇراتتى . چولپان سېلىۋەتكەن فورمىلىرنى كىيىپ يەنە «بۆۋى »چە ياسىنىۋالدى . چولپان بىلەن ئابدۇللا تېخى بۈگۈنلا كۆرۈشكەن بولسىمۇ ، قىزغىن پاراڭلار بىلەن كونا تونۇشلاردەك بولۇپ قالدى . چولپان ئۈچۈن ئابدۇللا مۇھىم ياردەمچى ئىدى ، ئابدۇللامۇ چولپانغا يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئىشەندۈرگەنىدى . چولپاننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ، مەزىننىڭ ناماز ئەسرگە توۋلىغان ئەزاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . كەچكىچە بىرەر ئىشنى پۈتتۈرگىلى بولمايتتى ، چولپان :

— ئەنۋەرنىڭ كېلىشى يېقىن بولدى . سىز ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ ، ئەتە ئەتىگەن ھارۋىڭىزنى ھەيدەپ چوڭ كۆۋرۈككە كېلىڭ ، ئارقا كوچا بىلەن سىز دېگەن يېڭى بازارغا بېرىپ باقايلى ، — دەپ سومكىسىدىن ئەللىك يۈەنلىكتىن بىرنى ئېلىپ

ئابدۇللاغا سۇندى ، — يېنىمدا بارى شۇكەن . ئۆيىڭىزگە يېمەكلىك ئېلىپ كېتىڭ . ئەتە يەنە بېرىمەن . ئەگەر ئىشىمنى كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلاپ بەرسىڭىز ياخشىلىقىمنى شۇ چاغدا كۆرۈپ قالىسىز .

خەير ـ خوش ، — دەپ ئۆيى تەرەپكە كەتتى .

ئابدۇللا ھېچقاچان يېرىم كۇندە بۇنچىدەك پۇل تېپىپ باقمىغانىدى . چولپاننىڭ كەڭ قوللۇقىدىن خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا جەزمەن يېقىن تۇرۇش قارارىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى . بۇ غايىۋى خۇشاللىقتىن بىردىنلا ھاردۇقى چىقىپ كۇچ ـ قۇۋۋەت پەيدا بولغاندەك ، يېنىكلەپ قالدى . ئۇنىڭ تۇرمۇش قايغۇسى ئازراق بولسىمۇ ھەل بولغانىدى . ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى ئۇدۇل ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى ، ئالىجەدىنىڭمۇ كۆڭلىگە ئۆيگە يانغانلىقى ئايان ئىدى . شۇڭا ئۇ ئۇرمىسىمۇ سوكۇلداپ يۇرۇپ كەتتى .

ئابدۇللا خۇشال ئىدى . ئاستا غىڭشىپ :

يول بويى باغلار ئارا ،
مايسا كۆك بولدىمىكىن .
نازلىنىپ قاپتۇ خېنىم ،
يار كىرەك بولدىمىكىن .

ئاق يەرگە قوغۇن تېرىدىم ،
چۇشكەن سويمىسى ئوڭدا .
ئويۇنني تولا ئويناپ ،
ئىشتان قالمىدى ·بويدا .

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك ،
قوشۇلغۇچە ئوينايمەن .
خۇدايىم بەردى بىر كۆڭلەك ،
يىرتىلغۇچە ئوينايمەن .

دەپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى . چۈنكى ، ئۇ بۈگۈن چولپاننى ئۆزىگە موھتاج قىلغانىدى . ھەقىقەتەنمۇ ئابدۇللانىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىسە ، ئۇنىڭ قولىدىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلمەيتتى . ئابدۇللا بولسا ، تاپىدىغانىنى تاپالايتتى . ئابدۇللا چولپاننىڭ دېگەن يېرىدىن چىقسىلا ، ئۇ سۆزىدە تۇراتتى . ئايالى ئابدۇللانى خېلى ئۇزاقتىن بۇيان بۈنىڭدەك خۇشال كەيپىياتتا كۆرمىگەنىدى ، ئابدۇللاغا چاقچاق قىلىپ :

— بۈگۈن خۇشال كۆرۈنىسلەر ، دۇنيا تېپىۋالدىڭلىمۇ نېمە ؟ — دەپ سورىغانىدى :

— راست تېپىۋالدىم . بىرنەچچە كۈن خىراجەت قىلغۇدەك رىزقى تېپىۋالدىم ، — دەپ چولپان بەرگەن پۇلنى خوتۇنىغا سۇندى .



## ئون ئۈچىنچى باب

# يېڭى بازاردىكى غەلىتە ئىشلار

چولپان ئابدۇللا بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەلگەندە ، ئېرى ئەنۋەر تېخىچە دۇكاندىن قايتىپ كەلمىگەنىدى . ئۇ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ بولۇپ ، كەچلىك غىزاغا تەمشىلىپ تۇرغاندا ، ئېرى كىرىپ كەلدى ۋە كۈندىكى ئادىتى بويىچە پىچاقلىرىنى ئېلىپ قويۇپ ، كارىۋات ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ سومكىسىدىكى پۇللىرىنى تۆكۈپ ، غەللە ساناشقا باشلىدى . چولپان بولسا ، ھەركۈنى غەللە سانىغاندا يېنىدا تۇرۇپ ، پۇلنىڭ سانىنى توغرىلاپ تاپشۇرۇۋالاتتى . بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى ، چۈنكى ئۇ ئېگىز - پەس يوللاردا هارۋا سىلكىپ يۈرۈپ چارچاپ كەتكەنىدى . ئەنۋەر پۇلنى ساناۋېتىپ :

— كەلمەمسىز ؟ ! — دەپ چاقىردى . چولپان :

— بۈگۈن مىجەزىم يوق تۇرىدۇ ، ئۆزىڭىز ساناۋېرىڭ ، — دەپ يېقىن كەلمىدى . چولپان ھەقىقەتەنمۇ كېسەل چىراي كۆرۈنەتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ غەمكىن ئىدى . ئەنۋەر ئۇنىڭ سۇنۇق چىرايىغا قاراپ ، راستتىنلا ئاغرىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ، ئۇشۇقچە گەپ - سۆز قىلماي ، ئۆز ئىشى بىلەن بولدى .

چولپاننىڭ ئويلاۋاتقىنى — بارات موللا تاپشۇرغان نەرسىلەرنى قانداق تېپىش ، بولۇپمۇ زىناخورنى نەدىن تېپىش كېرەك ، دېگەنلەر ئىدى . ئەگەر تاپالمىسا ، ماڭغان يولى بىكار كېتىپ ، مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى . گەرچە بۇ ئىشنى ئابدۇللا ئۇستىگە ئالسىمۇ ، ئويلانماي بولمايتتى .

شۇنداق قىلىپ ، كۈن كەچ بولۇپ ، قۇياش ئۆزىنى تون قوينىغا يوشۇرۇپ قارا پەرەنجىگە پۈركۈنۈش بىلەن بىردىنلا هاۋا ئۆزگىرىپ قاتتىق بوران چىقىپ ، شەهەر كوچىلىرىنى توپا ـ توزان قاپلاپ ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى جالاقلىتىپ ئەنسىزلىك پەيدا قىلىشقا باشلىدى . بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ ، ئىستولبىلاردىكى چاقچۇق قاپقىلار بىرەر ئاپەتنى چىللاۋاتقاندەك ۋىژىلداپ گاهى قاتتىق ، گاھ پەس ئىسقىرتماقتا ئىدى .

قاتتىق بوران بىردەمدىلا پەسىيىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن چاقماق چېقىپ هاۋا گۈلدۈرلەشكە باشلىدى . گۈلدۈرماما بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ ، هازىرلا چېقىن چۈشۈپ هەممىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك هەيۋەت بىلەن قاراسلاپ ، تەهدىت سالماقتا ئىدى . تالا شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى ، قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك هېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى ، توك سىملىرى ئۈزۈلۈپ چىراغلار ئۆچۈپ ، پەقەت شىددەت بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن چېقىۋاتقان چاقماق ئالەمنى يورۇتۇپ تۇراتتى . شەهەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەردىن گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى . تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازىنىڭ توختىشى بىلەن شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى . بىردەمدىن كېيىنلا قاتتىق يامغۇر شاپىدە توختاپ ، سىم ـ سىم يېغىشقا باشلىدى . چولپان كۆڭلىدە : «كۆك يېغىن بولۇپ قالمىغىيدى ، ئەگەر يامغۇر توختىماي قالسا ، ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشەلمىسەم ، قانداق قىلغۇلۇق ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ، خېلىغىچە ئۇخلىيالماي ئەندىشە بىلەن ياتتى . ئەتىسى سەهەر تۇرۇپ قارىغانىدى ، قۇم ئارىلاش توپىلىق كوچىلارغا يامغۇر سىڭىپ ، بىر ئوبدان بولۇپ قالغىنىنى

كۆردى .

ئەنۋەر ھەركۈنى تاڭ سەھەر قوپۇپ ، سويىدىغان مال ـ كالىلىرىنى ھەيدەپ گوداڭغا كېتەتتى . ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ ئەتىگەن تۇرۇپ بامداتتىن يېنىپلا چارۋىسىنى ھەيدەپ گوداڭغا كەتتى . چولپان ئابدۇللانى تېپىپ ، يېڭى بازارغا بېرىشقا تەقەززالانماقتا ئىدى ، بىراق قولۇم ـ قوشنىلىرى قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ، تىجارەت ئورۇنلىرىغا مېڭىپ بولمىغۇچە ئۆيدىن چىقىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى . چۈنكى ، نامەلۇم بىراۋنىڭ ھارۋىسىدا كېتىۋاتقىنىنى كىشىلەر كۆرۈپ ، ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىپ ، چاتاق چىقىشىدىن ئەنسىرەيتتى . بۈگۈن قېرىشقاندەك كىشىلەر ھويلا ـ ئاراملىرىنى تازىلاپ ۋاقچىراق ماڭدى . چولپان ئاش ۋاقتى بىلەن ئاران ئۆيدىن چىقالىدى . چوڭ كۆۋرۈككە يېتىپ بېرىپ ، يولنىڭ سىرتىدا توختىتىپ قويغان ئالىجەدىلىك ھارۋىنى كۆردى . چولپان كەلگەندە ئابدۇللانىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىغا بىر سائەتتىن ئاشقانىدى . تېپىشقانغا ھەر ئىككىسى خۇشال ئىدى ، چۈنكى قىلىۋاتقان ئىشتىن كۆزلىگەنلىرى بار ئىدى . ئابدۇللا بولمىسا ، چولپان ھېچ ئىش قىلالمايتتى . ئابدۇللا ئۈچۈن بولسا ، چولپان قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدىغان خېرىدار ئىدى . ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى تېپىپلا بەرسە ، چولپاننىڭ خېلى كۆپ پۇل بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

— ئادەم يوقراق ياكى ئازراق ماڭىدىغان كوچىلار بىلەن ماڭايلى ، — دېدى چولپان .

— تىرت ! — دەپ ، ئابدۇللا ئاتنىڭ بېشىنى جەنۇب تەرەپكە كېتىدىغان يېزا تاشيولىغا بۇرىدى . بۈگۈن يوللاردا چوڭ ـ كىچىك ماشىنا ۋە كوزۇپلۇق تراكتورلار ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە كۆپ ئىدى . چوڭ ئاپتوبۇس ۋە لىقمۇلىق ئادەم باسقان بولكىۋاي ماشىنىلار ، كىرا ھارۋىلىرى ، موتسىكلىت ھەم ۋېلىسىپىتلەر ئۇياق ـ بۇياققا قاتناپ يۈرۈشەتتى . يولنىڭ ئىككى چېتىدە پىيادىلەر يۈرىشەتتى . ئابدۇللا ھارۋىسىنى ئېھتىيات بىلەن

ئۆتكۈزۈپ ، ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن ، ئاتنىڭ بېشىنى غەرب تەرەپكە بۇرىدى . يولنىڭ ئىككى تەرىپى ياپيېشىل ئېكىنزارلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، ئەر ـ ئايال دېھقانلار ئېتىزلاردا مىغ ـ مىغ يۈرەتتى . بۇلارنىڭ بەزىلىرى بوران يانقۇزۇۋەتكەن قوناقلارنىڭ تۈۋىگە توپا دۆۋىلەۋاتاتتى ، بەزىلىرى كېۋەزلىرىنى ئاسراۋاتاتتى ۋە بەزىلىرى ئېكىنز ئورنىغا تەكرار قوناق ، تاۋۇز قاتارلىقلارنى تېرىش بىلەن مەشغۇل ئىدى . يول بويىدىكى ئورمان بەلۋاغلىرىدا ، تېرەكنىڭ بوران شىددىتىدىن يېرىلغان شاخلىرى يولنى توسۇپ ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە سەگە تېرەكلەر قىڭغىيىپ تۇراتتى .

ئابدۇللا ھارۋىسىنى ھەيدەپ توسالغۇلاردىن يانداپ ئۆتۈپ ، يولنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى . شۇنداق مېڭىپ ، مەھەللە ئىچى بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى . مەھەللە كوچىلىرى ئەسلىدە رەتلىك پىلانلانغان بولسىمۇ ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سېلىنغان قاغا جىگدىلىرى قانات كېرىپ ، شاخلىرى يولنى تارلاشتۇرۇپ قويغانىدى . چېچىلىپ ياتقان شوخىلارنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئابدۇللا ھارۋىسىنى ناھايىتى پەم بىلەن ھەيدەپ ئۆتتى .

مەھەللە قورۇلۇشىدىن چىقىپ شىمالغا بۇرۇلۇپ ، خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن ، يېڭى بازارنىڭ غەربىدىكى يانداش چوڭ يولغا ئۇدۇللاپ چىقتى ، ئابدۇللا چولپانغا :

— مانا كەلدۇق ، — دەپ كۆرسەتتى .

بۇ يەرنىڭ بازار دېگۈدەك ھېچبىر ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى ، كېيىنت قورۇلۇشى ياكى دېھقانچىلىق مەيدانى ، چارۋا فېرمىسىغا … ھېچنېمىگە ئوخشىمايتتى . باغنىڭ چېتىگە رەڭ چۆرۈلدۈرۈپ سېلىنغان پاكار ئۆيلەر ، ئوتتۇرىغا ئۇزۇم باراڭلىرىغا ئوخشاش توغرىسىغا كېسىپ ئۆزارتىپ سېلىنغان قاتارى ئۆيلەر ، بىكار تۇرغان كەڭ مەيدانلار ئۆزگىچە بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۇرۇپ ، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇراتتى .

— ئىسىت ! — دېدى چولپان ، قورۇلۇش ئۈچۈن خەجلەنگەن

پۇللارنى پەرەز قىلىپ ، — شۇنچە يەرنى بېزەپ قىلىپ ، سالغان نېمىسىنى كۆرمەمدىغان ، ئىسىت پۇل !

«يېڭى بازار» تېخى يېقىنقى يىللاردىلا سېلىنغانىدى . يېزا تەرىپىدىن دېھقان بازىرى قىلىپ پۇل تاپىمىز دەپ ، شەھەرگە تۇتاش كەڭرى بىر مەيدان يەرنىڭ ھەممىسىگە خىش بىلەن قاتار قىلىپ بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ نۇرغۇنلىغان پاكار ئۆيلەر بىنا قىلىنغانىدى . ھەربىر قاتار ئۆيلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى مىڭ مېتىرچە بولۇپ ، بىرىنچى قاتار ئۆيلەر بىلەن ئىككىنچى قاتار كوچا ئارىلىقى بەزى تەرەپىنىڭ ئالتە - يەتتە يۈز مېتىر ، بەزى ئارىلىقلار قىرىق - ئەللىك مېتىر ئاق قالدۇرۇلغانىدى . ئۆيلەر يېزىدىكى بىرقانچە چالا ساۋات ئاقساقاللارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سېلىنغانلىقى ئۈچۈن ، ھېچقانداق مۇقامغا كەلمەيتتى ، پەقەت يەر ئىگىلەپلا تۇراتتى . گەرچە بۇ ئۆيلەر پىلانسىز ، ناچار سېلىنىپ پايدىسىز ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ ، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇش جەريانىدا ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزمىدى ، دېگىلى بولمايتتى ، ئەلۋەتتە .

مۇشۇنداق نۇرغۇن ئۆيلەر سېلىنىپ پۈتكەندىن كېيىن بۇ يەرنى بازار قىلىش ئەمەس ، ئولتۇرغىلىمۇ ھېچكىم بارمىدى . ئۆيلەر پۈتۈپ بىرنەچچە ئايغا قالمايلا ، بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى يېرىلدى ، گاھىلىرىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى يوقاپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ ، خارابىلىككە ئوخشاپ قالدى . بارا - بارا سوغۇق چۈشۈپ قىش كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ، كوچىدا ياتىدىغان ئۇ يەر - بۇ يەردىن كېلىپ قالغان ساراڭلار ، سەرگەردان تىلەمچىلەر ماكان قىلىشۋالدى . كېچىلىرى قىمارۋازلار پەيدا بولۇپ ، بەزى ئۆيلەردىن تاڭ ئاتقۇچە كىرسىن چىراغلىرىنىڭ گىرىمسەن نۇرلىرى ئۆچمەيتتى . بۇ جاي بارغانسېرى ئوغرى - قىمارۋاز ، بەڭگى - بۇزۇقلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ ، تەدرىجىي ئۇياق - بۇياقتىن كېلىپ قالغان ، كەسپى ئېنىق بولمىغان نامەلۇم كىشىلەر كۆپەيدى . بۇ يەردە ھەرخىل يامان قىلىقلار يۈز بېرىپ ،

بارا ـ بارا جەمئىيەتنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئايلىنىپ، نى ـ نى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان سەتەڭلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. خۇمدان دەزى بار يىگىتلەر كۇندۇزى ئۆز ئىشى بىلەن، كېچىلىرى لاللما ئىتتەك دوقۇرۇپ، بۇ يەردىن كەتمەس بولدى. كۇندۇزلىرىمۇ بىرەر ئىش بېجىرگۈچىلەر يوقاپ كەتسە، ئۇدۇللاپ كەلسە مۇشۇ جايدىكى خىلۋەتخانىلارنىڭ بىرەرسىدىن تاپقىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، پات پۇرسەتتىلا شارابخانا، كاۋاپخانا، ئاشپۇزۇل، سودا سېتىكىلىرى، تېلېفون بوتكىلىرى دېگەندەك ئورۇنلار پەيدا بولۇپ، نامى «يېڭى بازار» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تىجارەتچىلەرنىڭ سودىسى ئوبدان يۈرۈشۈپ، خېلى كۆجۈملىشىپ قالدى. ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بۇزۇق كەيپىياتلار بىرئاز ئازايغاندەك قىلسىمۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن يېڭى بازار جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ، تاپتىن چىققان ئەر ـ ئاياللارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى، مەستلەرنىڭ بېشى بار، ئايىغى يوق ناخشىلىرى، بىر يەردە: «ۋاي ئادەم ئۆلدى!» دەپ ۋارقىراشسا، بىر يەردە: «ئۇرە! ئۇر! ئۆلتۈرۈۋەت!» دەۋاتقان ئاۋازلار، يەنە بىر تەرەپتىن: «ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟!» دەپ توۋلاۋاتقان ئاياللارنىڭ چىرقىراشلىرى، جېدەلخورلارنىڭ يامانلىرى ئاجىزلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ ئاتقان پىۋا بوتۇلكىلىرىنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازلىرى، تۇيۇقسىز ئېتىلغان تاش ـ كېسەكلەر زەربىسىدىن باش ـ كۆزى قانغا بويۇلۇپ ياتقانلارنىڭ ئىڭراشلىرى، يەنە قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ، بىر ـ بىرلىرىنى قوغلاپ يۈرگەن ئاياغ تىۋىشلىرى بىردەم پەسىيىپ، بىردەم تەكرارلىنىپ دېگەندەك تاڭ ئاتقۇچە جىممايتتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، گويا ئىس تارقىغاندەك ھەممىسى تارقاپ جىمجىت بولۇپ، غەلۋە ـ پاراڭ غايىب بولاتتى. يېڭى بازارنىڭ خېرىدارلىرى ئاساسەن ئۆزىنى «مەن نوچى» دەپ يۈرۈيدىغان قاغدالمىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تارتقان دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» قىلىپ يۈرۈشەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ يەردە تۇنەيدىغانلار ئارىسىغا

خېلى - خېلى ئۆزىنى «مەن، مەن» دەيدىغانلارمۇ ئارىلىشىپ قالىدىغان بولغاچقا، دەۋالاشسا ئۆز سىرلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن باشقا، ھېلىقىدەك قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنىڭمۇ ئارىلىشىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار يېڭى بازار توغرىسىدا بىركىم شىكايەت قىلسىمۇ ئۆز جايىدا بېسىقتۇرۇۋېتىپ، ئۇلپەتلىرىنى قوغداپ قالالايتتى.

«يېڭى بازار»دىكى غەلىتە ھېكايىلەر ئېغىزغا چىقىپ، يېزا - قىشلاقلارغىچە پۇر كەتتى. لېكىن، ئاڭلىغۇچىلار ئۇچۇن ئىبرەت بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى قىزىقتۇردى. مەھەللىلەردىكى كوچا بېشىغا بېرىۋېلىپ، تون تەڭگىچە ئۆيگە كىرمەي يول توسىدىغان، ياخشى سۆزگە خۇيلىنىدىغان، نەسىھەت قىلسا مۇشت ئاتىدىغان «ئاتا بىزار» دېھقان ياشلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ تاپقان پۇلىنى ئېلىۋېلىپ، كۇندە يېڭى بازارغا كېلىۋالىدىغان بولدى. بەزىلىرى بەش موچەنلىك ھاراق ئىچسە مەست بولىدۇم دەپ جار سېلىپ، قاۋاقخانا خوجايىنلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، پۇللىرىنى تارتىۋالاتتى. لوكچەكلەردىن ھارام مۇشت يەپ، يۈز - كۆزلىرى يېرىلاتتى. بەزىلىرى جېنىدىنمۇ ئايرىلاتتى. بۇ يەردە ئاشۇنداق پاجىئەلىك ۋەقەلەر پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ ئىشلار جەمئىيەتنىڭ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش بىلەن ئاشكارا يۈز بېرىدىغان بەزى ئىشلار تۈزەلگەندەك بولدىيۇ، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ھالدا يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر كېچىلىرى بۇ ئەتراپقا كېلىشتىن قورقاتتى. كۈندۈزلىرىمۇ بۇ يەرنى ئارىلاپ ئانچە يۈرمەيتتى. چۈنكى، بەتخۇي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ جايغا توپلىنىۋالغاچقا، ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن يۇقۇشۇپ بىرەر جېدەل پەيدا قىلمايدۇ ياكى ئۆزگىچە بىرەر ۋەقە چىقىرىپ، زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى.

ئابدۇللا بولسا، چولپاننى دەل مۇشۇ جايغا باشلاپ كەلدى.

چولپاننىڭ ئىزدەپ يۈرگەن ئادىمى «يېڭى بازار» دىنلا تېپىلاتتى. بۇ يەردە يۈرگەنلەر بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلەشكىلى بولاتتى.

چولپان يېڭى بازارغا يېتىپ كەلگەندە، ۋاقىت ئاش ۋاقتىدىن سەل ئۆتۈپ، قوزا چۇشكە ئاز قالغان بولۇپ، يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپ يەرنى دەزمالدەك قىزىتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قايناق هارارىتىدىن نەملىكتىن كۆتۈرۈلگەن پار قازاننىڭ هورىدەك مانايقىپ كۆتۈرۈلۈپ، ئۆرلىگەنسېرى جەم بولۇپ، ئاسماندا هەر تەرەپكە لەيلەپ، ئاخشامقى ياغقان يامغۇرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بۇلۇت هاسىل قىلماقتا ئىدى.

ئابدۇللا هارۋىسىنى قورۇق تامنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەرۋازىدىن يېڭى بازارنىڭ ئىچىگە هەيدەپ كىرىپ، ئاتنى بىر تۈپ تېرەككە باغلاپ قويۇپ، چولپاننى پىيادە باشلاپ ماڭدى.



# ئون تۆتىنچى باب

# تەسكىدىكى ئىشلار

شۇنداق ئىشلارمۇ بولىدۇكى، تاغ ئېگىزلىكى بىلەن قۇياش نۇرىغا يېقىنلا جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئاپتاپسىز تەسكەي تەرەپلىرى بولغاندەك، دەرەخ ياپيېشىل ياپراقلىرى بىلەن تەبىئەتنى زىننەتلەپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ غولى چاتقاللار ئارىسىدا تۇرغاندەك، ئاي يۈزىنىڭ شولىسى قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇپ گۈزەللىككە سىمۋول بولسىمۇ، جامالىدا داغلار بولغاندەك، قۇياش ئادىللىقى بىلەن جاھانغا يورۇقلۇق ئاتا قىلسىمۇ، يەنىلا جۇدۇنلار ساقلىنىپ قالغاندەك، ھاياتتىكى ئادىللىقى، مەدەنىيەتنىڭ موللۇقى بىلەن تونۇلغان جايلاردىمۇ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يەنىلا نۇقسانلار ساقلانغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بىرەر مەملىكەت ياكى شەھەرنى ئەيىبلىگىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. «خەسنى سەل كۆرسەڭ كۆزۈڭگە كىرىدۇ» دېگەندەك، ئۇنى كىچىك كۆرۈپ يول قويۇلىدىغان بولسا، بىر قوشۇق تۇز بىر قازان سۇنىڭ تەمىنى ئۆزگەرتكەندەك جەمئىيەتتە يامان ئىللەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بىز سۆزلەۋاتقان «يېڭى بازار» مۇشۇ يۇرتقا نىسبەتەن چاشقاننىڭ ئىنچىلىك جاي. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى

پەقەتلا بىر ئەخلەت دۆۋىسى خالاس. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، گاھىدا بىر تال بۇرگىمۇ بىر ئائىلىدە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ بەربىر تىرناق ئاستىدا ئۆلىدۇ، ئەمما سەل قاراپ قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

يېڭى بازار بولسا، بۇ شەھەرنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى كۆزدىن يىراق بىر قاراڭغۇلۇق ئىدى. ئۇنىڭغا بىر توپ «ھاشارات» توپلاشقان بولۇپ، بىرەر ئاياغ تېۋىشى ئاڭلانسىلا ھەممىسى غايىب بولاتتى.

ئابدۇللا چولپاننى ئاشۇ بازارنىڭ ئىچىگە پىيادە باشلاپ ماڭدى. ھويلىغا ئوخشاش تۆت ئەتراپى سۇۋارى تام بىلەن قورشالغان بۇ بازارنىڭ ئۆيلىرى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە شىمال تەرىپىگە سېلىنغان بولۇپ، دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن كەڭ مەيدان بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ يەردە بىرەر يول مەۋجۇت ئەمەس، تۈزلەڭلىك بولغاچقا، قەيەر بىلەن ماڭسا بولىۋېرەتتى. مەيداننىڭ ئىچى توپىلاڭ بولۇپ، تۆت - بەش جايدا ئەخلەت دۆۋىسى تۇراتتى. چىرىندىلەر شۇنداق سېسىپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇنىڭ بەتبۇيلىقىدىن تىنغىلى بولمايتتى. قىزىق يېرى شۇكى، شۇنچە كۆپ قاتار ئۆيلەر، ئوتتۇرىدا قاغجىراپ ئۇ يەر - بۇ يەردە قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان نەچچە يۈز مو كېلىدىغان كەڭرى مەيداندا، بىرەر ئادەم ياكى ئۇچار قانات، ھايۋاناتمۇ كۆرۈنمەيتتى. چۆرىدەپ سېلىنغان قاتار ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى يىراقتىن ھەممىسى يېپىقلىق كۆرۈنەتتى. ناۋادا بۇ ئۆيلەردە ئادەم بار دېگەندىمۇ، ئىشىك ئالدىلىرىدا بىرەر توپ دەرەخ ياكى پېشايۋانلىرى بولمىغاچقا، ئاپتاپتا ئىشىك ئالدىدا يۈرگىلى بولمايتتى. ئۇلار مەيداندا خېلى ماڭغاندىن كېيىن تاملىرى ھاكلانغان، ئىشىك - دېرىزىلىرى سېرىق سىرلانغان بىر يۈرۈش ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق، بەزىلىرىنىڭ يوق بولۇپ، كىشىلەر ھاجەتخانا قىلىۋالغانىدى. ھەممىلا يەردە بوتۇلكا سۇنۇقلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ

ئىككىنچى قاتارنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئادەم بار بولۇپ، ھەربىر ئىشىك ياكى ئىككى ئىشىك ئۆينى بىر قىلىپ ئالدىنى ياغاچ ياكى بادرا بىلەن مەھكەم توسۇپ قورشاۋ قىلىپ، ئىشىك قويۇۋالغانىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى قاۋاقخانىلار بولۇپ، خوجايىنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياش چوكانلار ئىدى. ھەربىر قاۋاقخانىدا كەم بولغاندا ئۈچ - تۆتتىن قىز - چوكانلار مۇلازىمەت قىلىپ، خېرىدارلارنى كۈتەتتى. قاۋاقخانىنىڭ تاپاۋىتىنىڭ يۇرۇشۇشى ئاشۇ چوكانلارنىڭ پەيزىگە باغلىق ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن دۇتار، تەمبۇرنىڭ سادالىرى، تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان غەزەللەر، ئاياللارنىڭ كۈلكىلىرى، «ئىچتۇق!» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى. ئەمما قورشاۋنىڭ دالدىسىدا ئادەملىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

بۇلار قايسى ئۆيگە كىرىشنى بىلەلمەي، ئىلگىرىلەپ ئازراق ماڭغانىدى، بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئون بەش ياش ئەتراپىدىكى بىر قىزنى يېتىلەپ، ئوتتۇرا ياش بىر چالا مەست ئادەم چىقىپ كەلدى. ھېلىقى قىز شۇنداق مەست ئىدىكى، پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەيتتى، بىر قولىنى ھېلىقى ئەرنىڭ بوينىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇ ئادەم قىزنى قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭدى. بۇلار نەچچە قەدەمدە بىر توختايتتى. ھېلىقى قىز ئەر كىشىنى گاھىدا «ئاكا» دەپ، گاھىدا «ئاداش» دەپ بىرنېمىلەرنى دېمەكتە ئىدى. بۇلار ئاشۇنداق دەلدەڭشىپ يۈرۈپ، نېرىراق بېرىپ بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. چولپان بۇلارنى كۆرۈپ، ئابدۇللانىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندى: «كىچىككىنە بىر قىز، ئەمدىلا ئون بەش ياشلارغا كىرگەن قىز دەڭا؟ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئىش بۇ؟ شۇنداق چىرايلىق، كىيىملىرىمۇ شۇنداق پۇزۇر. ئۇنى بىر ئادەم باشلاپ كىرىپ كەتتى. مانا ئۇ تۇگەشتى دېگەن سۆز. ئۇنىڭ بۇ يولغا كىرىپ قېلىشىغا نېمە سەۋەبچى بولغاندۇ؟ ياق، ئۇنىڭدا بىرەر سەۋەب بار بولۇشى مۇمكىن. قىزلارنىڭ ئۆزئارا ئولتۇرۇشلىرى، توي - تۆكۈنلەرنىڭ ۋىچىركىلىرى ··· ئاشۇنداق جايلاردا بىر -

بىرىنى زورلاپ ئىچىملىككە ئېغىز تېگىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ، بارا ـ بارا داۋاملىشىپ خۇمارغا ئايلانغان ، ئاخىرىدا كىشىلەرگە ئالدىنىپ قاۋاقخانىلارغا قەدىمى يەتكەن . ئاتا ـ ئانىلىرىچۇ ؟ ئەزىزلەپ ، يېمەي يېدۈرۈپ ، كىيمەي كىيدۈرۈپ چوڭ قىلغان سۆيۈملۈك قىزىنىڭ نومۇسسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ رەسۋا بولۇپ ياتقىنىنى بىلەرمۇ ، ھەرگىز بىلمەيدۇ . قىزىمىز كىچىك دەپ ئىشىنىپ خاتىرجەم يۈرۈيدۇ . نەدىكىنى ؟ ئىشەنگەن قىز رەسۋالىق كوچىسىدا شەرمەندە بولۇپ يۈرۈيدۇ . بۇ قىز كىچىك تۇرۇپ مەستلىكنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى ئويلىمىغانمىدۇ ، ياق ، ئېھتىمال كىنو ـ تېلېۋىزورلاردىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ، ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتىگە تاقىلىدىغان شۇنداق چوڭ ئىشنى ئاددىي كۆرۈپ ، ئويۇن دەپ بىلگەندۇ . بۇنىڭدەكلەر پەقەت مۇشۇ بىرلا قىز بولمىسا كېرەك . بىرنېمە دېگىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . قىزلارنى قاتتىق قاراق باشقۇرسا بولغۇدەك ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھېيت ـ بايراملاردا توپلىشىپ ھېيتلىشىدىغان ، دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىگىلى بارىمەن ياكى ساۋاقدىشىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ۋېچىركىسىغا بارىمەن ، دەپ ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئالداپ قاچىدىغان ئىشلارغا يول قويمىسا بولغۇدەك . بۇنىڭ ھەممىسى ئىچىملىك ئىچىدىغان جايلار . ئىش ئاشۇنداق جايلاردىن باشلىنىدۇ . ھېلىقى قىزچۇ ؟ ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىنايدۇ ياكى بۇرۇنراق يوغىناپ بولغاندۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاددىي ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بەلكىم ئۆزى قوغلىشىپ يۈرۈپ ، يېڭى بازارنىڭ خېرىدارىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇ قىز گەرچە بىرلا بولسىمۇ ، پۈتۈن ئاتا ـ ئانىلارنى ھوشيارلىققا چاقىرىۋاتىدۇ . مەن مانا شۇنداقلارنى تاپقىلى كەلدىم . كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭدەك ھاجەتمەنلەرنىڭ بىرسى بۇ قىزنىمۇ ياللىۋېلىپ ، قانداقتۇر بىر قېرى موللىنىڭ نەپسىگە تاشلاپ بېرىشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى .

ھەقىقەتەن ، ھېلىقى قىز ھاللىق بىر كىشىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى . پۇل دېسە بار ، كىيىمەن دېسە كەڭتاشا ، توققۇزى تەل ئىدى . ئۇنىڭ بايلىقى دوستلىرىنى كۆپەيتتى . يەنە كېلىپ ، دوستلىرى چاقىرغان يەرگە ھەرگىز قۇرۇق بارمايتتى . شۇڭا پۇل ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇردى . بارا ـ بارا ئۇ يۇقىرى يىللىقنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى بىلەن ئارىلىشىدىغان بولۇپ كەتتى . ئاتا ـ ئانىلىرى قىزىنىڭ قاتارغا قوشۇلغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ، ئۇنىڭ رايىغا قويۇپ بەردى . قىزىنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى قىزىمىزنىڭ ياخشى چوڭ بولغانلىقىدىن ، دەپ قارىدى . ئەپسۇسكى ، ئارىلىشىپ يۈرگەن باللارنىڭ ئارىسىدا مەكتەپ تەربىيىسىنى ئاڭلىماي قوغلاندى بولۇپ ، ئىت تالاشتۇرۇپ ، توخۇ سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈپ قىلمىغان ئەسكى قىلىقلىرى قالمىغان باللارنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلىمىدى . «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى ، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (يۇقار )» دېگەندەك ، ناچار دوستلىرىنىڭ يامان تەسىرلىرى يۇقۇپ ، ئۆزئارا سورۇنلاردا ئىچىملىككە ئېغىز تېگىپ قالدى . بۈگۈن ئۇنىڭ ئارام ئېلىش كۈنى ئىدى . ئەتىگەندىلا ئىككى تونۇشى بىلەن كاۋاپخانىغا باردى . ئارقىدىن پىۋا ئىچتى . دوستلىرى هاراقنا تېگىپ ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مەست بولۇپ ھوشىنى يوقاتتى . بۇ قىز پىۋىنىڭ كۈچى بىلەن مەست بولۇپ كەتتى . ئۇ يەردە ئىچىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بار ئىدى . كۆردىكى ، باللار ھەممىسى مەست بولۇپ ، ئەقلىنى يوقىتىپتۇ . ھېلىقى قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى ـ دە ، قېشىغا بېرىپ يۆلەپ تۇرغۇزدى . قىز بولسا ، بىردەم كۈلۈپ ، بىردەم يىغلاپ ، ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلىۋالدى .

— ئۆيىڭىزگە كېتەمسىز ؟ — دەپ سورىدى قىزدىن ھېلىقى ئادەم .

— كەتمەيمەن ! مېنىڭ ئۆيۈم يوق . مۇشۇ ئۆي مېنىڭ ، مېنى ياتقۇزۇپ قوي ! ئۇخلايمەن ! — دەپ تۇرۇۋالدى .

قارىسا ، خوجايىن كۆرۈنمىدى . مۇلازىمەتچى چوكانغا

تېگىشلىك پۇلنى تاشلاپ بېرىپ، تالاغا ئەپچىقتى. ماڭاي دەپ تۇرغىنىدا خوجايىن ئايال چىقىپ كەلدى، ئۇ ھېلىقى ئادەمگە ھېجىيىپ:

— ئامەت دېگەن مانا شۇ - دە، قېنى ئەمىسە، — دەپ ئالىقىنىنى ئېچىپ قولىنى سۇندى.

ھېلىقى ئادەم يانچۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر سىقىم پارچە پۇلنى ئېلىپ قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ ئالىقىنىغا قويدى. خوجايىن نېرىدىكى بىر ئۆينى ئېچىپ بەردى - دە، ھېلىقى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئادەم مەست قىزنى يېتىلەپ ئېلىپ ماڭغاندا، چولپانغا ئۇچرىشى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، قىز خالىي ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كېتىلدى. ئۇنىڭ ھالى يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن بىچارە جانىۋارغا ئوخشايتتى. چۈنكى، قىزنىڭ پۈتۈن ئىختىيارلىقى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، نومۇسىنىڭ پەردىسى رەسۋالىق پاتقىقىغا مىلەنگەنىدى. ئەمدى بۇلار ئىش بولدى. چېقىلغان دەز ئەسلىگە كەلمەيتتى.

ئوڭ تەرەپتە يۈزى سېرىق، چىرايى قورۇلۇپ كەتكەن، كوسا، كۆرۈمسىز بىر كىشى توپىغا يۇمىلاپ، مەستلىكتىن بىھوش ياتاتتى. يېنىدا تۇرغان بىرسى ئۇنى نەچچىنى دەسسىۋەتتى - دە، ئۇنى سوراق قىلىپ:

— ھەي ئوغرى؟ ماڭا ئاپىڭىزنى چىقارغانمۇ؟ ھاراقنى ئىچىسىز، پۇلنى بەرمەيسىز؟ تاماكا ئالىسىز، پۇلنى بەرمەيسىز؟ بۈگۈن يەنە ئۆلگۈدەك ئىچىپ پۇل يوق دەيسىز. ئۇنى ئاز دەپ يەنە مېنى تىللايسىز؟ قەيېرىڭىز خىزمەتچى سىزنىڭ؟ ئۆزىڭىزنى سورىيالماي تۇرۇپ، خەقنى قانداق سورايسىز؟ — دەپ ھەربىر سوئالدىن كېيىن بىرنى تېپىۋاتاتتى.

ھېلىقى كىشى شۇنداق بىچارە ئىدىكى، قورقۇنچتىن تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

ئۇرغۇچى قاۋاقخانا خوجايىنى ئىدى. ئاچچىقىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى.

چولپان بۇ ئىشلاردىن ھەيران بولۇپ:

— ئابلاجان! نېمە ئىشلار بۇ؟ بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى. قېنى كىمدىن سورايمىز، شۇ يەرگە باشلاڭ، — دېدى.

— قورقماڭ، — دېدى ئابدۇللا، — بۇ كىشىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ياماقكەشتىن تارتىپ ھاراقكەشكىچە ھەممىسىگە قەرزدار بولۇپ يۈرۈيدۇ، ئۇ بۇ يەرگە كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى. ھەركىم ئۆز ئابرۇيىنى ساقلىمىسا، ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بۇ ئادەم ھاراق بىلەن تۈگىشىپ كەتتى.

بۇلار يەنە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ياندىكى بىر ئۆيدىن خوتۇنلارنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى. يەنە ئەرلەرنىڭ ئاۋازىمۇ چىقىۋاتاتتى. ئابدۇللا يېقىن بېرىپ زەنجىرنى شاراقشىتقاندى. بىر ئايال چىقتى. بۇ ئايال ئەسلىدە بىر تۇل خوتۇننىڭ قىزى بولۇپ، ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن يېڭى بازاردىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، قاۋاقخانا ئېچىۋالغانىدى. قاۋاقخانا ئاچقىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان بولۇپ، ھەرخىل ئادەملەر كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يامان قىلىقلىرى بۇ ئايالغىمۇ يۇقماي قالمىدى. يېنىدا كۆتكۈچى قىز - چوكانلاردىن ئىككى - ئۈچنى كەم قىلمايتتى. ئۇلار خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى، گاھىدا مۇلازىمەتچىلەر يېتىشەلمىسە ياكى خېرىدارنىڭ رايى تارتىپ قالغۇدەك بولسا، پۇلنى جىقراق ئېلىپ ئۆزىمۇ كۆتەتتى. ئوتتۇرىدىن ئىشىك قويۇلغان ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆينىڭ بىر ئېغىزى ئوتتۇرىسىدىن كارىدور قويۇلۇپ، ئىككى تەرىپى كاتەكچە قىلىپ يېرىم توسۇلغان بولۇپ، ھەربىر كىچىك ئۆيگە ئىشىك بېكىتىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆيلىرى قۇلايلىق بولغاچقا، خېرىدارلىرى كۆپرەك ئىدى. تاشقىرىقى ئۆيگە قاتار سايا قويۇپ، ئالدىغا شىرە قويۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ ئابدۇللا بىلەن چولپاننى تاشقىرى ئۆيدىكى ساپاغا

باشلىدى . ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئەر ـ ئايال ئارىلاش بىرنەچچىسى ئىچىشىۋاتاتتى . ئىچكىرى ئۆيدە ئاياللارنىڭ كۈلكىسى چىقىۋاتاتتى . ئىچىۋاتقانلارنىڭ چولپاننىڭ كىرىشى بىلەن كارى بولمىدى . ھەممىسى تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ ، ئەر ـ ئايال ئارىلاش ئولتۇرۇپ بىرسىنىڭ قولى بىرسىنىڭ بويىندا ياكى قويىندا دېگەندەك ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ ، ھايا ، ئۇيات دېگەننى قايرىپ قويغانىدى . چولپان بىلەن ئابدۇللانى بىر جۈپ ئويناشلار دەپ ئويلىدى بولغاي . مەيلى ئۇ كىم بولمىسۇن ، بۇنىڭدەك يەرگە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھاجەتخانىدا ئولتۇرغاندەك بىر ـ بىرلىرىدىن ئانچە تارتىنىپ كەتمەيتتى . شۇڭا ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولىشىۋەردى .

چولپان ئۇلارنىڭ كۆزگە ئىلىنمىغانلىقىدىن رەنجىدىمۇ ياكى ھاياسىزلىقلىرىدىن ئۇيالدىمۇ ، كۆرسەتكەن ئورۇندا ئولتۇرمايلا ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئابدۇللامۇ ئارقىغا ياندى . ئۇ قاۋاقخانىدىكى بىرقانچە چالا مەستلەرنى كۆرۈپ ، بىرەر جېدەل چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ قالدى . چۈنكى ، قاۋاقخانىلاردا كۈتمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى . بەزىلىرى مېھمان كەلسە خوتۇنى بىلەن قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى غايىب بولاتتى . خوتۇنى كەلگەن كىشىنى ئىچمىگەنگە ئۇنىماي مىڭلىغان ناز ـ خۇلقلىرى بىلەن ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ ، يېنىدا بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇقداپ كوچىغا چىقىرىۋېتەتتى ، ئۇلار كوچىدا يېتىپ ئۇخلاپ ، ئويغانسا يېنىدا پۇلى يوق . يوقالغان پۇلنى قاۋاقخانا ئىگىسىدىن كۆرمەي ، ئوغرى ئېلىۋاپتۇ ، دەپ قاقشاپ يۈرۈپ بېسىقىپ قالاتتى . ئەگەر يېزىلاردىن كەلگەن ئەخمەق بوز كۆزلەرنى تاپسا ، ئۇنىڭ يېنىغا خوتۇنىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ ، بىركەمدە تۇيۇقسىز كىرىپلا «خوتۇنۇمغا چاقچاق قىلدىڭ» دەپ بولۇشىغا ئۇرۇپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ھەيدىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ پات ـ پات كۆرۈلۈپ تۇراتتى . بۇنىڭدەكلەر قانداق ئەرز قىلسۇن ؟ گۇۋاھچىسى يوق

ئىشقا ئىسپات تاپالمايتتى ، يەنە بىر جەھەتتىن ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۆيگە بارغاندا خوتۇنىدىن دەشنام يەيتتى . شۇڭا ، يىغلاپ ـ يىغلاپ كېتىپ قالاتتى . ئابدۇللا بىر كۈنى قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ بىر دېھقان يىگىتنى ئۇرۇپ يالىڭاچلاپ ھەيدىۋەتكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى . تۇنجى كىرگەن بۇ ئۆيدىكى ئايال خوجايىنىنىڭ يېنىدا ئەر كىشى كۆرۈنمىگەچكە ئۇنىڭ تۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەي «ئېرى تۆپىلەپ كىرىپ غەلۋە چىقارمىسۇن» دېگەن ئەندىشە بىلەن چىقىپ كەتتى ، يەنە بىرنەچچە قاۋاقخانىدىن ئۆتۈپ ، ئىشىك بېشىغا «زەينەپگۈل ئاشخانىسى» دەپ تاختاي ئېسىلغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، بۇ جاينى بىر ئاز بىخەتەر ھېسابلاپ ئىشىكنى چەككەنىدى ، ئۆيدىن ئوتتۇرا ياش بىر ئايال چىقىپ ، ئۆيگە باشلىدى . بۇ ئۆيدىمۇ بىرنەچچىسى ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى . ئابدۇللا خوجايىن ئايالنى چەتكە تارتىپ ، پىچىرلاپ كېلىش مەقسىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ ، قاۋاقخانىدىكى كارىۋاتقا باشلىدى . چولپان بىلەن ئەھۋال سورىشىپ بولۇپ :

— كەلگەنلىرى ئوبدان بوپتۇ ، بىراق … — دەپ تۇرۇپ قالغانىدى ، چولپان :

— دەۋەرسىلە ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى گەپنىڭ ئاخىرىنى بىلمەكچى بولۇپ .

— ئۇنداق بولسا دەۋېرەي ، — دېدى خوجايىن ئايال ، — سىلىنىڭ دېگەنلىرى تېپىلىدۇ . بىراق ، ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىش . مەنمۇ باشقىلارنى ئىشقا سالىمەن . پۇل بولمىسا قىلغىلى بولمايدۇ . ئاز بولغاندىمۇ ئىككى يۈز يۈەندىن كەم پۇلنى سۇنغىلى بولمايدۇ . شۇڭا بىرنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم .

چولپان سومكىسىدىن يۈز يۈەنلىكتىن ئىككىنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى ، خوجايىن ئايال پۇلنى ئېلىپ پايپاقنىڭ قونجىغا تىقىپ بولۇپ :

— ئەمدى بولدى ، خاتىرجەم بولۇڭلار . سىلەر بىردەم تەخىر

قىلىڭلار . مەن ھازىرلا كېلىمەن ، — دېدى . ئۇ چولپان بىلەن ئابدۇللانى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، بىر مۇلازىمەتچى چوكاننى چاقىردى ـ دە : «بۇلارغا چاي قۇيۇڭ » دەپ تاپىلاپ چىقىپ كەتتى .
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى . چولپان تەقەززالانماقتا ئىدى . ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىكى ساپادا ئولتۇرغانلار ئۆزلىرىنىڭ لاۋزا پاراڭلىرىنى قىلىشىپ بىردەم كۈلۈشۈپ ، بىردەم تەگىشىپ بىرى ـ بىرى بىلەن خورازدەك ھۆرپىيىشىپ ئىچىشىۋاتاتتى . بىركەمدە بۇلاردىن ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ ، جاۋىغايلىرى ماغزاپلىشىپ كەتكەن بىرسى دۇگجۇيۇپ يۇرۇپ تەستە ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، دەلدەڭشىپ چولپاننىڭ ئالدىغا كېلىپ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ :
— قوپە ، قوپ ؟ ئىككىمىز تانسا ئوينايمىز . نەلىك خوتۇن سەن ؟ قاملاشقان نېمىكەنغۇ بۇ ، ھا ، ھا ، مەنچۇ ؟ مەنمۇ قاملاشقان . مېنى ياراتتىڭمۇ ؟ — دەپ ئىسىلىۋالدى . ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىمۇ مەست ئىدى . ئۇلار :
— بەللى ! پازىل ، نوچى بولساڭ ئوينىيالايسەن ، قېنى نوچىلىقىڭنى بىر كۆرىدىغان بولدۇق ، — دەپ ئۇنىڭغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى . چولپان قورقۇنچتىن :
— ئابلاجان ، بۇنىڭغا قاراڭ ! مېنى ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ قويۇڭ ! — دەپ ئارقىغا داجىماقتا ئىدى . ئابدۇللا دەرھال بېرىپ مەستنىڭ قولىدىن تۇتۇپ :
— بۇ كىشى تانسا بىلمەيدۇ ، ئۇنى قويىۋېتىڭ . كېلىڭ ئىككىمىز ئوينايلى ، — دېدى . مەست چولپاننىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئابدۇللانىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ چىرايىغا راسا سەپسېلىپ قاراپ كېتىپ :
— ھەي ، سەن ئەر ئىكەنسەن ئەمەسمۇ ؟ بۇرۇتۇڭ تۇرمامدۇ ؟ — دەپ ، ئابدۇللاغا بىر مۇشت قويغاندى ، تەگكەن مۇشت بۇرنىنى قانىتىۋەتتى . ئابدۇللا :
— ھەي بۇرادەر ، بولدى قىلىڭ مەست بولۇپ قاپسىز ، —

دېيىشىگە يۈزىگە يەنە بىر مۇشت تەگدى . مەست ئابدۇللانى تاشلاپ چولپانغا ئېتىلدى . ئابدۇللا تۇتۇۋالغانىدى ، ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشت ئاتقىلى تۇردى . مەستىنىڭ ئۈلپەتلىرى : «بەللى پازىل ! ئۇرە ـ ئۇر ، چىڭ ئۇر !» دەپ كۈلۈشمەكتە ئىدى . ئابدۇللا دەسلەپتە «ئۇلار توپلىشىپ ئۇرۇۋەتمىسۇن» دەپ قورقتى . كېيىن ، ھېلىقى مەستىنىڭ قىلىقلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى ـ دە ، «ھەرنېمە كۆرسەم كۆرەي» دەپ پازىل دېگەننى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى ، جانسىز ھەيكەلدەك ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئۈن ـ تىنسىز ياتتى . ئەگەر ئۇ ئورنىدىن تۇرسا يەنە ئۇرماقچى ئىدى ، لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى . ئابدۇللا : «ئۇ ئۆلۈپتۇ» دەپ ئويلىدى . شۇئان يېنىغا بېرىپ تىنىقىنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇۋىدى ، پازىلنىڭ ئۈلپەتلىرى كېلىپ :

— ھەي ئوغرى ! بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ . ئەمدى قانداق قىلىسەن ؟ گەپ قىل ! نېمىشقا تۇرسەن ؟ ! — دەپ تارتقۇشلاپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى . ئابدۇللا بىلەن چولپانمۇ ئۈنى ئۆلدى ، دەپ بىلىپ ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا ، خوجايىن ئايال چىرايلىق بىر سېمىز چوكاننى باشلاپ غەلۋە ئۈستىگە كىرىپ كەلدى . ئۇ ياتقان مەستنى تونۇيتتى . جېنىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقراق بىلمەكچى بولۇپ ئېڭىشىپ يېقىن بارغانىدى . مەست بىردىنلا خورەك تارتقىلى تۇردى . بۇنى كۆرۈپ مەستلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىپ :

— بۇ تومپايغا مۇشت پايدا قىلىدىكەن ئەمەسمۇ ، مۇشت ! — دېيىشىپ ، پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ سۆرەپ يۇرۇپ تۇرغۇزدى . ئاندىن مەستلەر ئابدۇللاغا :

— ھەي ئاكا ! مۇشت بىلەن ئادەم ئۇخلىتالايدىكەنسەن ئەمەسمۇ ! سەن دوختۇرما ؟ بوپتۇ . بىزنىڭ قولىمىزدىن بىرنى ئىچىۋەت ! — دەپ ، شىرەنىڭ ئالدىغا سۆرىگىلى تۇردى . خوجايىن ئايال :

— توختاڭلار ! بۇ ئادەمنى مەن مېھمان قىلىۋالاي ، ئاندىن

كېيىن سىلەر بىلەن ئىچسۇن ، — دەپ ، مۇلازىمەتچى خوتۇندىن ئىككىنى چاقىرىپ :

— قېنى بۇ يىگىتلەرنى ئوبدان كۈتۈڭلار ، — دېدى .

شۇنداق قىلىپ ، ھېلىقى مەستلەر مۇلازىمەتچى خوتۇنلار بىلەن بولۇپ ، چولپان بىلەن ئابدۇللانى ئۇنتۇپ قېلىشتى . خوجايىن زەينەپگۈل بولسا ، چولپاننى باشلاپ تالاغا چىقتى . ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىمۇ تاختاي بىلەن توسۇپ قورشام قىلىنغان بولۇپ ، سىرتتىن قارىغانلار ئۇنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى ، چولپان تالاغا چىقىپ كۆردىكى ، قورشامنىڭ ئىچىدە بويى ئېگىز ، گەۋدىلىك ، ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا باقماي سەمرىپ كەتكەن چىرايلىق بىر قىز تۇراتتى . كىيىم - كېچەكلىرى بىرقەدەر كونا بولسىمۇ ، يارىشىملىق بولۇپ ، بوي - تۇرقىغا ياراشقانىدى . ئەمما ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن ، خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى ، چولپاننى كۆرۈپ ، كۆرۈشكىلى ئالدىغا باردى .



## ئون بەشىنچى باب

# ياللانغان قىز

زەينەپگۈل تېپىپ كەلگەن بۇ قىز چولپاننىڭ ئالدىدا مۇلايىملىق بىلەن تۇراتتى.

چولپان ئۇ قىز ئارقىلىق ئۆز نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ سورىدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— رابىيە.

— ئاتا - ئانىڭىز بارمۇ؟

— ئاتام بار، لېكىن بۇ يەردە ئەمەس.

— قەيەردە؟

— مەن بۇ يۇرتلۇق ئەمەس.

— قەيەردىن؟

— باشقا يۇرتتىن.

— قاچان كەلدىڭىز؟

— ئۈچ ئايدىن ئاشتى، گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ. بولمىسا مېنى كولدۇرلاتماڭ خانىم، — دېدى قىز چولپاننىڭ سوئاللىرىنى

ياقتۇرماي ، قايتىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ئۆتمۈشىنى قايتا ئەسلەپ ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىشنى خالىمايتتى .

بۇ قىز ئەسلىدە يىراق بىر يۇرتتىن كەلگەن بولۇپ ، ئىسمى رابىيە ئىدى . ئاتىسى ئىبراھىم سوپى تەربىقەتكە كىرگەن ، جاھىل ، مۇتەئەسسىپ ، مىجەزى چۈس بىر دېھقان ئىدى . بۇ ئادەم قۇلاق موللىسى بولۇپ ، ھەمىشە ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ قالاتتى . ئۇ تولا ھاللاردا ناماز باشلانغۇچە پەشتاقنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ : پالانىنىڭ قىزى ياڭاقباش يۈرۈيدۇ ، پۆكۈنى ساقال قويماپتۇ ، يەنە بىرسى بىر نېمە قىلماپتۇ ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ مەھەللىدىكى ھەممە ئادەملەرنى ئەيىبلەپ غەيۋەتكە چۈشەتتى . ئەگەر بىرەر ئادەم ئۇنىڭ غەيۋەتلىرىنى تىڭشاپ جىم ئولتۇرمىسا ياكى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوللىماي بىر نېمە دەپ قويغۇدەك بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ، ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلمىغۇچە ، كەچكىچە گەپ تالىشاتتى .

ئۇنىڭ رابىيە ، ئۆمەر دەپ ئىككى پەرزەنتى بار بولۇپ ، پەننىي مەكتەپكە بەرمەيمەن ، دەپ كۆپ ئېلىشىپ باقتى ، ئەمما ئامال قىلالمىدى . رابىيە مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى ياخشى ئوقۇپ ، ئۆز سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ ، ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمىدى . ئوقۇتقۇچىسىمۇ بۇ قىزنىڭ كەلگۈسىدىن زور ئۈمىدۋار ئىدى . بۇ قىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىق سىنىپىغا كۆچكەندىن باشلاپ چېكىنىپ كەتتى . ئوقۇتقۇچىلىرى ھال سورىسىمۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى . مەكتەپ فورمىسىنى تاشلاپ ، ئۇزۇن ئىشتان ـ كۆڭلەكنى كىيىپ ، قارا ياغلىقنى ئارتىپ ئېڭەك بىلەن قوشۇپ مەھكەم چىگىپ ، ساۋاقداشلىرىغىمۇ ئارىلاشماي ئايرىم يۈرۈيدىغان بولدى ، كۈندىن ـ كۈنگە روھسىزلىنىپ شۇكلەپ كەتتى . مەكتەپ تەشكىلى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ پەننىي مەكتەپتىن يېنىپلا شۇ مەھەللىدىكى ئىمامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دىنىي

دەرس ئېلىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ دەرستە چېكىنىپ
ھەممىدىن كېيىن قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى: بىچارە قىز ئىككى خىل
بېسىم ئاستىدا چارچاپ كېتىۋاتاتتى. كۈندۈزى ساۋاقداشلىرىنىڭ
تەنە سۆزلىرىگە، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىسا، ئاخشىمى
مولللامىنىڭ تايىقى بىلەن ئاتىسىنىڭ تىل ـ ھاقارىتىگە ئۇچراپ،
ھەر ئىككى دەرسنى ئوبدان ئۆگىنەلمىگەنىدى. مەكتەپ تەرىپىدىن
كۆپ قېتىم ئائىلە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئاتىسى
«بىزگە بۇ ئالەمدىكى بەخت ـ سائادەت كېرەك ئەمەس، باقىي
ئالەمنىڭ پاراغىتى كېرەك» دەپ تۇرۇۋېلىپ، قوبۇل قىلمىدى.
مۇشۇنداق سۆزلۈپ يۈرۈپ، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
تولۇقسىز سىنىپىغا چىقتى. ئوتتۇرا مەكتەپكە بارغاندا، ئۇزۇن
ئىشتان ـ كۆڭلەكنى كىيىپ، بېشىغا ياغلىقنى ئوراپ ئۇچىنى
ئېڭەكتىن چىگىپ، كۆزىگە قاراكۆزەينەك تاقاپ «بۇۋى»
خوتۇنلاردەك بولۇۋالدى. مۇشۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن يەنە ئۈچ نەپەر
قوشۇلدى. بۇلار بىرلىشىپ، دەرس ۋاقتىدىمۇ دەرسكە كىرمەي،
ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ناماز ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ
بۇنداق قىلىشىغا مەكتەپ ئىنتىزامى يول قويمايتتى. ئەگەر بۇلارنى
تەنقىد قىلسا، ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى توپلىشىپ
كېلىپ جېدەل چىقىراتتى. جېدەلدىن قورقۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
«بۇۋى» بولۇپ يۈرۈشىگە يول قويۇشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئاخىر
بۇلارنىڭ بېشىنى پۈركەپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تېڭىپ «بۇۋى»
بولۇپ يۈرۈشى چەكلىنىپ، كۆزىدىكى قارا كۆزەينەك، يۈزلىرىنى
ئورۇۋالغان ياغلىقلارنى ئېلىپ تاشلاپ دەرسكە تولۇق قاتنىشىشقا
تەشەببۇس قىلىندى. بۇنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىلار
مەسلىھەتلىشىپ، مەكتەپتىن قاچۇرۇپ باشقا بىر يۇرتقا ئاپىرىپ
چوڭراق موللىدىن بىرنى تېپىپ ئوقۇتماقچى بولۇشۇپ، پۇل
بېرىپ تۆت نەپەر قىزنى ئوتتۇرا مەكتەپتىن قاچۇرىۋەتتى. بۇ
قىزلار ئون بەش ياشقا تولغان بولسىمۇ، تېخىچە يۇرتىدىن چىقىپ
باقمىغانىدى. ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ بىلەت ئېلىپ، يىراق

سەپەرگە يول ئالدى . بۇلار ئۇرۇمچىدە ماشىنىدىن چۈشۈپ ، نەگە بېرىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ كوچىغا چىقتى . بىر تار كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش يۈزىنى يېپىپ ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆردى ، لېكىن ، ئۇ تىلەمچى ئىدى . بۇ قىزلارنىڭ كۆرۈنۈشى قەلەندەر سۈپەت بولغاچقا ، ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى . كۈن مەغرىپكە سۇرۇلۇپ ، ئەسىر ۋاقتى بولدى . قىزلار ياتىدىغان جاينىڭ قايغۇسىنى قىلىپ ئەنسىرىمەكتە ئىدى . ئالدىغا قارشى تەرەپتىن شالاڭ ساقال ، ئاق دوپپىلىق بىر كىشى چىقىپ كەلدى . بۇ قىزلار بىر تال ساقالدا يەتمىش ئىككى مىڭ پەرىشتە بار دەپ ، ساقالنى ئۇلۇغ بىلەتتى . ئۇنىڭدىن بۇ يۇرتنىڭ ئۆلىمالىرىنى سورىدى . ھەيران قالغان ھېلىقى كىشى بۇ قىزلارنىڭ سوئالىدىن ئەجەبلىنىپ ، تېگى ـ تەكتىنى سورىغانىدى . مەدرىسە ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . بۇ ئادەم ئەسلىدە زەھەر سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، تۈرمىگە كىرگەنىدى . ئەمدىلىكتە ، مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن چىقىپ ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالماي يۈرەتتى . كۆڭلىگە بىر جىن كىردى ـ دە :

— يۇرۇڭلا ، بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى ، مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇڭلار . ئەتە ئۆزۈم باشلاپ ئاپىراي ، — دەپ باشلاپ ماڭدى . قىزلار ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى . شۇ ماڭغانچە بىر تار كوچىدىكى ئىشىكلىرى كونىراپ كەتكەن ھويلىغا باشلىدى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئېغىز ئۆي بار بولۇپ ، ھەممىسى قۇلۇپلاقلىق ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئادەم بىر ئۆيىنى ئېچىپ ، قىزلارنى تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن :

— سىلەر ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار . مەن ھازىرلا كىرىمەن ، — دەپ چىقىپ كەتتى . قىزلار تېخى تاماق يېمىگەنىدى . ئاچ قورساق ، ھېلىقى ئادەمنى ساقلاپ ئولتۇردى . ئۇ شۇ كەتكەنچە قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلىپ :

— سىلەر كۆرۈشمەكچى بولغانلار ساقلاپ قالدى ، شۇ يەرگە بارايلى ، — دەپ ، كەلگەن يول بىلەن مېڭىپ چوڭ كوچا ئېغىزىغا

ئاچىقتى. ئۇ يەردە بىر قارا پىكاپ ساقلاپ تۇراتتى.
— سىلەر بۇ ماشىنىغا چىقىڭلار، مەن ئارقىدىكى ماشىنىدا ماڭاي، — دەپ پىكاپقا چىقىرىپ يولغا سالدى. بۇ پىكاپ شۇ ماڭغانچە نەچچە سائەت يول يۈرۈپ شەھەردىن چىقىپ بىر تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە تارقاق سېلىنغان ئۇششاق - ئۇششاق ئۆيلەردىن باشقا قۇرۇلۇش يوق ئىدى، پەقەت ئۇ يەر - بۇ يەردە پىلىلداپ يورۇپ تۇرغان چىراغلار يۇلتۇزدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پىكاپ بېرىپ بىر ئىشىكتە توختىدى. ئاندىن سىگنال بەرگەندى، هويلىدىن بېشىغا چاچ، ئېڭىكىگە ساقال قويغان قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر كىشى چىقىپ كەلدى. قىزلار ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، شوپۇر پىكاپتىن چۈشمەيلا ئارقىغا قايتىپ كەلگەن يولى بىلەن كەتتى. ساقاللىق كىشى قىزلارنى باشلاپ ئۆيگە ئەكىردى. ئۆي ئىچكىرى - تاشقىرى قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، ئارىدىكى ئىشىك زەنجىرلاقلىق تۇراتتى. قىزلار ئولتۇرغان ئۆيدە تام ياقىلاپ ئۈچ دانە بىر كىشىلىكتىن كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، بوش يەرگە ئاددىي ياسالغان ساپا قويۇلغانىدى. قىزلار بېرىپ ساپادا ئولتۇردى. ساقاللىق ئادەم گەپ - سۆز قىلماي بېرىپ شىرە ئۈستىدىكى بىر لېگەن بولكىنى ئېلىپ كېلىپ، قىزلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن چايدانىنى ئېلىپ كېلىپ بىر ئىستاكاندىن چاي قۇيۇپ:
— قېنى ئېلىڭلار، — دەپ تەكلىپ قىلدى. قىزلار بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى كۆرۈپ، «ئۆزىمىزنىڭ تالىپلىرى ئىكەن. مۇشۇ جايغا تويلىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتسا كېرەك ياكى دىن ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىشىپ، دەسلەپتە كۆرۈشكەن ئاق دوپپىلىق كىشىنىڭ ساقاللىقلارغا ئۇچراشتۇرۇپ قويغىنىغا كۆڭلىدە رەهمەت ئېيتىشماقتا ئىدى. بىر كەمدە ئوخشاش شەكىلدىكى ساقاللىقلاردىن يەنە ئىككىسى كىرىپ كەلدى. ئادەم كۆپەيگەنسېرى قىزلارمۇ خۇشال بولۇشماقتا ئىدى. قورساق تويغاندىن كېيىن قىزلار ئەرلەرنىڭ «دۇئا» باشلاپ

بىرىشنى كۆتتى . ئەمما ئۇلار «دۇئا» قىلمايلا داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋەتتى .
— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ، دەسلەپكى ساقاللىق كىشى ، — باش ـ كۆزۈڭلاردىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىڭلار . بۇ جاي سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا ئوخشىمايدۇ . بۇنداق يۇرسەڭلار سىلەرنى ئەتىلا ساقچىلار تۇتۇپ كېتىدۇ . يۇرتۇڭلاردىن قانداق بولۇپ چىقىپ قالدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى . قىزلارنىڭ ئارىسىدىن رابىيە بىراۋدىن ئانچە تارتىنىپ قالمايدىغان ، تېز ئىنكاس ئىدى .
— پەننىي مەكتەپتىن قېچىپ ، دىنىي مەكتەپ ئىزدەپ كەلدۇق ، — دەپ جاۋاب بەردى ، — كۆپ ئەندىشە قىلغانىدۇق ، تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ خۇدايىم سىلەردەك ئۆز ئادەملىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۈردى ، — دەپ قوشۇپ قويدى . بۇنى ئاڭلاپ ، ساقاللىق كىشى رابىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى «ئۆز ئادەملىرىمىز» دېگىنىنى چۈشەنمىدى ، شۇنداقتىمۇ :
— راست ، تەلەيلىك ئىكەنسىلەر ، — دەپ كۈلۈپ قويدى ، — ئۇنداق بولسا ، هازىر بۇ جايلارمۇ خەتەرلىك ، ئوقۇش يېشىدىكىلەرگە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشقا يول قويمايدۇ . سىلەردەك ئوقۇش ئارزۇسى بارلار ئىچكىرىگە بېرىپ ئوقۇۋاتىدۇ . بىر ئادەم قوشىمەن . ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ماڭىدىغان پويىزدا يولغا چىقىپ ، ئارزۇ قىلىدىغان جايىڭلارغا بارىسىلەر . دىققەت قىلىشىڭلار لازىمكى ، بارغۇچە يات كىشى بىلەن سۆزلەشمەيسىلەر . كىشىلەر ئىزدەپ كەلسە ، تېپىۋالماسلىقى ئۈچۈن ، ئۈستۈڭلاردىكى كىيىمنى تاشلاپ ، مەن بەرگەن كىيىمنى كىيىسىلەر ، — دەپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، ھەممىسىگە بىر خىل ئاياغ ۋە يەڭسىز كوپتا ، قىسقا يوپكا ئېلىپ چىقىپ تاشلاپ بەردى . ئاندىن :
— سىلەر بۇ ئۆيدە ئارام ئېلىڭلار ، ئەتىگەنلىككە يولغا چىقىمىز ، — دەپ چىقىپ كەتتى .
قىزلار تاڭ ئېتىشى بىلەن نامازغا قوپۇش ئۈچۈن «ئەزان» نىڭ ئاۋازىنى كۈتتى ، ئەمما ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى .

شۇنداقتىمۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، ئىشىكنى بىرى چەكتى . ئىشىكنى ئاستا ئاچتى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ساقاللىق بىلەن قوشۇلۇپ يەنە ئىككى كىشىمۇ تۇراتتى .

— تېز بولۇڭلار ، — دەپ ئالدىراتتى ساقاللىق ، — يولدا ئوغرى يامان . بار پۇللىرىڭلارنى تاپشۇرۇڭلار ، بارغاندا بېرىمىز ، — دەپ قىزلارنىڭ پۇللىرىنى ساناپ ئېلىۋالدى . ئاندىن نېرىراقتا تۇرغان بولكىۋاي ماشىنىغا چىقىرىپ پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى . پويىز ئىستانسىسىغا كەلگەندە ، ھېلىقى ساقاللىق كىشى يوق ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلاردىن ياشراق بىرى قالغاندى . ئۇلار پويىزغا چىقىپ ئۈچ كۈن ماڭدى ، ئاخىر ئاجايىپ قايناق بىر شەھەرگە يېتىپ باردى . ئۇلارنى پويىزدىن چۈشۈرۈپ ، تاكسى بىلەن بىر بىناغا ئاپاردى . باشلاپ بارغان ھېلىقى كىشى نېرىراق بېرىپ يانفون بىلەن بىرنېمە دېگەندى ، ئوڭ كۆزىدە چانالغان تارتۇقى بار ، ئەللىك ياش ئەتراپىدىكى بىر كىشى چىقىپ :

— قېنى مەن بىلەن يۈرۈڭلار ، — دەپ كىچىك بىر دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ، بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى . ئۇ يەردە ياش بىر چوكان بىلەن بىر ئەر كۈلۈشۈپ ئولتۇرغانىكەن . تارتۇق كىشى قىزلارنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپلا غايىب بولدى . ھېلىقى چوكان قىزلارنى باشلاپ چىقىپ يوغان بىر ئۆيگە ئەكىرىپ ، بىردىن بوش كارىۋاتنى كۆرسىتىپ :

— بۇ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلار بولىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ جاينىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىسىلەر . كىمكى خىلاپلىق قىلسا ، قاتتىق جازالىنىدۇ ، — دەپ چىقىپ كەتتى . ياتاقتا پاكار قىلىپ ياسالغان ئۈچ قەۋەتلىك بوش كارىۋاتتىن ئون نەچچىسى تۇراتتى ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسىدە قىزلار ئارام ئېلىۋاتقانىكەن . ھېلىقى چوكاننىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن قىزلارنىڭ ھەممىسى يېڭى قىزلارنىڭ قېشىغا توپلىشىپ ، نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراشتۇرۇپ تۇراتتى ، ھېلىقى چوكان قايتىپ كىرىپ :

— ھەممىڭلار ئورنۇڭلارغا بېرىڭلار ، سىلەرنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالدۇق . كېچە بولامدۇ ، كۈندۈز بولامدۇ ، مۇسۇلمان بولامدۇ ياكى باشقىسى بولامدۇ ، ئىشقىلىپ ، كەلگەن مېھماننى كۈتسىلەر ، كۈتكىنىڭلار قانچە كۆپ بولسا ، سىلەرمۇ شۇنچە كۆپ پۇلغا ئېرىشەلەيسىلەر . مۇز چىرايلار ، يارىماسلار تەن جازاسى بىلەن جازالىنىدۇ . بۇ مېھمانخانا ئەمەس ، ئىشرەتخانا ، كەلگەن ئەرلەر رەنجىپ قالمىسۇن ، كىمنى چاقىرساق شۇ كىشى تەخىرسىز كۆرۈنۈشكە چىقىشى كېرەك ، — دەپ چىقىپ كەتتى . يېڭى كەلگەن قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلارغا ئۇچراپ ، «ئىشرەتخانا» غا سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى .

رابىيەلەر شۇ بارغانچە سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ يەرگە خىلمۇخىل تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كىرەتتى ، گاھى كۈنلىرى ئون - ئون بەش ئەرنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى . چۈنكى ، رابىيە چىرايلىق ئىدى . ئەگەر ناقايىلللىق قىلسا ، خوجايىن تەرىپىدىن خىلمۇخىل تەن جازاسىغا ئۇچرايتتى . سەككىز يىل دېگەن ئاز ۋاقىت ئەمەس - تە ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ناماز ، تەرىقەت دېگەن گەپلەر ئالللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭدىن كۈتكەن بەخت چىرىغى ئۆچكەنىدى . ئەمدى ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئاتىسى «جەننەت» دەپ ئۆز قولى بىلەن ئىتتىرىۋەتكەن «دوزاخ»تىن قانداق قۇتۇلۇش ئىدى .



# ئون ئالتىنچى باب

## تۈن نىسپىدىكى جىددىي سىگنال

رابىيەنىڭ «مېھمانخانا»دىكى «تۇرمۇشى»نىڭ سەككىزىنچى يىلى قىش پەسلى ئىدى. تالادا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارلار دېرىزە ئەينەكلىرىدە مۇز ھاسىل قىلغانىدى. ياتاقنىڭ ئىچى سوغۇق بولغاچقا، رابىيەنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي، تولغىنىپ يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى، يىراقتىن ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ جىددىي بېرىۋاتقان سىگنال ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىپ، «ئىشرەتخانا» جايلاشقان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئارقىدىنلا تۆمۈر دەرۋازا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى، ياتاقتىكى قىزلار ئۇن ـ تىنسىز ياتقان بىلەن، سوغۇقتىن ئۇخلىيالمىغانىدى. قىزلاردىن بىرسى:

— قايسىڭلار ئويغاق؟ دەرۋازا ئۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئىش چاتاقتەك قىلىدۇ، — دېدى.

قىزلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ تىڭشىماقتا ئىدى. دەرۋازىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا گۇپۇلدەپ يۈگۈرگەن بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

قىزلاردىن بىرى جىملىقنى بۇزۇپ:

— بىزنى تۇتۇپ كېتەمدۇ ـ يا؟ — دېگەنىدى، يەنە بىرسى:

— بولسا شۇنداق قىلغىيتتى ئىلاھىم، ھېچبولمىسا، دەردى ئەھۋالىمىزنى ھۆكۈمەت ئاڭلىغان بولاتتى، — دېدى.

قىزلار تېخى مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن تۇراتتى، كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولۇپ، ئىشىكلەر ئۇرۇلدى. قىزلاردىن بىرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى يورۇتتى. قىزلار كىيىملىرىنى كىيىپ بولغۇچە:

— ئىشىكنى تېز ئېچىڭلار! قورقماڭلار! بىز ساقچى! — دەپ ئىشىكنى ئېچىشقا ئالدىراتماقتا ئىدى، كارىدوردىن يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى.

قىزلاردىن بىرى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. كەلگەنلەر ساقچىلار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى:

— ھەممىڭلار بۇياققا چىقىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى، قىزلار كارىدورغا چىقتى. ساقچىلار قىزلارنى باشلاپ نېرىدىكى يوغانراق بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ ئىچىدە خوجايىن چوكان بىلەن ئۇنىڭ ئېرى قوللىرىدا كويزا، يەرگە قاراپ تۇراتتى. ساقچىلارنىڭ باشلىقى قىزلارغا قاراپ:

— بىز بۇگۇن ئادەم ئوغرىلاپ، ئىشرەتخانا ئېچىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزۇپ دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بۇ ئىككى جىنايەتچىنى قولغا ئالدۇق. سىلەر ئەركىن بولدۇڭلار، خىراجىتىڭلارنى بېرىپ، يۇرتۇڭلارغا قايتۇرىمىز. ئۆز جايىڭلارغا بارغاندا ئۆزۈڭلارنى قەدىرلەپ توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز، — دەپ، قولغا ئېلىنغان ئىككىسىنى ئېلىپ كېتىشتى.

ئەتىسى سەھەردە ساقچىلار يېتىپ كەلدى. قىزلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە يۇرتى، ئادرېسىنى تىزىملاپ، ئۆزىمىز كېتەلەيمىز دېگەنلەرگە خىراجەت تارقاتتى، يەنە بىر قىسىملىرىغا ئادەم قوشۇپ يۇرتلىرىغا ئەۋەتتى.

رابىيە بېرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، يېنىدىكى ئۈچ

دوستىدىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتى. دوستلىرىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر مەزگىل بۇ شەھەردە تۇرۇپ ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى كېتىدىغانلار قاتارىدا خىراجەت ئالدى.

خوجايىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن «ئىشرەتخانا»نىڭ ئۆيلىرى پېچەتلىنىپ، ئادەم قالمىغانىدى. رابىيە مېھمانخانىدا تۇرسا، قولىدىكى پۇلى بىرنەچچە كۈنگىلا يېتەتتى. شۇڭا بىرەر جايدىن ئىش تېپىپ، ئىشلەپ تۇرۇپ دوستلىرىنى ئىزدىشىگە توغرا كېلەتتى. بىراق، بۇنىڭدەك چوڭ شەھەردە ئىشسىزلار كۇرمىڭ تۇرسا، رابىيەگە قانداقمۇ ئىش چىقسۇن؟ مۇشۇنداق تەمتىرەپ يۈرگەندە، ئۆز يۇرتلۇقىدىن بىرىگە ئۇچراپ قالدى. رابىيە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بىر مۇسۇلمان ئاشخانىسىدىن ئىش تېپىپ، تازىلىق ئىشلىرىنى قىلدى. ئەمما، ئۇ ھەربىر كەلگەن خېرىدارغا سەپسالاتتى، گاھىلىرىدىن سۈرۈشتە قىلاتتى. ئەمما، دوستلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدى.

قىش چىقىپ، ياز كەلدى. نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپمۇ بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن، يۇرتقا قايتىش قارارىغا كېلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھەردە نوپۇسسىزلارنى يىغىۋالغۇدەك دېگەن پاراڭنى ئاڭلاپ قالدى. رابىيە بولسا، شۇ يەرگە يېقىن جايدىكى شەخسىي مېھمانخانىدا ياتاتتى. رابىيە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزلۈكىدىن يۇرتىغا قايتتى.

رابىيە يۇرتىغا كەلگەندە، تەقى - تۇرقى بۇرۇنقىدەك «بۇۋى» ئەمەس، بەلكى يالاڭباش، كالتە چاچ، پۇتىدا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ، ئۇچىسىغا كوپتا - يوپكىنى كىيىپ، ئۇزۇن پايپاق تارتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرگۈسى كەلدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارغا ئۆزىنى تاشلاپ، تۈگمەس خورلۇق، دەرد - ئەلەملىرىدىن مۇڭلىرىنى تۆككۈسى كېلەتتى. ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپراقلىرىنى، دەل - دەرەخلىرىنى،

ھەتتا بىر تۇپ گىياھلىرىغىچە تەشنالىق بىلەن سىغىنغانىدى . مانا ئەمدى ئۆز يۇرتىغىمۇ كەلدى . ئۇ شەھەردە تۇرمايلا ئۆز يېزىسىغا قاراپ ماڭدى . تانابتەك سوزۇلغان يېزا تاشيولى ، ئەتراپىدىكى قورشاپ تۇرغان مۇنبەت ئېتىزلار ، باغۋاران ، دەل ـ دەرەخلەر ، گۈل ـ گىياھلار قارشى ئېلىپ كەلگەك قۇچاق ئېچىپ ، ئۇنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى ئۇچۇن كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى .

رابىيە شەھەردىن چىقىپ ئازراق ماڭغاندا ، ئارقىسىدىن ناتونۇش بىر بوۋاي ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ يېتىشىپ كەلدى . كۆن كەچ بولغانىدى ، مەھەللە ئىچىگە يېتىپ بارغۇچە بېسىپ ئۆتىدىغان كەڭ سايلىق بار بولۇپ ، كېچىگە قالغۇدەك بولسا ، ئايالارنىڭ يالغۇز مېڭىشى قورقۇنچلۇق ئىدى . بوۋاينىڭ رەھمى كەلدى بولغاي ، رابىيەنى ھارۋىسىغا چىقىرىۋالدى . سايدىن ئۆتۇپ مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە رابىيە :

— ئۆيۈمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدىم ، رەھمەت بوۋا ، — دەپ ھارۋىدىن چۈشۈپ قالدى . ئۇنىڭ ئۆيى يول بويىدىلا بولۇپ ، ئىككى ئۆيدىن ئۆتسىلا يېتەتتى . رابىيە خۇشاللىقىدىن ھاياجانلانماقتا ئىدى . ئۆيگە كىرىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە يىغلاشنى ياكى كۈلۈشنى بىلمەيتتى . ئىشقىلىپ ، قانغۇچە يىغلاپ پۇتۇن دەردلىرىنى تۆكۈپ ، ئاتىسىنى ئەيىبلىگۈسى كېلەتتى . «ئەگەر ئاتام زورلاپ پەننىي مەكتەپتىن قاچۇرۇپ ، مېنى يولغا سېلىۋەتمىگەن بولسا ، بېشىمغا بۇ كۈلپەتلەر كەلمىگەن بولاتتى . قېنى مېنىڭ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىرىم ؟ قېنى مېنىڭ ئوقۇغان ناماز ، تۇۋا ـ ئىستىغپارلىرىم ؟ قېنى مەن يەتمەكچى بولغان بەخت ـ سائادەتلەر ؟ ئەمدى مەن نېمە بولدۇم ؟ تامامەن تۈگەشتىم . قېنى مېنىڭ پاكلىقىم ، كۈندە خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن بىرگە بولغانلىقىمنى نېمە دېگۈلۈك ؟ بۇ گەپلەرنى دېگىلى بولارمۇ ؟ ئەگەر دېسەمچۇ ؟ ئېنىقكى ، مېنى نومۇسسىز ، دەيدۇ . بۇ ئاتامنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن پاراغەت يولىنىڭ نەتىجىسى . ئەگەر

مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بولسا، ئۆز پەرزەنتىنى بۇنىڭدەك ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلمىغان بولاتتى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى، ئاندىن يەنە، «نېمىلا بولمىسۇن، ئاتا ـ ئانام نادان كىشىلەر. نادان كىشىلەر — ئەخمەق كىشىلەر، نادانىنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق. ئاتامۇ كىشىلەرنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشەنگەن. ئەخمەقلىقىدىن ئالدانغان. ئۇ باقىي ئالەمنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن پانىي ئالەم بايلىقىدىن ۋاز كېچىپ كەلدى. لېكىن مېنى ئوقۇتقان ئىمامچۇ؟ ھەر جۈمە كۈنى «ئازنىلىق» پۇل ئاپارمىساق ئۇراتتى. تىرىكتىن ئۆشرە، ئۆلۈكتىن نەزىر ئالاتتى. ئۇنىڭغا باقىي ئالەم پاراغىتى كېرەك ئەمەس بولغىيمىتتى؟ ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاتامنى ئازدۇرغاندۇ؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىمەكتە ئىدى. ئاخىرىدا، «ئەگەر، ئاتام مېنى ئەيىبلىگۈدەك بولسا، مېنىڭ قىلمىشلىرىمنىڭ جاۋابكارى ئاتام بولۇشى كېرەك. بۇنى ئۇچۇق دەيمەن» دېگەن قارارغا كەلدى. رابىيە تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئۆيىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلسە، دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق، ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. گۈگۈم چۈشۈپ، زاۋال ۋاقتى بولغانىدى. رابىيە قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ئۇلار تونۇدى، ئەمما ئەھۋال سوراپمۇ كەتمىدى. رابىيە قوشنىسىنىڭ قىزى گۈلسۈم بىلەن دېمەتلىك ئىدى. ئۇ بىر كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ رابىيە بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن:

— بىز نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز. كېيىن پۇرسەت تېپىپ مۇڭدىشايلى، سىز بېرىپ توختى سۇنجاڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ. قالغان گەپنى شۇنىڭدىن ئاڭلاڭ، — دەپ تۇراتتى، ئاپىسى چاقىرىپ ئەكىرىپ كەتتى. گۈلسۈم:

— بىزنىڭ ئۆينىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بەشىنچى ئۆيگە كىرسىڭىز بولىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

رابىيە گۈلسۈمدىن باش ـ ئايىغى يوق، ئەندىشىلىك گەپلەرنى

ئاڭلاپ ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە ماڭدى .
كەنت باشلىقى توختى رابىيە بىلەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ ، رابىيەدىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭ ئىدى ، كىچىك چاغلىرىدا بىرگە ئويناپ چوڭ بولغانىدى . رابىيەدىن ئىككى سىنىپ يۇقىرى ئوقۇپ ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق قىلدى . كەنت باشلىقى بولغىلى تېخى ئىككى ئاي بولغانىدى .
رابىيە قاچقاندىن كېيىن مەكتەپ تەرىپىدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كۆپ جايلارغىچە ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ تاپالمىدى . ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كارىمۇ بولمىدى . چۈنكى ، ئۇلار ئۆزلىرى يولغا سالغانىدى ، رابىيە قېچىپ يېرىم يىل ئۆتكەندە ، قاچقان قىزلار ئىچكىرىدىمىش ، بىرى ئالداپ ئاپىرىپ ئىشرەتخانىغا سېتىۋېتىپتۇ ، دېگەن مىش ـ مىش گەپلەر پەيدا بولغىلى تۇردى . يېرىم يىل ئۆتكەندە كەتكەن قىزلاردىن بىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى .
ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغانىدى : قىزلارغا ئۇچرىغان دەسلەپكى ئاق دوپپىلىق ئادەم ئىلگىرىكى تۇرمىدىشى بولغان كىچىك بالىلار ۋە ياش قىزلارنى ئوغرىلاپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاغ باغرىدىكى ساقاللىقلارنى ئىسگە ئېلىپ ، بۇ ياخشى پۇرسەتنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ نەپكە ئېرىشتى . ساقاللىقلار بولسا ، ئىچكىرى ئۆلكىدە قېچىپ يۈرۈپ جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاچقۇن جىنايەتچى ، يۈزى تارتۇق نۇردۇن بىلەن شېرىك ئىدى . بۇ قىزلارنى شۇنىڭغا ئەۋەتتى . نۇردۇن بولسا ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ يۈرۈيدىغانلاردىن ئىدى . ئۇ بۇ شەھەردىكى «لەززەتخانا» ۋە ئوغرىلىق گۇرۇھلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇراتتى . ھېلىقى ساقاللىقلار نۇردۇننىڭ ئادەملىرى بولۇپ ، ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن «ئولجا» نى نۇردۇنغا ئەۋەتىپ بېرىپ ، كۆپ نەپكە ئېرىشكەنىدى .
نۇردۇن قىزلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، بۇلاردىن بىرى ،

يەنى رابىيەلا تۇنجى قېتىم باشلاپ كىرىلگەن «ئىشرەتخانا»غا يارىدى. باشقىلىرىنى يەنە بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆتكۈزۈپ ئالغۇچىمۇ ئوخشاش كەسىپتىكى كىشى ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بىر قىز يۇقۇملىنىپ «ئىشرەتخانا»دىن ھەيدەلگەندە، ئۇ بىر يۇرتلۇق تىجارەتچىگە ئۇچراپ قالدى. بۇ تىجارەتچىمۇ بالىلىرى كۆپ كىشى ئىدى. ماكانسىز يۈرگەن بۇ قىزنى ئۇچرىتىپ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى، ئاخىر قىز داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى. ھېلىقى تىجارەتچى قىزنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ بولۇپ، يۇرتقا قايتقان بىر كاۋاپچىدىن خەۋەر ئەۋەتتى. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ، رابىيەنىڭ ھالىمۇ ئەھلى مەھەللىگە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئاز ـ تولا ئاڭلانغانىدى. بۇ خەۋەر كەنت باشلىقى توختىغا ئاڭلىنىپ، قاچقان قىزلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن نېرى كەتمىدى. بولۇپمۇ، بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئوماق قىز رابىيەنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئەمما بىركىمگە ئېغىز ىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق ئىدى: رابىيە كەتكەندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەرنىمۇ پەننىي مەكتەپتىن ئايرىۋېلىپ، رابىيەنى ئوقۇتقان ئىمامدا ئوقۇتتى.

ئۆمەر ئىمامدا ئوقۇپ ئانچە ـ مۇنچە قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، چالا ساۋات ساقاللىقلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ھەقىقىي ئىلىم ئۆگەنگەن پېشقەدەم دىنىي ئۆلىمالارنى «خائىن» دەپ غەيۋىتىنى قىلىپ يۈردى. ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى «ئىمانى سۇسلىشىپ كەتكەنلىكتىن» دەپ قارىلىدى. بۇ مەزگىللەردە جەمئىيەت ياشلىرى ئارىسىدا چاچ ـ ساقاللىرىنى قويۇۋېتىپ ئۆزىنى «تالىپ» ئاتاپ، كۆز بوياپ يۈرگەن ساۋاتسىز ئوغرى ـ قىمارۋازلارمۇ بار ئىدى. بۇلار ئۆزلىرىنى ساقال بىلەن يوشۇرۇپ، نادان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «ياخشىچاق» بولۇپ يۈرۈشەتتى. كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ يامانلىقىنى ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

ئۆمەر ئاز ـ تولا قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ، مەھەللە ئىچىدە ئۇنىڭ نامى «ئۆمەر قارىم» دەپ ئاتىلىپ ، چوڭ ـ كىچىك دېھقانلار ئۇنى دىنىي ۋەكىل سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيدىغان بولدى . ئاق دوپپا كىيگەن ، بېشىغا چاچ ، ئېڭەككە ساقال قويۇۋالغان ناتونۇش ياشلار ئۇنىڭ مەھەللىسىدىن كەم بولمايتتى . ئۇلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بولسا ھېچكىم سورىيالمايتتى . كىشىلەر نەزىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ياش ئۆلىمالار بولۇپ ، گۇناھلىق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ ، ساۋاپ يوللىرىنى كۆرسەتكۈچىلەر ، دەپ قارىلاتتى .

مۇشۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇشتۇمتۇت ئۆمەرنىڭ ئىشىكىدە ساقچى ماشىنىسى پەيدا بولدى . ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن ، «ئۆمەر قارىينىڭ ئۆيىدىن پارتلىتىش دورىسى ، قورال ـ ياراغ چىقىپ قېلىپ ، ئۆمەر قارىينى ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ كېتىپ ، ئۆيلىرىنى پېچەتلەپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى . كەچقۇرۇن كەنت كادىرلىرى دېھقانلارغا يىغىن ئېچىپ ، ئۆمەرنىڭ ئۆيىدىن قورال چىققانلىقى ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىقرار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى جاكارلاپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنى قاتتىق كۆزىتىشنى ، كۆرگەن ھامان مەلۇم قىلىشنى ئۇقتۇردى . ئاندىن گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ كېلىپ ـ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ، تام قوشنىلىرىنىمۇ نازارەت قىلىش كېرەك ، دېدى .

ئۆمەر ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۈچ كىشى بولۇپ ، ئائىلىسىدە باشقا ئادەم يوق ئىدى . شۇ كۈنلەردە ئاپىسىنىڭ يۈرەك كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى . ئەمما ، ئوغلىنىڭ ھېلىقىدەكلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ ، ئوغلۇم ياخشى ئادەم بولدى ، دەپ يۈرەتتى . لېكىن ، مەخپىي ئىشلىرىنى بىلمەيتتى . ئۆمەر تۇتۇلۇپ ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە ، ئاپىسىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ ئالەمدىن ئۆتتى . ئۆمەر ئاتىسى بىلەن بىللە

تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن ئارىلىقتا بىرەر يىل ئۆتتى. ئەمما ئۇ ھەقتە ھېچبىر گەپ ـ سۆز بولمىدى. پەقەتلا ئۆمەرنىڭ شېرىكلىرى تۇتۇلماپتىمىش، شۇ سەۋەبتىن تېخىچە سوت قىلىنماي تۇرۇۋاتقۇدەك، دېگەن مىش ـ مىش پاراڭلار ئاياللار ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، راست شۇنداقمۇ ياكى بىرىنىڭ پەرىزىمۇ، ئېشقىلىپ بۇ گەپنىڭ ئېگىسى چىقمايتتى.

رابىيە كەلگەندە، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمەر ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ تونۇلۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى.



# ئون يەتتىنچى باب

## شۇم خەۋەر

رابىيە گۇلسۇمدىن «توختى سۇنجاڭ» دېگەن ئىسمنى ئاڭلىغان بىلەن ئۇ ئادەم ياشمۇ، قېرىمۇ، كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. گۇلسۇمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، ساناپ تۆتىنچى ئۆيدىن ئۆتكەندىن كېيىن «كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، دەرۋازىنىڭ هالقىسىنى شاراقلاتتى. قايتا - قايتا ئۇردى، جىمجىت ئىدى. ئارقىغا يېنىپ، يەنە بىرەر ئۆيدىن سوراپ باقماقچى بولۇپ تۇراتتى، دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ بىر چوكان چىقتى ۋە سالاملىشىپ بولۇپ ئۆيگە باشلىدى. توختى بولسا، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

توختى مېھماننى كۆرۈپ تونۇيالمىدى. قىسقىچىلا تىنچلىق سوراپ، يۇقىرىغا باشلىدى. داستىخان سېلىپ، ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلدى. رابىيە بولسا، ناندىن بىر بۇردا يېدى، ئاندىن چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، جىم ئولتۇردى. توختى سەپسىلىپ قاراپ، رابىيەگە ئوخشىتىپ قالدى، ئەمما جەزملەشتۈرەلمىدى. ئاخىر، «مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىپ تارتىنىپ ئولتۇرسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. چۈنكى، كەنت باشلىقى بولغاندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېرىدىن مۇشت يېگەن ئاياللار، قوشنىسى بىلەن بالا

ئارىسىغا ئارىلىشىپ جېدەل پەيدا قىلىغانلار، نىكاھتىن ئاجرىشمەن دەيدىغانلار كېلىپ تۇراتتى.

رابىيە بولسا، توختىنى بىر كۆرۈپلا تونۇغانىدى، ئەمما كۆرگەنلا كىشى ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرغان يەردە، ئۇنىڭ: «ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلىدى. توختى گەپ سوراپ:

— ئىسمىڭىز نېمە، قەيەردىن بولىسىز؟ — دېدى. ئۇ:

— مەن رابىيە، — دەپلا، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىۋەتتى.

توختى بۇ ئىسمنى، تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ، ھەيران قالدى. ئۇنىڭ بىلەن قايتىدىن كۆرۈشۈش كېرەكمۇ، نېمە دېيىش كېرەك، بىلمەيلا قالدى. ئۇ شۇنداق خۇشال ئىدىكى، يوقاتقان قىممەتلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك ئىدى، لېكىن ئۇ ھازىر كىچىك بالا ئەمەس. خوتۇنى بار، كەنت باشلىقى ئىدى.

— يىغلىماڭ، — دېدى توختى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئاندىن كېيىن، — ئاپا! — دەپ توۋلىدى.

توختىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، زورىخان چىقىپ كەلدى، توختى ئاپىسىغا:

— بۇ كىم؟ — دېدى. ئانا قىزنى تونۇيالمىدى.

رابىيەنىڭ كۆزلىرى ياش ئىدى.

— بۇ رابىيە، — دېدى توختى.

— راست، بۇ رابىيەغۇ، — دېدى زورىخان سىنچىلاپ قاراپ. رابىيە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىماقتا ئىدى. زورىخان بىلەن ئىككىسى ئانا ـ بالىلاردەك بىردەم يىغلىشىپ، ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

زورىخان بولسا، ھال ـ ئەھۋال سوراپ، سوئاللار قويماقتا ئىدى. رابىيە بولسا، گەپنى نەدىن باشلاشنى ۋە نېمە دېيىشنى بىلمەي، سورىغان گەپكىلا جاۋاب بېرىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. داستىخان يىغىلدى. توختىمۇ بوگۇنچە ھېرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىكى پاراكەندىچىلىكنى ئۇقتۇرۇپ كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنى خوپ كۆرمىدى. ئۇنىڭ رابىيەگە

قارىغانچە قارىغۇسى كېلەتتى. بۇگۈن ئۇ بۇرۇنقىدەك زىلۋا، ئورۇق، خۇش چاقچاق، ئەمما ئاسانلا يىغلايدىغان، ئۆزى ئوينىشىپ ئۆزى تېرىكىپ قالىدىغان رابىيە ئەمەس، بويلىرى ئېگىز، سىمىزلىكى بوي - تۇرقىغا راسا ياراشقان، بۇغداي ئۆڭ، قاش - كۆزلىرى جايىدا، پەرداز قىلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى كىشىنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىدىغان، كەم سۆز، تەمكىن رابىيە ئىدى.

رابىيە توختىغا قاراپ:

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر كۆرۈنمەيدۇ. ئۇقۇپ چىقاي دەپ كىرىۋىدىم، قوشنىلار سىزنى بىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ قويدى، — دەپ سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

توختى زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. باشقىلارمۇ ئۈندىمىدى. ئۆينى بىردەم جىمجىتلىق باستى. توختى «نەچچە يىل مۇساپىرلىق جەبرى - زۇلۇملىرىنى تارتىپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈش كېرەكمۇ ياكى ئاتىسى ئىبراھىم سوپى بىلەن ئىنىسى ئۆمەرنىڭ ئەھۋالىنى دېيىش كېرەكمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئاخىر گەپنى ئاتىسى ئىبراھىم سوپى رابىيەنى قاچۇرغاندىن كېيىن، ئۆمەرنىمۇ مەكتەپتىن ئايرىۋېلىپ ئىمامنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ بەرگىنىدىن باشلاپ، يۈز بەرگەن ھەممە ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلدى. ئاخىرىدا، ئاپىسى زىلەيخانىڭ قازا قىلغانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ كېلىپ:

— ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، ئائىلىڭىزدىكى ئاتىڭىزنىڭ مۇلۇكلىرىمۇ ئۆمەرنىڭ قەرزىگە چىقىشماي ھويلىمۇ پىچەتلەندى. بۇگۈن ئاپامنىڭ يېنىدا قونۇپ قېلىڭ، قالغان گەپنى ئەتە قىلىشايلى، — دېدى.

كىشىنىڭ يۈرتىدا خورلۇققا ئۇچراپ، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن رابىيە ئون بەش يېشىدىن باشلاپ يەتتە - سەككىز يىل مابەينىدە ئادەم بىدىكلىرى تەرىپىدىن سېتىلىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەملەرگە بەرداشلىق

بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمى، ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ توزغاقتەك توزۇپ، ئىگە - چاقىسىز قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئولتۇرغان جايىدا مۇردىدەك قېتىپ قالدى. كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ئېقىپ تۇرغان نادامەت ياشلىرى ئېتەكلىرىگە تامچىلاپ چۈشتى. ئەمدى ئۇ ھەممىدىن ئايرىلدى، تۇرغۇدەك ماكان، پاناھلانغۇدەك ئورۇق - تۇغقانلىرىمۇ يوق ئىدى. قولۇم - قوشنىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بىرەر ئېغىزمۇ ھال سوراپ قويماي ئۆزىنى قاچۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەمدى چۈشەندى. ئەمدى بىرلا يول قالغانىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ باشقا بىر ناھىيىدىكى نەۋرە ئىنىسى — سۇلايمان دېگەن كىشىنى تېپىش، ئاتىسى بىلەن ئىنىسى چىققۇچە، شۇلارنىڭكىدە پاناھلىنىپ تۇرۇش ئىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا، توختىمۇ بىر ئاخشامدىن ئارتۇق قوندۇرالمايتتى، چۈنكى رابىيە سىياسىي گۇماندارنىڭ تاۋابىئاتى ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن، توختى بىلەن رابىيە كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىمۇ ئىناق ئۆتكەچكە، بۇلاردا قانداقتۇر بىر خىل مېھرى - مۇھەببەت پەيدا بولۇپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتى. رابىيە كەتكەندىن كېيىن، توختى ئۇنىڭ قايغۇسىنى قىلىپ ئۇزاققىچە ئۇنتۇيالمىدى. ئايگۈلگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن پات - پات ئۇنىڭغا ئوقۇش دەۋرىدىكى ئىشلاردىن ھېكايە قىلىپ بەرگەندە، رابىيەنى تىلغا ئالماي قالمايتتى. ئايگۈل بولسا، باشقا كەنتتىن بولغاچقا، رابىيەنى تونۇمىسىمۇ، توختىنىڭ رابىيە توغرىسىدىكى ماختاشلىرىنى ئاڭلىغاندا تۇرۇپلا خۇيلىنىپ قالاتتى. ئايگۈلنىڭ بۇ قىلىقلىرى كۆرۈشمىگەن رەقىبىگە ھەسەت قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى بىر ئۆتمۈش بولغاچقا، توختى كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

بۈگۈن ئايگۈل ئۆز رەقىبىنى كۆردى. ئۇنىڭ رەقىبى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىدى. ئايگۈلنىڭ پاكار، ۋىجىك بەستى رابىيەنىڭ ئالدىدا ھەرگىزمۇ تەڭلىشەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ توختى

بىلەن رابىيەنىڭ سۆھبەتلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇردى . بۇنى سەزگەن توختى رابىيە ئۆيدە ئۇزاقراق تۇرغۇدەك بولسا ، ئايگۈل بىرەر چاتاق چىقىرىپ ، يامان تەسىر پەيدا قىلىپ ، ئۆزىنى ئاۋارىچىلىككە سالىدىغانلىقىنى بىلىپ ، رابىيەنى تۇتۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى . زورىخاننىڭ بولسا ، رابىيەنى كەتكۈزگۇسى يوق ئىدى .

زورىخان دىلى يۇمشاق ، رەھىمدىل ئانىلاردىن ئىدى . رابىيە كۆز ياش قىلغاندا ، مېھرىبان ئانىسىدىن ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قىزنىڭ مۇسىبەت يىغىسىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي ، گاھ رابىيەنىڭ ياشلىرىنى ئېرتاتتى ، گاھ تەڭمۇتەڭ يىغلايتتى . «بىچارە قىز ، — دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە ، — نەگىمۇ بارارسەن ، نەدىمۇ تۇرارسەن ؟ دۇنيادا پەرزەنت ئۇچۇن ئانىدىنمۇ كۆيۈملۈك كىم بار ؟ ئانىسى پەرزەنتلىرىنىڭ دەردىدە كۆزى ئوچۇق كەتتى . ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام قانداق قىلار ئىدىم ؟ كىمنىڭ ئەزىزى كىمگە خار بولماپتۇ ، مېنىڭ پۇشتۇممۇ ئازمايمىز دېيەلەمدۇ ؟ ئازمايدىغان كىم بار ، بېشىغا كۈن چۈشمىگەن كىم بار ؟ ئىبراھىم سوپى ئۆز قولى بىلەن پەرزەنتلىرىنى بالاغا گىرىپتار قىلدى . ئۆزى ئايرىلىپ قالدىمۇ ؟ ئۆزىنىڭ جاھىللىقى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى . رابىيە ئەسلىدە بىر ئوبدان قىز ئىدى . قېنى ئۇنىڭغا تېپىپ بەرگەن بەخت ـ سائادىتى ؟ ئاخىرىغا بېرىپ ئۆزىمۇ تىرىك تۇرۇپ تۇرمىگە كىرىپ ياتتى» دېگەنلەرنى ئويلىغانسېرى ، رابىيەگە شۇنچە مېھرىبانلىقى قوزغالماقتا ئىدى . توختى بىلەن بولغان سۆھبەت ئاياغلاشتى . موماي رابىيەنى باشلاپ ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى . «ئاتا كۆرگەن ئاتىغا ئوخشاش ، ئانا كۆرگەن ئانىغا ئوخشاش» دېگەندەك زورىخان بىلەن رابىيەنىڭ ئانىسى زىلەيخان يېقىن ئۆتىدىغان مۇڭداشلاردىن ئىدى . رابىيە ئانىسى بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىسىمۇ ، زورىخاننىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشتى . موماي باشقىلاردەك چۈچۈپمۇ كەتمىدى ، بەلكى چىن مېھرىبانلىق بىلەن قارشى ئېلىپ ، ئانىلىق قوينىنى ئاچتى ، رابىيە

ئۆچۆنمۆ «يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايلىقىڭ شۇ ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىغىڭ شۇ » دېگەندەك ، زورىخان ئۆز ئانىسىدەك ئىچ ئاغرىتماقتا ئىدى .

ئىككىسى تاڭ ئاتقۇچە مۆڭدىشىپ چىقتى ، رابىيە ئانىسىغا دېمەكچى بولغان مۆڭلىرىنى زورىخانغا تۆكۈپ ، ئىچىنى بوشىتىۋالدى . زورىخان بولسا ، رابىيەنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۆزى كۆرۈۋاتقاندەك ئازابلانماقتا ئىدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە كەنت باشلىقى توختىنىڭ كەنت ئەزالىرىنى تازىلىق قىلىشقا ئۈقتۇرۇۋاتقان كاناي ئاۋازى رابىيەنى ئويغىتىۋەتتى . رابىيە ئورنىدىن تۇرغاندا قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، زورىخان پولۇنى دۈملەپ قويۇپ ئولتۇرغانىدى . تائامدىن كېيىن زورىخان ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ چىقىپ ، مىڭ يۈەن پۇلنى ساندۇقىدىن ئېلىپ :

— قىزىم ، سەن بۇ يۇرتتىن ۋاقتىنچە ئۆزۈڭنى چەتكە ئال ، بېرىپ ئىبراھىم سوپىنىڭ نەۋرە ئىنىسى سۇلايماننى تاپ . ئۇنى بىر قېتىم كۆرگەنىدىم . ئۇنى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى دېگەندەك قىلغانىدى . ئۇ ئاتاڭغا ئوخشاش ئەمەس ، كۆپ ئوقۇغان بىلىملىك كىشى ، ھازىرچە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرساڭ ، كېيىنچە بىر گەپ بولار . بۇ پۇلنى ئاناڭ ماڭا تاپىلاپ قالدۇرۇپ كەتكەنىدى . ئەمدى ئامانىتىڭنى تاپشۇرۇۋالغىن . سەپەردە ساڭا پۇل كېرەك بولۇپ قالىدۇ ، — دەپ سۇندى . ئارقىدىن ، — بۇ گەپنى توختى ياكى ئايگۈل بىلىپ قالمىسۇن ، — دەپ قوشۇپ قويدى . ئاندىن توختىنىڭ قېشىغا چىقىپ :

— ئوغلۇم ! رابىيە نەۋرە تاغىسى سۇلايماننىڭ قېشىغا بارماقچى ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويغىن ، بولسا ، شەھەرگىلا ئاپىرىپ قويساڭ ئوبدان بولاتتى ، «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ » دېگەن گەپ بار ، بۇنىڭمۇ ساۋاقداشلىرى ، تەڭتۇشلىرى بار . قىزلارنىڭ تۇرمۇش تەلىپى ئەرلەرگە ئوخشىمايدۇ ، ياخشى كىيگۈسى ، ئوبدان يۈرگۈسى كېلىدۇ . رابىيەنىڭچۇ ؟ تۇرمۇش

كەچۇرۇشىنىڭ چىقىش يولى ئۇزۇلدى . ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دوستى بار ، دۇشمىنى بار . «كىپەك ئاش بولمايدۇ ، دۇشمەن دوست بولمايدۇ» دېگەندەك ، رەقىبلىرىنىڭ ئالدىدا غېرىبسىنىپ قالمىسۇن ، ئۆز يۇرتىدا خارلانغاندىن كىشىنىڭ يۇرتى ياخشىراق ، — دەپ تاپىلىدى .

توختى خوتۇنىنىڭ كۆڭلىشىدىن ياكى كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇپمۇ قالمىدى ، بەلكى رابىيەنى موتىسكلىتقا مىندۇرۇپ ئۆزى ئېلىپ ماڭدى . شەھەرگە كېلىپ يولۇچىلار بېكىتىگە يېتىپ بارغاندا ، چۈشتىن كېيىنكى ئاپتوبۇسنىڭ يولغا چىقىدىغىنىغا ئون مىنۇت قالغانىدى . توختىنىڭ يېنىدا بىلەتكە تۇشلۇقلا پۇل بار ئىدى . بىلەتنى ئېلىپ رابىيەنى ماشىنىغا چىقىرىپ قويۇپ تاكى ماشىنا كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئارقىسىدىن قولىرىنى پۇلاڭلاتتى .

سۇلايماننىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئۈچ - تۆت ناھىيىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . ماشىنا ۋىلايەت مەركىزىدە قونۇپ ، ئەتىسى ماڭماقچى بولدى . ئىككىنچى كۈنى سۇلايمان تۇرۇۋاتقان ناھىيىگە كەلدى . رابىيەنىڭ ئادىتى بىر سومكا كىيىم - كېچەكلىرىدىن باشقا يۈك - تاقلىرىمۇ يوق ئىدى . زورىخان بەرگەن پۇلنى چاپاننىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ ، ئاغزىنى تىكىپ قويغانىدى . رابىيەنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى . تاماقخانىغا كىرىپ يانچۇقىنى تۇتقانىدى ، قولىغا بىرنەرسە ئۇرۇنمىدى . شۇنداق قارىغانىدى . پۇل يوق ، پەقەت يانچۇق ئۈستىدىن تىلىنىپ كەتكەندەك يىرتىق كۆرۈندى . يىغلاپ باقتى ، ئۇياق - بۇياقنى ئىزدەپ باقتى ، بېكەتكە بارغانىدى ، كەلگەن ماشىنا ئالللىقاچان كەتكەنىدى . مەلۇمكى ، رابىيەنىڭ پۇلى ئاپتوبۇستىكى يانچۇقچىلار تەرىپىدىن ئوغرىلانغانىدى . رابىيە ئاچ قورساق يۈرۈپ سۇلايماننى ئىزدىدى . ئاخىر ، سۇلايماننىڭ بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى . ئەسلىدە ، سۇلايمان بىر شىركەتكە دىرېكتور ئىدى . ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرمۇش

كەچۈرۈپ ، كۆپ پۇل يىغقانىدى . رابىيە كېلىشتىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ئۈشتۈمتۈت مېڭىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تاپقان پۇلى تۇغماس خوتۇنى بوستانگۇلگە قالدى .

بوستانگۇل يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ، بېشى قاپاقتەك ، بويىنى ساپاقتەك ، زەمبىل بەل ، قورسىقى يوغان ، پاچىقى ئىنچىكە ، چىرايلىرىنىڭمۇ بىرەر ئالاھىدىلىكى يوق ، سەترەك خوتۇن ئىدى . سۇلايماننىڭ پۇللىرى ئۇنى شۇنداق «چىرايلىق» قىلىۋەتتىكى ، ئېرى ئۆلۈپ ، نەزىردىن كېيىنلا ئاشىق بولغانلاردىن نەچچىسى چىقتى . ئۇ قىرىق نەزىرىنى بېرىپ بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ، تەلەپ قويغانلار ئىچىدىن تاللاپ تۇرۇپ ئۆزىدىن يىگىرمە ياش كىچىك بىر ئەرگە تەگدى . بوستانگۇلنىڭ ئاشىقلىرىنىڭ ھەممىسى بوستانگۇلگە ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ پۇللىرىغا ئاشىق ئىدى ، شۇلار ئارىسىدىن تاللاپ زەھەر چەككۈچىدىن بىرىگە تېگىپ ، سۇلايماننىڭ پۇللىرىنى ئۇنىڭغا دەسمايە قىلىپ بەردى . ئەمدى رابىيە ئىزدەپ بارغان بىلەنمۇ ، ئۇنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى . ئەگەر يېقىن كەلتۈرگەندىمۇ ، كونىلارنىڭ : «پۇلنى تاپار ئەرنىڭ ئېرى ، ئۇرۇپ مېغىزىنى چاقار خوتۇننىڭ سوڭىقى ئېرى» دېگىنىدەك ، بوستانگۇلنىڭ بىر پۇلغىمۇ كۈچى يەتمەس بولۇپ ، بايلىقى ئەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى .

رابىيە پۇلدىن ئايرىلىپ ، قاناتسىز كەپتەردەك ، ھېچ يەرگە بارالماس بولدى . پەقەت پايپاقنىڭ قونچىدىكى ئىككى يۈەنلا پۇلى قالغانىدى . ئۇنىڭغا نان ئېلىپ بىر كۈننى ئۆتكۈزدى . ئىشلىمەكچى بولۇپ بىرقانچە لەڭمەنخانا ، ئاشپۇزۇللارغا كىرىپ باقتى ، بىرەر ئىش تاپالماي ، ئاخىر بىر سامسىپەزنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئىشلەپ جان بېقىپ يۈردى . مۇشۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندى . «ئاشخانا» خوجايىنى زەينەپگۇل سامسا ئالغىلى كېلىپ ، ناتونۇش چوكان رابىيەگە كۆزى چۈشتى . ئۇنىڭ ھۆسن ـ چىرايى ، قەددى ـ قامىتى ئەرلەرنىلا ئەمەس ، ئاياللارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىدى . ئەگەر «ئاشخانا»لارغا

مۇشۇنداق چوكانلارنى ياللىۋالىدىغان بولسا، پۇل تېپىش دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. زەينەپگۈل رابىيەنى ئېلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدىيۇ، «ياق، بۇ ئوغرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپ گەپ ـ سۆز قىلماي كېتىپ قالدى. بۇگۈن زەينەپگۈلنىڭ رابىيەنى كۆرگىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىدى. چولپاننىڭ ئايال كىشى ئىزدەپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭغا خوپ كەلدى.

ئۇ بۇ ئىشقا رابىيەنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئولگۈرگەنىدى. ئۇنى تونۇشتۇرۇپ قويسا، زەينەپگۈلمۇ، رابىيەمۇ نەپكە ئېرىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، چولپاندىن ئىككى يۈز يۈەن تاپان ھەققى ئېلىپ رابىيەنى ئەكېلىپ بەردى.

رابىيەنىڭ مەقسىتى ئىشلەپ كىراغا تۆشلۈق پۇل تېپىۋالسا، ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئىدى. تاپقان پۇلى تۆيۈقسىز تەگكەن تومۇ كېسىلى بىلەن داۋالىنىپ تۈگىگەنىدى. پۇل تېپىش ئۈچۈن ئېغىر ئەمگەكلەر بولسىمۇ يانمايتتى.

مانا ئەمدى رابىيە چولپانغا ئۇچرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا رابىيەنى «قۇربانلىق» قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. چولپان رابىيەگە:

— سىزنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنىدىم. ياردەم بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتىمەن، — دېدى.

— قانداق ياردەمكىن، قېنى ئاڭلاپ باقاي، ئەگەر قولۇمدىن كەلگۈدەك بولسا، نېمە دېمەكچىدىم، — دېدى رابىيە.

— بوپتۇ ئەمسە، دەۋېرەي، — دەپ سۆز باشلىدى چولپان، — يېڭىلا بويۇمدا قالغانىدى. كېچىسى قارا بېسىپ ئۇخلاتمىدى. بىرنەچچە ئاي بولدى، قورسىقىم يوغىنىماي، ئوخشاش تۇرۇۋالدى. بارات موللام دەپ بىر كىشى بار ئىدى. كىتاب ئېچىپ: «قورساقتىكى بالىڭىزنى ‹مىسلىمىيان› يەۋېتىپتۇ. تېزرەك تۆتۈش قىلمىسا بولمايدىكەن» دەپ، ئەپسۇن قىلىپ بەرمەكچى بولدى. بىراق، ئايەت باشلىنىپ تاكى تۈگىگىچە

ئايال كىشىدىن بىرى ھەمراھ بولۇشى لازىم ئىكەن . موللام يېشى يەتمىشتىن ئاشقان كىشى ، ئېھتىمال ، ياردەملىشىدىغان ئىشى بولسا كېرەك . شۇڭا سىزنى يېقىن تۇرارمىكىن ، دەپ چاقىرتقانىدىم . مانا بۇ ئىش ھەققىڭىز بولسۇن ، — دەپ يۈز يۈەنلىكتىن ئىككىنى سۇندى . رابىيە ئۇچۇن بولسا ، ئىككى يۈز يۈەن يېتەرلىك پۇل ئىدى . مۇشۇ پۇل بىلەن ئۈز يۇرتىغا قايتىپ كېتەلەيتتى . چولپاننىڭ خىزمىتىنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلغۇسى كەلدى .

چولپان بولسا ، «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك ، ياش بولغان بىلەن قۇۋلۇقتا ئانىسى شەرىخاندىن ھەرگىز قېلىشمايتتى . ئۇ «رابىيە ئەخلاقسىزلاردىن بولغان بولسا ، شۇنداق قاملاشقان چىراي - شەكلى بىلەن قورساق تويغانغا رازى بولۇپ ، پىياز توغراپ ئولتۇرمايتتى . بارات موللىغا بىر كېچە ھەمراھ بولۇپ سىيىپ بېرىپ كېلىشىڭ دېسەم ئۇنىماي قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ ، راست گەپنى قىلمىدى . بارات موللامغا ئاپىرىپلا بەرسە ، سىيدۇرەلەمدۇ ، سىيدۇرەلمەمدۇ ، موللىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، چولپان رابىيەنى پۇلغا ياللىۋېلىپ ، قېرى موللا باراتقا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، سۇيدۇكى دورا بولۇپ قالغان زىناخورمۇ تەييار بولدى ، يەنە بىر زىناخورنى ئىزدەپ يۈرۈش ھاجەتسىز ئىدى . ئۇ باراتنىڭ ئۆزى ئىدى . رابىيەنىڭ بولسا ، ئىككىنچى قېتىملىق ئالدىنىشى ئىدى . بۇنىمۇ تاغ باغرىدىكى ساقاللىقلارنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن كەم ھېسابلىغىلى بولمايتتى . ئەگەر چولپان گەپنىڭ راستىنى ئېيتقان بولسا ، رابىيە ھەرگىز ماقۇل بولمايتتى . رابىيە ئەسلىدە ئىپپەتلىك قىز ئىدى ، ئۇنىڭ ئالدىنىپ «ئىشرەتخانا»غا سېتىلىشى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس ، بەلكى مەجبۇرىيلىقتىن ئىدى . بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى زىناخور دەپ ئاتىغىلى بولمايتتى . ئەگەر ئۇ زىناخورلۇق بىلەن پۇل تاپماقچى بولغان بولسا ، ئاللىقاچان پۇلدىن بىھاجەت



بولغان بولاتتى . يېڭى بازار زىناخورلارنىڭ توپلىشىدىغان جايى بولىغاچىقا ، ئىزدىگىنىنى تاپىقىلى بولىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ چولپانغا يالىلىنىشى ناتايىن ئىدى . بۇنىڭدەكلەرنىڭ گاھىدا ئامىتى كېلىپ قالسا ، خېلى كۆپ پۇلغا ئېرىشىشىدە گەپ يوق ئىدى . ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، بىر قولدا يىگىتنى ئەركىلىتىپ ، بىر قولدا يانچۇق كولايتتى . مەستلەر بىلەن ئولتۇرغاندا ، ئەرنىڭ يېنىدا بار ـ يوقىنىڭ ھەممىنى قۇرۇقدىۋېتەتتى . بۇنىڭ باراۋەر قىسمىنى قاۋاقخانا خوجايىنىغا بەرسە ، يەنە بىر قىسمى ئۆزىگە قالاتتى .

زەينەپگۇل ھەرگىزمۇ پۇرسەتنىــــى قولدىن بېرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى . چولپان پۇلنى چىقارغاندىن كېيىن :

— توختاڭ خانىم ، بۇلار تۇرۇپ تۇرسۇن ، — دېدى ـ دە ، ئابدۇللا بىلەن رابىيەنى جايىدا قالدۇرۇپ ، چولپاننى بىر چەتكە تارتتى .

— بۇ قىزنىڭ ئىگىسى مەن ، — دېدى زەينەپگۇل ، — باھانى مەن بىلەن سۆزلىشىسىز . قېنى سۆزلەڭ ؟

— باھاسى قانچە ؟ — دېدى چولپان .

— بەش يۈز يۈەن .

— ئىككى يۈز يۈەنچۇ ؟

— بولمايدۇ ، ئۇنىڭغا چىدىمىسىڭىز ئىككىــى يۈز يۈەنگە ئەڭلىك ئېلىپ ئۆزىڭىزنى پەردازلاپ ، موللامىنىڭ قېشىدا ئۆزىڭىز يېتىۋېرىڭ . خوش ئەمىسە ، — دەپ ئۇزىتىــــپ قويماقچىــــى بولغانىدى ، چولپان يەنە ئۆرلەپ :

— ئۈچ يۈز يۈەن ، — دېدى .

— تۆت يۈز يۈەن بولسۇن .

— مانا سىز دېگەندەك بولسۇن ، — دەپ چولپان ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەننى سۇندى . زەينەپگۇل ساناپ كۆرۈپ بىر يۈز ئەللىك يۈەننى ئۆز يانچۇقىغا سېلىپ :

— ئەمدى بولدى ، — دەپ رابىيەنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئىككى

يۈز يۆەنى بېرىپ :

— ئەللىك يۆەن تاپان ھەققى قالدى ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

رابىيە نېمە دېيەلىسۇن ؟ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان تۇرسا ، قانداقمۇ باھا قويالىسۇن ؟ ئۇ پەقەت قانداقتۇر بىر قېرى موللامنىڭ ئەپسۇنلىرى تامامىلانغۇچە ھەمراھ بولۇپ بېرىشىنىلا بىلىدۇ . ئەمما ، موللامنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى بارمۇ ـ يوق ، ئۇنىمۇ بىلمەيدۇ . رابىيە كۆڭلىدە : «موللامنىڭ خوتۇنى قېرى ياكى كېسەل بولغان بولسا ، پارچە ـ پۇرات ئىشلارغا ياردەم بەرسەم كېرەك» دەپ ئويلىغانىدى .

شۇنداق قىلىپ ، رابىيەگە ئىككى يۈز يۆەن تۇتقۇزۇلۇپ ، چولپاننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى . چولپان بولسا ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقمايتتى . رابىيەنىڭ ئۇچرىغانلىقىنى «ئىشىم ئوڭدىن كەلگەنلىك» دەپ ئويلاپ ، ئۇنى بارات موللامغا تېزرەك ئاپىرىپ بېرىشكە ئالدىرىماقتا ئىدى .

— يەنە نېمە قالدى ؟ — دەپ سورىدى چولپان ئابدۇللانى چەتكە تارتىپ تۇرۇپ .

— ھەممىسى پۈتتى ، — دېدى ئابدۇللا .

— ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكچۇ ؟...

— تەييار بولدى . ئەمما بۇ ئاسانغا توختىمىدى دەڭا ، — دېدى ئابدۇللا جەريانىنى سۆزلەپ ، — تۈنۈگۈن كەچتە بىز خوشلاشقاندىن كېيىن ، ناماز شامغا يېقىن مەھەللىگە يېتىپ باردىم . ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا مەسچىت بار ئىدى ، قارىسام مەسچىتنىڭ ئىمامى قارا مادىسىنى مىنىپ كەلگەنىكەن ، يوغان قېرى دەرەخنىڭ ئاچىسىغا باغلاپ قويۇپتۇ . قارا ئېشەكنى كۆرۈپ : «ئەمدى چولپان خانىمغا يالغانچى بولمايدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم . ھارۋامنى ئۆيگە ئاپىرىپ چىقىرىۋېتىپ ، ئېشەكنىڭ قېشىغا يۈگۈردۈم . يېقىن بارسام ئادەم كۆرۈنمىدى . جامائەت ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن . ئېشەكنىڭ قېشىغا بارسام خۇيى ئەسكىرەككەن .



ئىككى پۇتـلاپ تېپىپ ، قۇيرۇقىنى تۇتـقىلى قويـمىدى . ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ يۇرۇپ ، قولۇمنى تەستە سۇغۇگۇچىگە ئاپىرىپ قۇيرۇقىنى تۇتسام قارامادىنىڭ ئاچچىقى سەل يېنىپ ، جىم تۇردى . مەنمۇ بوش كەلمەي مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ، تۇكىنى يۇلىۋەردىم . نامازنىڭ تۇگىگەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ ھە دەپ ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ھەپىلىشىۋاتسام ، ئارقامدا بىرى :

— ھوي بىھايا ! تارت قولۇڭنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن ! — دېمەمدىغان . شۇنداق قارىسام ، جامائەتنىڭ ھەممىسى مەسچىتتىن چىقىپ مېنىڭ تاماشايىمنى كۆرۈپ كۇلگىلـى تۇرۇپتۇ . ماڭا ۋارقىرىغان كىشى ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئىكەن . تەقى ـ تۇرقۇمدىن تونۇۋالمىسۇن ، دەپ شارتتىدە دوپپامنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە ، ئېشەكنىڭ دالدىسى بىلەن ئۆمىلەپ بېرىپ ، مەسچىتنىڭ ئارقىسىدىكى زاراتگاھلىققا كىرىپ ، بىر قەبرىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدىم . ئارقامدىن قوغلىدىمۇ ، قوغلىمىدىمۇ بىلەلمىدىم . ئىشقىلىپ ، مېنى تونۇيالمىدى . شۇ چاغدا ، بوران باشلانغانىدى . بىردەمدىلا بوران كۈچىيىپ چاڭ ـ توزاندا كۆزنى ئاچقۇسىز بولۇپ كەتتى . مەنمۇ يولغا چىقىپ ئۆيگە بېرىۋالدىم . يۇلغان قۇيرۇق تۇكىنى ساناپ كۆرسەم ، يۈز تالدىنمۇ كۆپ ئىكەن . ئەتىگەندە ھارۋامنى ھەيدەپ كېلىۋاتسام ، ئىمام ئېشەكنى سۇغارغىلى مېڭىپتۇ . قارىسام ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى قايرىلىپ كەتكەنمىدىكىن ، تۇپتۇز قىلىپ كۆتۈرۈۋاپتۇ . مېنى تونۇغان ـ تونۇمىغانلىقىنى سىناپ باقماق بولۇپ :

— ئىمام ئاخۇنۇم ، ئېشەكلىرىنىڭ قىلىقى سەترەك تۇرىدۇ ، دوختۇرغا ماڭدىلىمۇ ، نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلىۋىدىم .

— بۇ ئېشەكنى ئالغىلى تېخى ئۈچ كۈن بولۇۋىدى . ئاخشام شامدىن چىقساق ، يوغانلا بىر ئادەم ھەپىلىشىپ قاپتۇ . مادا ئېشەكنىمۇ ئالامدىغان . نومۇسقا ئۆلەي دېدىم ، قوغلىسام ھېلىقى

ئادەم قېچىپ كەتتى. بوراندا تونۇيالمىدۇق. ئەتىگەن قارىسام، مۇشۇنداق بولۇۋاپتۇ، ھاسا بىلەن ئۇرساممۇ قۇيرۇقى يەنىلا شۇنداق تۇرىدۇ. ئۆستەڭ بويىغا سۇغارغىلى ئېلىپ ماڭدىم. ئېغىلغا ئاپىرىپ سولاپ قويمىسام بولمىغۇدەك، — دەپ قېپقالدى. كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەي، «ئەھلى مەھەللە بىلىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، خوتۇنۇم نېمە دەپ قالار؟» دەپ ئەندىشىدە تاڭنى ئاتقۇزغانىدىم، ئىمامدىن ھېلىقى سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، — دەپ كىچىككىنە لاتىغا تۈگۈلگەن تۈكنى بەردى.

چولپان ئاڭلاپ، بىر ھازاغىچە كۈلدى.

شۇنداق قىلىپ، چولپان زەينەپگۈل بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، رابىيە ۋە ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكلىرىنى بارات موللىغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى. ئەمما، مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۈكى بىلەن قىچا ئۇرۇقى تېخى تەييارلانمىغان بولۇپ، ئۇ ئابدۇللاغا قاراشلىق ئىدى.



## ئون سەككىزىنچى باب

# بۇتۇپ بولغان تىيارلىق

چولپان يېڭى بازاردىن قايتىپ هارۋا يېنىغا كەلگەندە، ئالىجەدە قولاقلىرىنى سالپايتىپ يەرگە قاراپ، دۇنياغا كەلگىنىگە ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك تۇراتتى. چۈنكى، ئۇنى ئىككى كۈن مابەينىدە يورغىلىتىپ يۈرۈپ هاردۇرۇۋەتكەنىدى. ئاچ قورساق بىچارە ئاتنىڭ بېشىدا نوقتا، ئۇستىدە قامچا بولغانلىقىدىن هەيدىگەن تەرەپكە ماڭماي ئىلاجى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە سۆرەيدىغان يۈكى ئېغىرلىشىپ رابىيەدىن ئىبارەت ئىككى يۈز جىڭغا يېقىن يەنە بىر ئادەم قوشۇلغانىدى.

ئابدۇللا هارۋىسىغا ئىككى ئايالنى چىقىرىپ چوڭ يول تەرەپكە هەيدىدى. ئالىجەدە هارۋىنى ئاران قوزغاپ مېڭىپ بولغۇچە، غەزەپ بىلەن ئۇرۇلغان قامچا بەدەنلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ، جاننىڭ تاتلىقلىقىدىن ئىتتىك مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، ئابدۇللا چولپانغا زىناخور ئايال بىلەن قارا ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكىنى تەييارلاپ بەرگەن بىلەن، قارا مۈشۈكنىڭ قولاق تۈكى بىلەن قىچا ئۇرۇقىنى تېپىپ بولالمىغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، جۇۋازچىنىڭ قېشىغا ۋە مەهەللىدىن يىراق ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارنىڭ «ئوتار»لىرىغا بېرىپ ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى.

ئابدۇللا هارۋىسىنى ئورمان مەيدانىغا ئەمەس، بەلكى باشقا بىر مەھەللە يولى بىلەن ھەيدەپ ماڭماقتا ئىدى. مۇشۇنداق مېڭىپ بىر قانچە كەنتلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۆڭ - دۈۋەنلىك بىلەن تولغان پايانسىز چۆللۈككە يېتىپ باردى، ئۇنىڭ نەگە نىشانلاپ ماڭغانلىقىنى چولپان بىلمەيتتى، رابىيە بولسا تېخىمۇ بىلمەيتتى. جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى رابىيەنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، تاغ باغرىدىكى ساقاللىقلار ئېسىگە كەلمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇ يەردە ئۆي بار ئىدى. بۇ يەردىچۇ؟ ھېچكىم يوق.

چولپاننىڭ ئابدۇللادىن نەگە ماڭغانلىقىنى سورىغۇسى كەلدىيۇ، ئەمما زۇۋان سۈرمىدى. چۈنكى، ئابدۇللانىڭ ئۆزى ئۇچۇن يول يۈرۈۋاتقانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.

ئابدۇللاغا كەلسەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. بىر كۈنى جاڭگالغا ئوتۇنغا كەلگەندە، بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇزلۇق ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر توپ مۈشۈكنى كۆرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ ھەيران قېلىپ: «نېمىدىگەن تولا مۈشۈك بۇ؟» دېگەندە، ئۆي ئىگىسى: «كۆپ ئەمەس، ئارانلا ئون سەككىز» دېگەنىدى. «نېمانچە كۆپ بېقىۋالدىڭىز؟» دېگەندە، ئۇ مالچى: «مېنىڭ ئۆيۈمدە كۆپ بولغان بىلەن مەھەللىلەردە قالماپتۇ. بۇ يەردە چاشقان ئاۋۇپ، ئارام بەرمىدى. شۇڭا، مۈشۈك باقماي بولمىدى. ئەسلىدىغۇ بۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى، سەرگەردانلىرى قوشۇلۇپ كۆپىيىپ قالدى. سىلى يەنە بىر كەلگۈچە بۇ مۈشۈكلەرنىڭمۇ بار - يوقلۇقىغا بىرنېمە دېمەك تەس. ئۇ چاغقىچە بەلكىم مەنمۇ بۇ يەردە تۇرالماسمەن» دېگەنىدى. ئابدۇللا مۈشۈكلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدا قارا رەڭلىك مۈشۈكلەرنىمۇ كۆرگەندەك قىلغانىدى. ئابدۇللا ئەنە شۇ قوتانغا بېرىپ باقماقچى بولدى. كۆپ يوللارنى بېسىپ، ئاخىر مەنزىلگە يېتىپ باردى.

ئابدۇللا هارۋىسىنى يولدا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز چىغىر يول بىلەن «ئوتار»غا بارغاندا، مالچى ھەمەجان گەمە كولاپ

شۇنىڭ ئىچىگە ئۆگەتكەن كەپتەرلىرىگە قىچا چېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەڭلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئابدۇللانى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئالدىغا بېرىپ:

— يەنە كۆرۈشكىلى نېسىپ بوپتۇ، سىلىنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەپ قىزغىن ئەھۋال سورىدى. ئابدۇللا:

— مۇشۇكلەرنى تاماشا قىلغىلى كەلدىم، — دېدى.

— مەن دېمىگەنمىدىم، — دېدى مالچى، — سىز كۆرگەن چاغلاردا مۇشۇكلەر ئوۋ ئوۋلاپ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆزى باقاتتى، كېيىن ئوۋچىلار كۆپەيدى، مۇشۇكنىڭ ئوۋلىرىنى بۆركۈتلەر تۇتۇپ بولدى. يايلاق يوق، چارۋامۇ ئۆلۈپ بولدى. مۇشۇكلەر ئاچ قورساق يۈرۈپ بېقىپ، قاپقانغا چۈشتىمۇ ياكى ئېتىۋېتىلدىمۇ ۋە ياكى تۈلكە بوغدىمۇ نېرىسىنى بىلەلمىدىم، بىر ـ بىرلەپ غايىب بولدى. ئېھتىمال، جاڭگال كېزىپ يۈرگەندۇر. ئاخىرىدا مۇشۇ ئىككىسى قاپتۇ، — دەپ كەپتەر قورمىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. مۇشۇكلەرنىڭ بىرى قارا رەڭلىك بولۇپ، ئاستا كېلىپ ئابدۇللانىڭ پۇتىغا سۈركەندى. ئابدۇللا ئۇنى قولىغا ئېلىپ، قۇلىقىدىن قىرىق تالدىن ئارتۇق تۈكنى يۇلۇۋالدى. ئاندىن ئۇسسۇزلۇق تەلەپ قىلغانىدى. مالچى گەمە ئىچىگە چايغا كىرىپ كەتتى. ئابدۇللا قىچىدىن ئىككى چاڭگال ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.

ئابدۇللا ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە چولپان بىلەن رابىيە هارۋىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ هارۋىنى شىمال تەرەپكە بۇراپ، ئورمان مەيدانى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. مالچى گەمىدىن چىققاندا ئابدۇللالار خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى.

چىغىر يول بىلەن يۈرگەندە، ئورمان مەيدانى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇلار كەچقۇرۇن بارات موللىنىڭ سېھىرخانىسىغا يېتىپ باردى. ئىشىك ئالدىدا بىرنەچچە كىشى ئاغرىقچان بىر كىشىنى يۆلەشتۈرۈپ هارۋىغا چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ ياشانغان كىشى بولۇپ، بىر قوۋۇزى ئىششىغان، چىشى ئاغرىپ كەتكەنلىكى

بىلىنىپ تۇراتتى . چولپان كۆرۈپ : «ئېھتىمال چىشى ئاغرىپ كەتكەن بولسا ، بارات موللىغا سەۋەب قىلدۇرغىلى كەلسە كېرەك » دەپ ئويلىدى . چۈنكى ، بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى باخشىغا ، رەمبالغا ، داخانغا ، سېھىرگەرگە قاتتىق چوقۇناتتى . ئىشنى رەمبالدىن باشلايتتى ، ئۇنىڭ ھۆكمى باخشىلىق ، داخانلىق ، جادۇگەرلىكنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى . ئاددىيسى چىشى ئاغرىپ كەتسىمۇ ، «ئېسە»دىن بولدى ، دەپ پىرە قىلدۇراتتى . يۇتىنى كەتمەن كېسىۋەتسىمۇ دۇئا ئوقۇتاتتى ، تەنھالار جورا تاپالمىسا ، موللىنىڭ قېشىغا باراتتى .

ھارۋا بېرىپ ، بارات موللىنىڭ ئىشىكىدە توختىدى . رابىيەنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق پوگزەك تامدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . بۇ يەر شۇنداق خىلۋەت ئىدىكى ، تۆت ئەتراپى زىچ ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، دەرەخ ئاستىلىرى چاتقاللىقلار بىلەن يۇركەلگەنىدى . ئورمان ئەتراپى سازلىق ، يېقىن ئەتراپتا ئادەمزات يوق ئىدى . بۇ يەردە قېپقېلىش شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، بىراۋنى بوغۇزلاپ تاشلىۋەتكەن بىلەنمۇ ، كىشىنىڭ قەدىمى يەتمەيتتى . قويۇق ئورمان ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بۇ ئۆي بەئەينى قاراقچىلار ماكانىغا ئوخشايتتى . ئۆزىنى «موللا » ئاتاپ يۈرگەن مۇشۇنداق ئاتالمىش كارامەت ئىگىسىنىڭ ئادەمزات ئايىغى يەتمەيدىغان خىلۋەتتە ماكان تۇتۇپ يۈرۈشى ھەرقانداق كىشىدە گۇمان پەيدا قىلاتتى .

رابىيە ئەتراپقا نەزەر سالماقتا ئىدى ، لېكىن قويۇق ئورمان ، قېلىن چاتقالدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى .

بارات موللا ئادەتتە كەلگەن ھاجەتمەنلەرنى ئۆزى تېپ چىقمايتتى . بۈگۈن ھېلىقى قوۋۇزىلىرى ئىششىپ ، چىشى ئاغرىپ كەتكەن كىشى كەلگەندە «سىزنىڭ چىشىڭىز ‹ئېسە›دىن ئاغرىپتۇ . تۇغ باغلاپ ‹چىلكاپ› ئوقۇمىسا بولمايدىكەن» دەپ ، پىرە قىلىپ ، ئەمدىلا ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ تۇغ تۇۋىدىكى جايىنامازنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ، ئىشىكتىن چولپان كىرىپ كەلدى .

بارات موللا چولپان بىلەن بىللە كەلگەن رابىيەنــى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۆزىدىن ئەللىــك ياش كىچىك كېلىدىغان بىر چوكاننىڭ ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان بىر بوۋايغا نېسىپ بولۇشى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان بىر ئامەت، گويا ئاسماندىن گۆھەر چۈشكەندەك بىر ئىش ئىدى. بارات موللا خۇشاللىقتا ئارقا ـ ئارقىدىن ھال سوراپ، بىر دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي كەتتى.

چولپان سومكىسىدىن بىر تۇگۇچنى ئېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ لاتىغا ئورالغان ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكى، مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۈكى، قىچا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكى، بۇ مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۈكى، مانا بۇ قىچا ئۇرۇقى، — دەپ، بارات موللىنىڭ ئالدىدا قويدى. ئاندىن:

— ئۆزلىرىگە ئايرىم ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئابدۇللاغا ئىشارەت قىلغاندى:

— بىز چىقىپ تۇرايلى، — دەپ ئابدۇللا رابىيە بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— يارىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى چولپان بارات موللىدىن.

— يارىدى، يارىمامدىغان. بويلىرى يوغان، سەمىرىپ كەتكەن بىلەن يېشى ئانچە چوڭ ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەمدى ھەممىسى تەل بولدى. سىزنىڭ ئىشىڭىز مۇھىم ئىش، ئوقۇغاندا راسا بېسىپ ھۇدۇتىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاقتىدا كەلگىنىڭىز ئوبدان بولدى، — دەپ، رازىلىقىنى بىلدۈردى.

— يەنە بىر ئىشنى سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي، — دېدى چولپان، — مەن بۇ قىزنى ناھايىتى تەستە تاپتىم. يەنە كېلىپ، كۆپ چىقىمدار بولدۇم. ئۇنىڭ مىجەزىدىن قارىغاندا، «سېيىپ بېرىڭ» دەپ ئوچۇق ئېيتىشقا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەنمۇ ئىشنىڭ ئېنىقىنى دېيەلمىدىم. زىنانىڭ گېپىنى چــقارساق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ئۆزلىرى تۈيدۇرمايراق

بىرەر تەدبىر بىلەن چارىسىنى قىلمىسىلا بولمىغۇدەك. شۇنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويايدىگەنىدىم. ھازىر كۈن كەچ بولۇپ قالدى. ئىبرىم ئۆيگە كېلىپ قالغۇچە ئالدىدا بىرنى ۋالمىسام بولماس. رابىيە قىپقالسۇن، بىز يانايلى، قالغان ئىشلار ئۆزلىرىگە قالدى.

— ئۇنىڭغا مىنىڭ چارەم بار، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ تەييارلاپ قويغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى بارات موللا چولپانغا ۋەدە بېرىپ.

چولپانىنىڭ موللىنىڭ قېشىدا يالغۇز قېلىپ مەخپىي سۆزلەشكەنلىكى رابىيەنى گۇمانلاندۇرماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇ ساقاللىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدىمۇ، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ يۈرگەنىدىمۇ، مۇشۇنداق يالغۇز قالدۇرۇپ، نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەنىدى. بۈگۈنمۇ يەنە شۇنداق بولدى. مانا بۇ بارات موللىنىڭ ئۆيىدىمۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. بىراق، بارات موللىنىڭ ساقاللىقلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلار ياش ئىدى. موللا بولسا، قېرى، يەتمىشتىن ئاشقان كىشى ئىدى. يەنە كېلىپ موللا ئىدى، ئۇنى ئىسپاتلاشقا، ئۆيىنىڭ ئىچىدە تارتىلغان تۈگ يېتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېلىلا خوشلىشىپ كەتكەن ھاجەتمەنلەرنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ساقاللىقلارنى بولسا، «تالىپ» دەپ ئۆز ھېسابلىغان بولسىمۇ، تائامدىن كېيىن دۇئا قىلىشنىمۇ بىلمىگەنىدى.

رابىيە مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش بىلەن ئۆزىنى نېمە ئاقىۋەتلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلغان بولسىمۇ، قايتىپ كېتىشكە ئىلاجسىز ئىدى. رابىيەنىڭ ئەس ـ يادى ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇل كېرەك ئىدى. ھازىر ئۇ قورساقنىمۇ باقالماي يۈرگەندە، يۇرتىغا كەتكىلى بىرەر ـ ئىككى يۈز يۈەننى قانداق تاپالىسۇن؟ نەچچە ئاي ئىشلىگەن بىلەنمۇ يول كىراسىغا توشلۇق پۇل ئىقتىساد قىلىشى ناتايىن. چولپان بىلەن قىلغان سودا بىر كۈندىلا ئىككى يۈز يۈەنگە ئىگە قىلدى. بۇ پۇلنى قايتۇرۇۋېتىدىغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە قانداق پاجىئەلەرنىڭ

كۆتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىرنىمە دېمەك تەس ئىدى. شۇ سەۋەبلەردىن رابىيە قېرى موللىنىڭ يېنىدا بىر كېچە ئەپسۇن گۇۋاھچىسى بولۇشقا تەۋەككۇل قىلمىسا بولمايتتى.

رابىيە مۇشۇنداق مۇرەككەپ پىكىرلەر بىلەن خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، چولپاننىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيگە كىردى. چولپان بارات موللىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:

— ئەمىسە، رابىيەگۈل، بۈگۈن مۇشۇ موللامنىڭ قېشىدا قېلىپ، ماڭا تەييارلاپ بېرىدىغان ئايەتنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ بېرىسىز. ئەتە ئەتىگەن كېلىپ سىزنى ئېلىپ كېتىمىز. ئاندىن شەھەرگە بارغاندا ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا راۋان بولىمىز. ناۋادا ئىشنى بۇزۇپ قويغۇدەك بولسىڭىز، توختامىمىز ئىناۋەتسىز بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۆزىڭىز ئىگە بولىسىز، — دېيىشىگە، بارات موللا:

— ئەپسۇن دېگەن سىرلىق ئىش. ئادەتتىكى ئايەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. گۇناھلىق ئىشقا گۇناھلىق يول بىلەن تاقابىل تۇرىمىز. ئەجەبلەنمەيسىز، نېمە دېسەم شۇنى قىلىسىز، خىلاپلىق قىلسىڭىز مەكىلاتلار قولىدا قالىسىز. بۇنىمۇ بىلىپ قېلىڭ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

رابىيەگە بولسا، «ماقۇل» دېمەكتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ماقۇل دەپ تۇردى. ئۇ ئىشنىڭ نېرىسىنى بىلمەيتتى.

ئابدۇللا بارات موللىنىڭ يامان نىيەتلىرىنى ئاللىقاچان بىلگەنىدى. «نەدىمۇ ‹زىناخورنىڭ سۈيدۈكى بولمىسا، ئايەت كەسمەيدۇ› دېگەن گەپ بولسۇن؟ يەنە كېلىپ: ‹زىنادىن كېيىنلا سىيگىنى بولسۇن› دەپ تۇرۇۋالغىنىنى دېمەمسىز. ئۇنىڭ بۇ شەرتلىرى ئۆزىنى ‹مەن بولسام زىناخور، زىنا ئۈچۈن ماڭا بىر ئايال بولۇشى كېرەك› دېگەنلىكىنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ تۇرمامدۇ؟»

بارات موللىنىڭ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ تۇرغاندىمۇ،

قىلغان رەسۋا سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابدۇللانىڭ ئۇنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلغۇسى كەلمىگەنىدى . بىراق ، ئابدۇللاغىمۇ جان بېقىش لازىم ئىدى . شۇڭا ، چولپاننىڭ نادانلىقىنى مازاق قىلغۇسى كەلگەن بولسىمۇ ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى . «ئۆچكىــــگە جان قايغۇسى ، قاسساپقا نان قايغۇســى» دېگەندەك ، ئابدۇللامۇ پۇل قايغۇسىدا بىچارە ئىدى .

بارات موللا چولپان بىلەن رابىيەگە دەيدىغانلىرىنــى دەپ بولۇپ ، خوشلىشىدىغان چاغدا ئابدۇللاغا قاراپ :

— سىزگىمۇ رەھمەت ، قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىكەن ، كۆپ ئاۋارە بولغان ئوخشايسىز ، — دەپ ھارامزادە كۆزلىــرىنــى چىمىرلىتىپ ھىجايغانىدى ، ئابدۇللا بېرىپ بارات موللىنىــڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ بىر چەتكە تارتىپ ، قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن ئاپىرىپ :

— موللام ! ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمىسىلە . ئۆزلىرى بولسىلا يەتمىش ياشتىن ئاشقان كىشى ، قوڭلىرىدا ئوت پۇۋلەپ قالغاندا ، ئايالنى كۆرگەندە ، قاراپ كۆزلىرىنىڭ پىتىنــى ئۆلتۈرۈۋالسىلا شۇ يېتەرلىك . گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدىلا ، يەنە ئۇنى تارتقۇشلايمەن دەپ يۈرەكلىرى توختاپ قېلىپ جاننى سېلىپ بەرمىسىلە ، — دەپ چاقچاق قىلدى . بارات موللا تىڭشاپ تۇرۇپ ، جاۋاب قايتۇرمايلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتــى . ئابدۇللا بېرىپ ئالىجەدىنى باغلاقلىق جايىدىن يېشىــپ يولغا چىققاندا ، چولپان :

— ئابلاجان ، بارات موللىنى كۈلدۈرۈۋەتتىڭىــز ، نېمە دېيىشتىڭلار ؟ — دەپ سورىغانىدى ، ئابدۇللا جاۋاب بېرىپ :

— قانداق يارامدىكەن ؟ دەپ سورىسام ، «يارىشىدا گەپ يوق . بىراق ، چوكان بەكلا سېمىــز ، يوغان تۇرىدۇ ، ناۋادا جــق سىيىۋەتسە قۇتىنى قانداق قىلارمەن ؟ » دەيدۇ . ئۇنداق بولسا ، ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن ، سۈيدۈك قۇتىغا پاتمىغۇدەك قىلسا ، يېتەرلىك چىقىپ بولغاندىلا بۇلاقنىڭ ئاغزىنى شاپىلاقلىرى بىلەن

بىسىۋالسىلا ، دېسەم ، كۈلۈپ كەتتى ، — دېگەنىدى ، چولپان ئاڭلاپ ، خېلى ئۇزاققىچە كۈلدى . ئاندىن :

— مەن بىلمەيلا قالدىم . مولللىنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىدۇ ؟ دەپ سورىدى . ئابدۇللا :

— ياق ، ئۇنداق ئەمەس . «موللا» دېگەن ئالىم كىشى ، ھەزرەت ، دېگەن سۆز . بارات موللا بولسا ، موللا ئەمەس ، ئۇ بىر «سېھىرگەر» . رەمبال ، باخشى ، داخان ، سېھىرگەر دېگەنلەر موللا قاتارىغا كىرمەيدۇ ، موللا كىشىلەر بۇنىڭدەكلەرگە ئۆچ كېلىدۇ . نادانلار بولسا ، ھەممىنى قوشۇپ «موللا» دەۋالىدۇ ، — دېدى . يەنە نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى ، چولپاننىڭ قېشىدا ھەممىنى دېيىشنى جايىز كۆرمەي جىم بولۇپ قالدى . دېمىسىمۇ ، چولپان بارات موللىنىڭ سېھىر - جادۇسىغا ئىشىنەتتى . شۇڭا ، خېلى كۆپ چىقىم تارتىپ يۈرگەندە ، بارات موللا توغرىسىدا بىرنېمە دېگەننىڭ پايدىسى يوق ئىدى .

چولپان بارات موللىنىڭ قېشىدا ئۇزاقمۇ تۇرمىدى . چۈنكى ئۇ ئېرى ئەنۋەر ئۆيىگە پەيدا بولۇپ بولغۇچە ئالدىدا بېرىۋېلىشى لازىم ئىدى . شۇڭا ، ئابدۇللا ئالىجەدىگە ھەيۋە قىلىپ قامچىسىدىن پات - پات قارس چىقىرىپ ، تېخىمۇ تېزرەك مېڭىشقا ئالدىراتماقتا ئىدى . ئالىجەدىمۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە كوچىمۇكوچا ئابدالدەك قاتراپ يۈرۈپ قىتماللىشىپ ، ھېلىگەرلىشىۋالغانىدى . قىزىق يېرى شۇكى ، ئۆيگە قايتقاندا ، ئوقۇرغا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ، قامچا سوقمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن قەدىمىنى تېزلىتەتتى . ئابدۇللا بولسا باشقۇرالماي قالاتتى . ئىشقا ماڭغاندا بولسا ، ئۇرسىمۇ بېلىنى ئېگىپ تۇرۇۋېلىپ ، مېڭىشقا ماڭاتتى . بۈگۈن ئالىجەدىنىڭ ئەڭ كۆپ يول يۈرگەن كۈنى ئىدى . قورساقنىڭ ئاچلىقى نەچچە نۆۋەت ئوقۇرنى ئەسلەتكەچكە ، يولغا چىقىپلا چاپما يورغىسىدا يۈرۈپ كەتتى .

# ئون توققۇزىنچى باب

## قىسىم

بارات موللا چولپانلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ، رابىيە بىلەن يالغۇز قالدى . ئۇ رابىيەدىن ھەر خىل سوئاللارنى سورىماقچىدى . رابىيە بولسا ، سورىغان ئىشىنىڭ ئۆزىگىلا جاۋاب بېرىپ ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى .

بارات موللا بىلىدىكى ، ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى «زىنا» ئەمەس ، بەلكى مۇھىم بىر ئىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك خىيالچان كۆرۈنەتتى . رابىيەنىڭ بۇ ئەپتىگە قاراپ ، بارات موللىدا رابىيەگە نىسبەتەن ئەيمىنىش پەيدا بولۇپ ، خۇدا يەتكۈزگەن بۇ «لوقما» غا ئېغىزنى قانداق سېلىش توغرىسىدا بىردەم ئويلىنىپ قالدى . «مەكىلاتلار ھىيلىسى»نى ئىشلىتىپ قورقۇتۇش يولى بىلەن مۇراد ھاسىل قىلىش قارارىغا كەلدى ـ دە :

— قېنى بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ ، — دېدى بارات موللا رابىيەگە يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ ، — بىزنىڭ قىلماقچى بولغىنىمىز تولىمۇ قىيىن ئىش ، ھازىردىن باشلاپ تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ . سىز ھازىرچە بىرئاز تاماق ھازىرلاڭ ، تائامدىن كېيىن ئىشنى باشلايمىز . بۇ يەردە بىر پارچە گۆش بار . شۇنى پىشۇرىسىڭىزلا بولىدۇ ، — دەپ بىر داستىخانغا ئوراپ قويغان گۆشنى

كۆرسەتتى ، — مەن قازا بولغان نامازلىرىمنى ئوقۇۋالاي ، — دېدى ـ دە ، جايناماز،نى تۇغ تۇۋىدىن نېرىراق ئاپىرىپ سېلىپ ، ناماز ئوقۇغىلى تۇردى .
بۇ يەردە تاماق ئەتكۈدەك ئوچاقنىڭ تايىنىمۇ يوق ئىدى . رابىيە ئۈچ دانە كېسەكنى تىزىپ ئوچاق قىلىپ ، موللىنىڭ قورسىقىغا تائام تەييارلاپ بولغۇچە ، قۇياش غەربكە يېتىپ ، زاۋال چۈشكەندى . بارات موللىنىڭ مەقسىتىمۇ كۈننى كەچ قىلىش ئىدى . شۇڭا جايناماز دىن چۈشمەي ئولتۇراتتى . گۆش پىشتى ، دەپ رابىيە چاقىرغاندىلا ئاندىن پەشلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، جايناماز،نى يىغىشتۇردى . داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ، بىر قاپاق سۇنى ئېلىپ ، تاھارەت ئالغىلى چىقىپ كەتتى . بىر چاغ بولغاندا كىرىپ ، رابىيەگە :
— قېنى خېنىم ، سىزمۇ تاھارەت ئېلىۋېلىڭ . غۇسۇل قىلىۋالغان بولسىڭىز ئوبدان بولاتتى ، ھازىرچە كىچىك تاھارەت ئېلىۋالسىڭىزمۇ بولا ، — دەپ قولىدىكى قاپاقنى رابىيەگە سۇندى .
رابىيە تاھارەت ئېلىپ كىردى . بارات موللا ئۇنى يۇقىرىغا باشلاپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئاگاھلاندۇرۇپ :
— رابىيە خېنىم ، مەن ھازىردىن باشلاپ ئايەت باشلايمەن . سىز گۇۋاھچى سۈپىتىدە قېشىمدا ئولتۇرىسىز . ئىش تۈگىگىچە مېنىڭ ئېتائىتىمدە بولۇشىڭىز كېرەك . مەن مەكىلاتلاردىن ئايرىلسام غايىبنى بىلمەيمەن . مەكىلاتنى يىغىش ئۈچۈن ، تۇغ باغلىمىسا بولمايدۇ . داپ چېلىنغاندىن كېيىن ، مۇئەككەل پەرىشتىلەر مەكىلاتلارنى ھەيدەپ كېلىدۇ . شۇ چاغدا ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان دۇئانامە بىلەن ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ قالغانلىرىنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى شۇلارغا جېكىلەيمەن . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەپسۇننىڭ كارامىتى بىلەن بەند بولۇپ ، پەرمانىمنى تەخىرسىز بەجا كەلتۈرىدۇ . تۇغ بار يەردىن ئۇلار يىراق بارمايدۇ . سىزگە كۆرۈنمىگەن بىلەن مەن كۆرۈپ تۇرىمەن . ھازىرلا بىرى كەلدى ، ئەنە ئىشىك بېشىدا ئۈچكە

شەكىلدە كېلىپ بىزگە قاراپ ئولتۇرىدۇ ، — دېگەنىدى ،
قورقۇنچتىن رابىيەنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ مىدىر - سىدىر
قىلالماي ، ئولتۇرغان جايىدا ياغاچتەك قېتىپلا قالدى . بارات موللا
سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى ، — قورقماڭ ، مېنىڭ
پەرمانىمسىز ئۇلار سىزگە كۆرۈنمەيدۇ ھەم چېقىلالمايدۇ . ئۇلار
پەقەت مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلغان ، مېنى يامان كۆرگەن ، سۆزۈمگە
كىرمىگەن ، ھېكمەتلىرىمگە ئىشەنمىگەنلەرگىلا چېپىلىدۇ .
ئەگەر يېغىن چېچىۋېتىدىغان بولسام ئاغرىق - سىلاق كۆپىيىپ ،
تاكى مېنى تېپىپ پىرە قىلدۇرمىغۇچە ئاغرىق ئازابىدىن
قۇتۇلالمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، بۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭىزنى ، تاڭ
ئاتقۇچە بىلگەنلىرىڭىزنى ئىنىس - جىنغا دېگۈچى بولمايسىز .
سۆزۈمگە ئىتائەت قىلمىسىڭىز ، ماڭا ماسلىشىپ بەرمىسىڭىز ،
ساراڭ بولۇپ قالىسىز . ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى ، پەرمانغا
ناقايىللىق قىلىشتىن ، تالاغا يالغۇز چىقىشتىن ھەزەر قىلغايسىز .
چۈنكى ، مەن بۇ ئورماندا مەكىلاتلار بىلەن بىرگە ياشايمەن ، ئۇلار
ماڭا مۇئەككەلدۇر . كىمكى ، مېنى خاپا قىلسا ، ئۇلار قەھرى
قىلىدۇ . مېنىڭ ئىجازىتىمسىز سىرتقا چىققۇچىلارنى شۇئان
بوغۇۋېتىدۇ . قېنى سۆزلەپ بېقىڭ ، ئىتائەتلىرىگە بويسۇنۇپ ،
ماسلىشىپ بېرىمەن ، رايىلىرىنى ياندۇرۇپ ئىشنى بۇزمايمەن ،
مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ ئېغىزدىن چىقارمايمەن ، دەپ ئەھدى
قىلالامسىز ؟ — دەپ سورىدى .

رابىيە كىچىك چاغلىرىدىمۇ ئانىسىدىن جىن توغرىسىدا :
«جىن ئادەملەرگە ئۆچكە شەكلىدە ، تېكە شەكلىدە ، ئايال كىشى
شەكلىدە كۆرۈنگۈدەك . چوڭ بوۋىمىز بىر ئاخشىمى بازاردىن كەچ
قېلىپ ئاتلىق يالغۇز كېتىۋاتسا ، ئالدىغا بىر ئوغلاق ئۇچراپتۇ .
ئەتراپقا قارىسا ، ئادەم يوق تۇرۇمىش . ‹ئەگەر كەمبەغەلنىڭ
بولۇپ قالسا ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن ، ئالغاچ كەتسەم
ئۆيۈمدىن تېپىۋالار › دەپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتسا ، قولىغا
مۇشتۇمدەك بىرنېمىسى ئۇرۇنۇپتۇ . يەنە ئازراق ماڭغاندا ھېلىقى

نىمىسى بارغانسېرى يوغىناپ قوش مۇشتۇمدەك بولۇپتۇ . بوۋىمىز كۆڭلىدە : «بۇنىڭ ئوقدىنى ئەجەب يوغانكىنا» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا ، تېكىچەككە زوۋان كىرىپ : «ئاتاڭنىڭ بېشىدەك بارمىكەن ؟» دەپ بىر شاپىلاق ئۇرغانىكەن ، شۇئان ئاتتىن يىقىلىپ يېتىپتۇ . بوۋىمىز كەلمىگەنسېرى ئەنسىرەپ ، ئۆيدىكىلەر تالاغا چىقسا ، ئادەم يوق ئات تۇرۇپتۇ . بوۋىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرسە ، سۆزلىيەلمەس بولۇپ قاپتۇ . ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلىپ داۋالاتسىمۇ ساقايماي ، ئاخىر پېرە قىلدۇرۇپ ساقايتقاندۇق . جىن بەزىلەرگە پاخپاقباش ئايال شەكلىدە كۆرۈنەرمىش . ئايال شەكلىدە كۆرۈنگەنلىرىنىڭ ئارقا تەرىپى كۆڭتەيمىش ، شۇڭا دۈمبىسىنى تۇتقۇزمىغۇدەك . جىن ئەينەكتىن ، ناندىن قورققۇدەك ، يەنە ئوتتىن قورققۇدەكمىش . جىنلار ھەپتىدە بىر نۆۋەت ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن سەيلە ـ ساياھەتكە چىققۇدەك . ئۇلار يولغا چىققاندا ئالدىغا ئۆي ـ ئىمارەت كېلەمدۇ ، دەريا كېلەمدۇ ، سۇ كېلەمدۇ ، نېمە توغرا كەلسە ئۇنى بېسىپ ئۇستى بىلەن ئۆتۈپ كەتكۈدەك . مۇشۇنداق ئۆتكۈنىنىڭ ئاستىدا قالغانلارغا جىن چاپلاشقۇدەك ، جىنلار ئاشۇنداق توپلىشىپ ماڭغاندا ھېرىپ قالغانلىرى ، ئاجىز ، ئاقساق ـ چولاقلىرى ھايۋاننىڭ تۇۋۇقى پاتقان جايغا ، ئېشەك ئېغىنىغان ، توخۇ پىتلانغان ، كۆل تۆككەن يەرلەرگە مۆكىنىۋالىمىش . ئاياللار پەرھىز قىلماي ئاشۇنداق جايلارغا سىيگىلى ئولتۇرۇپ قالسا ، چېپىلىۋالىمىش . ياخشىلىرى ئادەمگە قەست قىلماي ، ئەسكىلىرى چاپلىشىۋالىدىغان بولغاچقا ، ئۇلاردىن قۇتۇلماق تەسمىش . جىن ئادەم شەكلىدە بولۇپ كۆرۈنگەندە ، ئۇنىڭ چېچىنى كېسىپ قۇرئاننىڭ قېتىغا سېلىۋالسا ، ئۇ ئادەمگە جىنلار تەرىپىدىن زىيان ـ زەخمەت كەلمەسمىش . جىن ئاسانلىقچە ئادەمزاتقا كۆرۈنمىگۈدەك . پەقەت جىن باخشىلىرى ، مەخسۇس ۋەز ئوقۇيدىغان موللىلارغىلا كۆرۈنىدىكەن» دېگەندەك رىۋايەت ـ ئەپسانىلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدى . بۇ خىل ئىشنىش كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا بار ئىدى . كىچىك

باللار مەكتەپ يېشىغا تولۇپ بولغۇچە ، ئاتا ـ ئانىلىرى باللىرىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈپ ، جاھىللىق باسقۇچىغا يەتكۈزۈپ بولاتتى . ئاشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رابىيەمۇ كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن جىن ـ ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە راست ، دەپ ئىشىنەتتى .

رابىيە بارات موللىنىڭ جىن ـ ئالۋاستى توغرىسىدىكى ۋەزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ : مەن «مەكىلات»لارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، ئۇلار مېنىڭ ئىتائىتىمگە بويسۇنىدۇ... دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشەندى . ئۇنىڭ ھازىرقى ئەپتىدە ، بارات موللا نېمە دېسە ، شۇنى قىلاتتى . ئۆزىنى ئادەم ئەمەس ، بەلكى جان ئالىدىغان كۈچتۈڭگۈر دېۋە بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقاندەك ، ئۇ خالىسا ، ئازاد قىلىۋېتىپ ، خالىمىسا ، بىر چايناپلا گۆشلىرىنى يۇتۇۋېلىپ ئۇستىخانلىرىنى ھاۋاغا پۈركىۋېتىدىغاندەك ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىدىغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بارات موللىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ :

— ئەھدى قىلالايمەن ، — دېدى .

— ياخشى ، — دېدى بارات موللا ، ئاندىن كېيىن ئۇ ئاغزىنى لۆمۈلدىتىپ ، پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ، رابىيەگە قارىتىپ «سۇف !» دەپ بولۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويغان ئىلىك تەللىگە سېلىقلىق بىر كىتابنى ئالدى :

— بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم ، ئەگەر ئەھدەمنى بۇزۇپ قويسام مېنى مۇشۇ قۇرئان ئۇرسۇن ، دەڭ ، — دەپ ھېلىقى كىتابنى ئىلىك تەللىدىن ئالمايلا رابىيەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . رابىيە بارات موللىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى تەكرارلاپ ، ئەھدى قىلىپ بولۇپ ، ئاندىن قۇرئاننى بارات موللىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەردى . بارات موللا قۇرئاننى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە ، رابىيەدىن :

— سىز قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلەمسىز ؟ — دەپ

سورىدى.

— بىلىمەن، — دېدى رابىيە، — مەن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، قۇرئان ئوقۇشنىمۇ بىلىمەن، قۇرئان جانابىي ئاللا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد رەسۇلىللاغا يىگىرمە ئىككى يىل ئىچىدە پەرىشتە جىبرائىل ئارقىلىق ۋەھىي تەرىقىسىدە نازىل بولغان كىتاب.

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئەھدىڭىزگە ۋاپا قىلغايسىز. مەن توغ تۇۋىگە كېلىپ، «دىۋنامە» بىلەن مەكىلاتلارنى دەمبەس قەدەم هازىر بولۇشقا چاقىرىمەن. چوڭ ـ كىچىك، ئاقساق ـ چولاق، چەرەندە ـ پەرەندىلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى هازىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرىگە ئۇچراپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن، مەن ئۇلارغا پەرمان قىلغىلى تۇرغاندا، ئىچىڭىزدە: «يائەييۇ ـ ھەللەزىنە، تۆبە ئىللەلاھى، تۆبەتەن، نەسۇبهان، بىلمىگەندىمەن، گۇناھ قىلغاندىمەن، ئازغاندىمەن، يازغاندىمەن، ئىشىك مارىغاندىمەن، تۆبە قىلدىم، تۆبە قىلدىم» دەپ ئولتۇرۇڭ، ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى كارامىتىدىن سىز بىلەن مەكىلاتلارنىڭ كارى بولمايدۇ. مەن ئايەتنى باشلىغاندا، يەردىن ئۇستۇن قارىماڭ، — دەپ، ئاگاھلاندۇردى بارات موللا رابىيەنى تېخىمۇ قورقۇتۇپ.



# يىگىرمىنچى باب

## جىللاب كېلىنگەن «مەكىلات»

رابىيە بولسا ، بارات موللا نېمە دېسە ، ئۇنىڭغا قارشىلىقسىز «ماقۇل» دېيىشى كېرەك ئىدى . چۈنكى ، بارات موللا ئالدى بىلەن بۇ جەھەتتىكى ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلدۇرۇۋالغانىدى . رابىيە بۇ ھالدا قىلغان ئەھدىلىرىنى بۇزالمايتتى .

بارات موللا ئەمدى رابىيەنى جىن ـ مەكىلاتلار بىلەن قورقۇتۇپ ، ئاخىرقى مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى . ئۇ رابىيەگە دەيدىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ، جايىنامازنى ئەكېلىپ تۆگ تۆۋىگە سالدى . ئاندىن بىرىپ ئاسقۇدىكى پەتا خۇرجۇنغا سېلىقلىق پىرە دېيىنى ئېلىپ تۆگ تۆۋدە ئولتۇرۇپ :

يارەببىنا زىلەننە سەندىن مەدەت تىلەيمەن ،
يارەببىنا زىلەننا چاقىم پەلەك مۇئەللەق .
يارەببىنا زىلەننا قۇدرىتىڭدىن مۇتەببەق ،
يارەببىنا زىلەننا سەن ـ سەن ئىلاھى بەرھەق .

دەپ ، چېلىشقا باشلىدى . داپنىڭ بىر خىل ئۇدار بىلەن دۈگۈلدەپ



ئۇرۇلغان سىرلىق ساداسى جىن ـ مەكىلاتلار ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ ئولتۇرغان رابىيەنى تېخىمۇ قورقۇتۇپ، ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. رابىيەگە تورۇس غاسىلداۋاتقاندەك، ئىشىك غىچىلداۋاتقاندەك، تۈغنى يانداپ تورۇسقا قادالغان ئەلەم ئىسقىلىق جىگدە شېخىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن بېشىغا يوغان سەللىلەرنى ئوراپ، قوللىرىغا تەسۋى ئېلىپ ئاخۇن ـ ئەشرەپلەر شەكلىگە كىرىۋالغان جىنلار بارات مۆللىنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

رابىيە مۇشۇنداق دەھشەتلىك خىياللار بىلەن تۇرغاندا، بارات موللا قالدۇق جىن ـ مەكىلاتلىرىنى چاقىرىش ئۈچۈن، «دېۋىنامە» سىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەززەم تەلەيكۇم،
ۋە پىرى كەلدى.
قەمبەر توقىچىڭ كەلدى،
ئەلەم تۇغلىرىڭ كەلدى.
مەغرىبتىن، مەشرىقتىن،
يەمەندىن ـ يەسەندىن.
ئەسنەپ ـ ئەسنەپ،
يىڭىلىپ ـ يىڭىلىپ.
دەمبەس قەدەم ھازىر بولۇڭلار!
ئالتۇن سەتەملىكلەر.
كۈمۈش قاشلىقلار،
سۇمبۇل چاچلىقلار.
گۆھەر ئېغىزلىقلار،
شەمشىرا كۆزلۈكلەر.
پولات خەنجەرلىكلەر،
تاغدىن ـ تاغقا ئۇچقۇچىلار.
بۇلۇتلارغا مىنگۈچىلەر،

گۆش ـ پوست ئارىسىدا .
قان ـ يىرىڭ بولۇپ ئاققۇچىلار ،
ئادەم قىز ـ ئوغۇللىرىغا .
جەبرى ئاپەت ئۇرغۇچىلار ،
ئۇستىخانلارنى قىزىتىپ .
پەيلەرنى يىغقۇچىلار ،
ئادەمزاتنى قاخشىتىپ .
قان ـ يىلىكىنى شورىغۇچىلار ،
يەرنىڭ يورۇقىدا بولساڭلار .
ئاتنىڭ ئېغىلىدا بولساڭلار ،
ئەسكى تاملىقتا بولساڭلار .
كونا تۇگمەندە بولساڭلار ،
يالغۇز دەرەختە بولساڭلار ،
قەبرىستاندا بولساڭلار .

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى بىلەن دەمبەس قەدەم ھازىر بولۇڭلار ! — دەپ تاماملاپ ، لاتىغا چىگىلگەن قارا مۈشۈكنىڭ قۇلاق تۈكى ، قارا ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكى ، بىر سىقىم قىچا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئالدىدا قويدى : «ھۇ··· يت !··· تۇف !» دەپ بولۇپ ، داپنى تۇغقا يۆلەپ قويۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . ئاندىن ئورنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ :
— ھە ، كېلىڭلار ـ كېلىڭلار ! ئۇلۇغلارغا «تۆر»نى بېرىپ ، ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىدىن ، ئىشىك بېشىدىن ، تۇغنىڭ قېشىدىن ، يەتتە ئۆيدىن پۇرۇچ تىلەپ «ئەلەم» قىلغان جىگدە شېخىدىن ، ھويلا ـ ئارامدىن ، تۈڭلۈك بېشىدىن ، ھەرقايسىڭلار مەرتىۋەڭلارغا قاراپ ئۆز ئورنىڭلاردىن ئورۇن ئېلىڭلار ! — دەپ ، جىنلارنى تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى . ئۇ پات ـ پات يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان جايىدىن قوغۇنى كۆتۈرۈپ ، مېھمانغا سالام بەرگەندەك

ھەرىكەتلەرنى قىلماقتا ئىدى.
رابىيە بارات موللىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشەندى. «ئۇنىڭ مەكىلاتلارنى كۆرىدىغانلىقى راستكەن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك، جىن - پەرى، دىۋە - ئالۋاستىلارغا ھۆكۈم يۈرگۈزۈپ، ئىتائەت قىلدۇرالايدىكەن، توۋا قىلدىم، ئادەمزات ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق كىشىلەر بولىدىكەن» دېگەننى ئويلاپ تۇراتتى، بارات موللا رابىيەگە قاراپ تۇرۇپ:
— بولدى قىلىڭلار، بۇ قىزنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالماڭلار، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى تۇتماڭلار، ئارقىغا ئولتۇرۇڭلار، چېقىلغۇدەك بولساڭلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانى بىلەن ھەممىڭلارنى كۇھىقاپقا پالايمەن. بېغىش - بېغىشلىرىڭلاردىن ئايرىپ، قان - يىرىڭغا ئايلاندۇرىمەن، — دېگەنىدى، رابىيە كۆڭلىدە «ئۆيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى تامامەن جىن قاپلاپ كېتىپ، بىر قىسىم جىنلار ماڭا چاپلىشىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ، دۈمبىسىنى بىراۋ سىلاۋاتقاندەك، چاچلىرىنى تاراۋاتقاندەك، كۆكسىنى سىلاپ ئوينىتىۋاتقاندەك، كىيىم - كېچەكلىرى ئاستا - ئاستا ئۆزلۈكىدىن سېلىنىپ، يالىڭاچلىنىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. بەدەنلىرى چىمىرلاپ، ئارقا - ئارقىدىن ئەسنەپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، كىگىز ئۇستىگە يىقىلغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. چۈنكى، رابىيە قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكەنىدى. چىشلىرى كىرىشىپ، قول - پۇتلىرىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ، تىنىقلىرىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.
رابىيە ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن چۈش كۆردى، چۈشىدە: ئۆيىنىڭ ئىچىدە لىق ئادەم بارمىش، بۇ ئادەملەرنىڭ كۆرۈنۈشى شۇنداق سەت، بەتبەشرە ئىدىكى، ھەممىسىنىڭ بېشىدا قازاندەك سەللە، بىر قولىدا تەسۋى، بىر قولىنى رابىيەگە سۇنۇپ، ئۇنىڭ كۆكسىنى تالىشىۋاتقۇدەك. ئۇلاردىن بىرسى ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى چىڭ مىجىقلىغانىدى، ئاغرىپ كەتكەندەك قىلدى.

بۇ رابىيەنىڭ ھوشىغا كېلىشكە باشلىغان ۋاقتى ئىدى ، چۈشىدە ھېلىقى كۆكسىگە يېپىشىۋالغان ئادەمنى ئىتتىرىۋېتىپ ، قېچىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى . بۇ چاغدا رابىيە ھوشىغا كەلگەندى ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىق بىلەن نەپەسلىرى راۋانلىشىپ ، كۆزىنى ئاچتى . كۆردىكى ، چۈشىدە كۆرگەندەك ، بېشى بارات موللىنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپتۇ ، بارات موللىنىڭ چاڭگىلى رابىيەنىڭ كۆكسىنى ئويناۋېتىپتۇ . ئەمما ئاغزىدا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇغىلى تۇرۇپتۇ .

رابىيە بارات موللىنىڭ قۇچىقىدىن بېشىنى ئېلىپ ، قوپۇپ ئولتۇردى . بارات موللا بېرىپ ، بىر چىنە سوغۇق سۇ كەلتۈرۈپ رابىيەگە ئىچكۈزدى . ئاندىن داپنى ئاپىرىپ خۇرجۇنغا سېلىپ ئېسىپ قويۇپ ، تۇغنى يۆلىدى . ئەمدى ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى . چۈنكى ، رابىيەنى قورقۇتۇپ ، قورقۇتقاندىمۇ ھوشىدىن كەتكۈچە قورقۇتۇپ ، كۆزلىگەن نىشانىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى . شۈبھىسىزكى ، رابىيە بارات موللىنىڭ جىن - ئالۋاستىلارنى ئىتائەت قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن بولسا ، جىنلار ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ ھوشىدىن كەتمىگەن بولاتتى . جىنلارغا ئىشەنگەنىكەن ، بارات موللىنىڭ مەكىلاتلىرىنىڭ ئۈچ ئېلىشىدىن قورقۇپ بارات موللىغا بەرگەن ئەھدىسىدىن يانالمايتتى . ئەھدىنى بۇزمىغانىكەن ، بارات موللا خالىغان قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەخىرامان قىلالايدۇ ، دېگەن سۆز .

رابىيەنىڭ ھوشىغا كېلىشى بىلەن بارات موللا قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىدىن تارتىپ ، پېشانىلىرىنى ، ئاندىن بىلەك تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ :

— خېنىم ، سىزنىڭ قوقاقلىرىڭىز ئۆرلەپ ، قىزىتمىڭىز ئېشىۋاپتۇ . مەن ھازىرلا ئۇنىڭ ئېپىنى قىلىمەن ، بىردەمدىلا ئوڭشىلىپ كېتىسىز ، — دەپ ئالدىراپ ئورۇن سېلىشقا باشلىدى . ئىككى تەكيىنى ئۇلاپ بىر يەرگىلا قويۇپ ، ئاياپ قويغان بىر كۆرپىنى ئاستىغا سېلىپ ، ئۈستىگە بىر يوتقاننى يايدى . ئاندىن

رابىيەگە :

— ئەھدىڭىزنى ئەسلەپ تۇرۇڭ ، كىيىملىرىڭىزنى تۈگەل سېلىپ ئورۇنغا كىرىڭ . بۇ يوتقانغا ئايىتال كۇرسىنى قىرىق بىر مىڭ قېتىم ئوقۇغانمەن . بۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا ، مەكىلاتلار يېقىن كېلەلمەيدۇ . ئىش تېخى تۈگىگىنى يوق . دەسلەپكى ئەپسۇن باسقۇچى تاماملاندى . ئەمدى گۇناھنى گۇناھ بىلەن يۇيۇش باسقۇچىغا كەلدى . بىز ھەر ئىش قىلساق سېھىر ئۈچۈن قىلىمىز . سېھىرگەرلىكنىڭ يەتمىش ئىككى يولى بار . سېھىر كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرمىسەك ، قىلغان ئەجرىمىز بىكار كېتىپ ، ئايەتلىرىمىز كەسمەيدۇ . بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمىز ئەر - خوتۇنلار ئىشى . ئەمدى بىز كېيىنكى ئايەتنى ئەر - خوتۇنچىلىقنى ئىپادىلەپ ئوقۇيمىز . ئەگەر ئەھدىڭىزنى ئۇنتۇپ ، ماڭا يامان پىكىردە بولسىڭىز ، مەكىلاتلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچراپ ، ئەبەدىي پالەچ بولىسىز ياكى ھېلىلا باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلىشىڭىز مۇمكىن ، — دەپ ئاگاھلاندۇردى .

رابىيە بولسا ، بارات موللىنىڭ غەرەزلىك سۆزلىرىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۇنىڭغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنماقتا ئىدى . ئۆزىنىڭ بوۋىسىدىنمۇ چوڭ كېلىدىغان ، دۇنيا بىلەن خوشلىشىشقا ئىككى كۈنلىكى قالغان بىر بوۋاينىڭ يامان نىيەتتە بولۇپ پوخورلۇق قىلىشى قانداقمۇ ئۇنىڭ ئېسىگە كەلسۇن . رابىيە بۇ جەھەتنى ئويلاپمۇ قويمىدى . بارات موللىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ ، كۆڭلەك بىلەنلا يوتقانغا كىردى . كۆردىكى : يوتقان بىر ، تەكيە ئىككى تۇراتتى . بۇنىڭدىن بىلدىكى ، بارات موللىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندى . لېكىن ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا بولمايتتى ، چۈنكى قۇرئان تۇتقۇزۇپ ئەھدى قىلدۇرغانىدى . رابىيە ئىشنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتى . بارات موللىنىڭ نەسىھەتلىرى ، ئەھدە قىلدۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا ئىش ، يەنى بارات موللىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، گۇناھ بىلەن تاقابىل تۇرۇش ، ئەر - خوتۇنلارنى سېھىرلەش ئۈچۈن ئەر - خوتۇنلۇقنى دوراپ

تۇرۇپ ئوقۇش، يەنى زىنا قىلىپ، شەھۋەت نەپسىنى قاندۇرۇش ئىدى. لېكىن، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە جۇرئەت قىلالمايتتى. ئىشەنگەندىمۇ، شۇنچە قېرى، ھەتتا يېشى يەتمىشتىن ئېشىپ، ئەتلىرى قېچىپ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر موللىنىڭ جان قايغۇسىدا بولماي، خوتۇن قايغۇسىدا ئىكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ ئاغزى بارمايتتى. رابىيە كۆڭلىگە كەلگەن خىياللارنى «شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى» دەپ ئويلاپ، «كەلىمە تەمجۇت»نى ئوقۇپ، مۇجمەل خىياللارنى ئۇنتۇشقا ھەرىكەت قىلدى.

بارات موللا بولسا، ئىشنىڭ بۇنىڭدەك ئاسان ئەپلىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ «دىۋىنامە»سى ئارقىلىق مەكىلاتلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئورۇن كۆرسىتىشلىرى رابىيەنى قورقىتىپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىنلا، «مەكىلاتلار» ھىيلىسىنىڭ كارغا كەلگەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا، ئۇ رابىيەنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، تارىخىي گۇناھلىرىنى تەكرارلاپ، ئەيمەنمەستىن رابىيەنىڭ كۆكسىگە قول سېلىپ سىلاشتۇرۇشقا باشلىغانىدى.

رابىيە بولسا، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغانلىقىدىنمۇ ياكى مەكىلاتلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورققانلىقتىنمۇ، ئىش قىلىپ بارات موللىغا ئىتائەتمەن ئىدى. شۇڭا ئۇ بارات موللىنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلالماي يوتقانغا كىردى.



# يىگىرمە بىرىنچى باب

## دەھشەتلىك كېچە

بارات موللىنىڭ رابىيەگە ئىشلەتكەن بۇ ھۈنەرلىرى ئۇنىڭ تۇنجى قېتىمقىسى ئەمەس ئىدى. بىر ئۆمۈر خوتۇن ئالماي زىناخورلۇق بىلەن يۈرۈپ، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەھۋەت نەپسىنى قاندۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ھېچكىم ئېغىزدىن چىقىرالمىدى. چۈنكى، ئۇ قەسەمدىن پايدىلاندى. بارات موللىنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئېتىقادمەن كىشىلەر، يەنە كېلىپ، نېمىگە ئېتىقاد قىلىش، نېمىگە ئېتىقاد قىلماسلىقنى بىلمەيدىغان نادان كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بىرەر ئادەم ئوچۇق ـ ئاشكارا نۇرغۇن زىيانغا ئۇچرىتىپ، «مەن قىلمىدىم» دەپ قەسەمدىن بىرنى قىلىپ بەرسىلا، گۇناھىدىن ئۆتۈپ جازاسىنى قىيامەتكە قالدۇرۇپ كېتىدىغانلاردىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بارات موللىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي، سىر قىلىپ ساقلاپ كەلدى. مانا ئەمدى رابىيە ئۇنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراش ئالدىدا تۇراتتى.

رابىيە يوتقانغا كىرگەندىن كېيىن بارات موللا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىردەم بېشىنى، بىردەم قول بېغىشلىرىنى تۇتتى،

ئاندىن مەيدىلىرىنى سىلاشتۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە ئاپاردى. بارغانسېرى «قوقاق»نى باش تەرەپتىن ئاياغ تەرەپكە ھەيدەپ، قولىنى باشقا بىر جايلىرىغا ئاپىرىپ ئۇۋۇلىغىلى تۇرغاندى، دەسلەپتە تارتىنغانلىقتىنمۇ ياكى بارات موللىنىڭ قىلىقلىرىنى ياقتۇرمىغانلىقتىنمۇ، تۇگۇلۇپ يېتىۋالغان رابىيە بارات موللىنىڭ ئاخىرقى ھەرىكىتى بىلەن قانداقتۇر بىر خىل ھۇزۇر كۆرۈۋاتقاندەك بىردىنلا بوشىشىپ، ئۆزىنى قويۇۋەتتى. بارات موللىنىڭ ئاخىرقى ھەرىكىتى بولسا، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر قىلمىشلىرى داۋامىدا ئاياللارنى يۇمشىتىشتىكى ئۇنۇملۇك تەدبىرى ئىدى. رابىيەنىڭ لەززەتكە تەلپۈنۈۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۆزىمۇ قىپيالىڭاچ بولۇپ يوتقانغا كىرىپ رابىيەگە چاپلاشتى. قېرىلىقتىن ئورۇقلاپ، قۇرۇپ قاقشالدەك بولۇپ قالغان موللا گۇمبەزدەك سەمرىپ كەتكەن رابىيەنىڭ يېنىدا گويا ئېگىز بىر دۆڭنىڭ تۇۋىدە ئوۋ ماراپ ياتقان كىچىككىنە ئوۋچىدەك تۇراتتى. بارات موللا يوتقانغا كىرىپلا خۇددى ئانىسىنى ئېمىشكە ئالدىراپ ئەمچەك ئىزدەۋاتقان موزايدەك رابىيەنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىگە ئېسىلىپ جىددىيلەشكىلى تۇردى.

بارات موللا گەرچە ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي كۆپ ھەپىلىشىپ باققان بولسىمۇ، رابىيەنىڭ سېمىز گەۋدىسىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەسلا كۈچى يەتمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چاپلاشقان بۇدۇشقاقتەك يېپىشىۋېلىپ، ۋاز كەچمىدى. ئاشۇنداق جېدەللىشىپ يۈرۈپ بارغانسېرى تەر بېسىپ نەپسى يېتىشمەي ھاسىراپ كەتتى. شۇ چاغدا، ئۇ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، رابىيەگە: «سىز ماسلىشىپ، يېقىن تۇرۇڭ» دېگەن سۆزنى ئاران قىلالىدى. لېكىن، ساپاندا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئۇيەدەك شىددەت بىلەن ھاسىراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىرنەچچىگە پارچىلىنىپ كېتىپ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ رابىيەنى قويۇۋەتمىدى. ئاخىر نەپسى بوغۇلۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، رابىيەنىڭ

ئايغىغا ئارقىسىچە گۈپپىدە يىقىلدى.

رابىيە بارات مولللىنىڭ ھاسىراپ، بارغانسېرى مۈزدەك تەرلەپ، بىرقىسما بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغانىدى، بارات مولللىنىڭ يىقىلىشى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆردىكى، بارات مولللىنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھالى گويا ئانىسىدىن يېڭىلا تۇغۇلۇپ، تۇنجۇقۇپ قالغان بوۋاققا ئوخشايتتى. رابىيە ئۇنىڭ قانسىز چىرايى، جان تالىشىۋاتقان ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سوغۇق سۇ ئەكېلىپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە پۈركىدى. بارات موللا بولسا، يەنىلا شۇنداق ياتاتتى. تۇرۇپلا تىنىقلىرىمۇ يوقاپ كېتەتتى. رابىيە ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سۇ سەپتى. ئۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئىچىگە چاشقان كىرىۋالغاندەك، يۈرىكى شىددەت بىلەن تېپىرلاۋاتاتتى. سەپكەن سۇمۇ كار قىلمىغاندىن كېيىن، ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ساقالدىن تۇتۇپ سىلكىپ باقتى، ئۇ كۆزىنى ئاچمىدى. زاڭاقلىرىغا ئۆتكۈدەك ئۇرۇپ باقتى، يەنىلا ئوخشاش ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، تاتىرىپ كەتكەن قانسىز چىرايلىرى بىردىنلا كۆكىرىپ، قارىداشقا باشلىدى. كۆز چوڭقۇرلۇقىدا ياش پەيدا بولۇپ، كۆز قۇيرۇقىدىكى قورۇقلارنى بويلاپ، ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ بىرنەچچە تامچە ئېقىپ، ئۇمۇ توختاپ قالدى.

رابىيە «ئىشرەتخانا» غا سېتىلغان مەزگىللەردە، يەتتە ـ سەككىز يىل داۋامىدا نۇرغۇن، ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈردى، نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردى. ئەمما، «ئىشرەتخانا»دىن ئىبارەت پۈتۈن شەھۋەتخورلارنىڭ توپلىشىدىغان ئورنىدىمۇ بارات موللا قۇرامىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنى ئۇچراتمىغانىدى، بارات مولللىنىڭ ھازىرقى ھالىدەك كۈنگە چۈشۈپ قالغانلارنى تېخىمۇ كۆرمىگەنىدى.

بارات موللا جىددىي قۇتقۇزۇشقا موھتاج ئىدى. لېكىن بۇ

يەردە رابىيەدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. رابىيە قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. بارات موللىنىڭ هايات قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى، ئەمما بارات موللا ئۆلسىغۇ كارى چاغلىق، چۈنكى يېشى يەتمىشتىن ئاشقان، ئۇنىڭغا هېچكىم زىيانكەشلىك قىلغىنى يوق. ئەگەر بىراۋ ئۆلتۈرۈۋەتتى، دېمەكچى بولسىمۇ دەلىل - ئىسپات يوق ئىدى. بىراق ئۇ ئادەم سەۋەبسىز ئۆلەمدۇ؟ هېچبولمىغاندا بىرەر سەۋەب بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋەب رابىيەگە ناهايىتى ئېنىق، ئەلۋەتتە شۇ سەۋەبنىڭ گۇۋاهچىسى بارات موللىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى ئەهۋالىنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك. لېكىن، ئۇنى قانداق سۆزلەش كېرەك؟ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەينەن دېيىش كېرەكمۇ؟ يەنە كېلىپ، قېرى موللا زورلاپ جىددىيلىشىپ هوشىدىن كەتتى، تېخى گەپتىن - گەپ يوقلا ئارقىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ هوشىدىن كەتتى ياكى يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ ئۆلۈپ كەتتى، دېسە كىشىلەر نېمە دەركىن؟

رابىيە هەر جەهەتتىن ئويلاپ، ئەڭ مۇهىمى بىرەر ياردەمچى تېپىپ دەرهال دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك، دېگەن قارارغا كەلدى - دە، بارات موللىنى شۇ پېتى قويۇپ تالاغا چىقتى. كېچە شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، هېچ نەرسىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. يىراق، ناهايىتى يىراق جايلاردىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاناتتى ئىدى، پەقەت ئورماننىڭ قايسىدۇر بىر تەرىپىدە تۈلكىنىڭ قېرىنداشلىرىنى چاقىرغان هۇۋلاشلىرىدىن باشقا، قاراڭغۇ ئورمان شۇنداق جىمجىت ئىدىكى، يېقىن ئەتراپتا ئادەمزاتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. رابىيە «نېمىلا بولمىسۇن توۋلاپ باقاي، تەقدىرنىڭ كارامىتى كۆپ، كۈتمىگەندە، بىرەر كىشى ئاڭلاپ يېتىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس» دېگەن پىكىرگە كەلدى - دە:

— ۋاي ئادەم بارمۇ؟! تېز كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! — دەپ توۋلاپ باقتى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى. يەنە بىر قېتىم توۋلاپ باقاي دەپ تۇرۇشىغا، بارات موللا ئېيتىپ ئۆتكەن مەكىلاتلار ئېسىگە كېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن جىن - ئالۋاستىلار

قول سوزۇپ، تۇتقىلى ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. رابىيە شۇنداق قورقۇپ كەتتىكى، «ۋايجان!...» دەپ تۈۋلىغىنىچە ئۆزىنى ئۆي تەرەپكە ئېتىپ، گويۇرلەپ قېچىپ كىردى. بارات موللا مەكىلاتلىرىنى چاقىرغاندا: ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن ئورۇن ئېلىڭلار، دېگەنىدى. رابىيەنىڭ ئېسىگە ئۆينىڭ ئىچىدىكى جىنلار كېلىپ، سەپسېلىپ قارىماقتا ئىدى. ئۆيدىكى كىرسىن چىراغنىڭ گىرىمسەن يورۇقى پەقەت چىراقپاي ئەتراپىنى يورۇتالايدىغان بولغاچقا، نېرىراقلىرى گۇگۇم ئىدى. ھېلىلا بىرەر جىن قول سېلىپ بوغۇۋاتقاندەك تېنى جۇغۇلداپ، قورقۇنچىسى بارغانسېرى كۈچەيدى. ھەر نېمە دېگەن بىلەن رابىيەنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى. ئۇ قېچىپ كەتمەكچى بولدى. مۇشۇنداق قاراڭغۇدىما؟ ئىشىكتىن باش چىقىرىش تۇگۇل، چىراغ يېقىلغان ئۆينىڭ ئىچىدە قورقۇۋاتقان يەردە، قېلىن ئورمانىنىڭ ئارقىسىغا قانداق كىرەلىسۇن؟ ئەگەر قېچىپ كەتكەنمۇ بولسۇن. ناۋادا بارات موللا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ يېنىدا رابىيەنىڭ قالغانلىقىنى چولپان بىلەن ئابدۇللا يوشۇرۇپ قالالامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بارات موللىنى قۇتقۇزۇش كېرەك.

رابىيە نۇرغۇن پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ، بىرەر ئامال قىلىپ كۆرەي، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، ئولتۇرۇپ بارات موللىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، قايناقسۇ ئىچكۈزدى. ئاندىن بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ قاراپ ئولتۇردى. بىركەمدە، بارات موللا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ، كۆزىنى ئاچتى. تورۇسقا قاراپ بىردەم يېتىپ، كۆزىنى رابىيەگە يۆتكىدى. ئۇ شۇنداق ئاجىز، شۇنداق بىچارە ئىدىكى، پىلىلداپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرى سىيىپ قويۇپ خىجالەتچىلىكتە ئەپۇ سوراپ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىغان بالىنى ئەسلىتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ تىنىقى يەنىلا شۇنداق تېز، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى نورماللاشمىغانىدى.

بارات موللىنىڭ كۆزىنى ئېچىشى، رابىيەگە ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئېلىپ كەلگەنىدى. چۈنكى، بارات موللا جان تالىشىۋاتقاندا

رابىيە ئەنسىرەپ : «ئەگەر بارات موللا ئۆلىدىغان بولسا، مېنىڭ تۆھمەتكە قېلىپ تۇگەشكىنىم شۇ. بىرىنچىدىن، بارات موللىغا ھەمراھ بولغانلىقىمنى ئىككى ئادەم بىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەن بولسام بۇ يۇرتقا مۇساپىر. گېپىمنى قىلغۇچىلار چىقمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. قېرى موللا ئەمدى تىرىلدى. بىر قېتىم ئۆلۈپ تىرىلدى دېيىشمۇ بولاتتى. رابىيە ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ :

— ئاخۇنۇم! ئېشەكتەك يالىڭاچ ئولتۇرماي، بۇ نېمىلىرىنى كىيىۋالسىلا! — دەپ ئىشتان، كۆڭلەكنى ئالدىغا تاشلاپ بەردى. بارات موللىدا ھايا، نومۇس دېگەن نەرسە قالمىغانىدى. ئۇ پېيى تارتىشىپ قالغان ئۆچكىدەك پۇتلىرىنى ئاران سوزۇپ ئىشتاننى كىيدى، ئاندىن كۆڭلەكنى كىيىۋالدى.

ئەمدى بولسا، بارات موللىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ، ھەر تىنىقتا بىر قېتىم «ئىــــھ!» دەپ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، ۋايجانلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تارتــــۋاتقان ئاغرىق ئازابـــى ۋە بىچارىلىكىگە كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىتقۇسى كېلەتتى. ياق، بارات موللىغا كىشىنىڭ ئىچ ئاغرىتقۇچىلىكى يوق ئىدى. ئۇ يەنە تو ۋا قىلمىدى. ئېپلاس نىيىتىدىن قىلچىمۇ يانمىدى، ھايات قالغىنىغا شۈكۈر قىلماي، رابىيە يۆلەپ ئاپىرىپ ياتقۇزۇۋاتسا، قوللىرىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە سۇنۇپ، سىلاشتۇرغىلى تۇردى. رابىيە ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كارامەتلىرىگە ئىشىنىپ سۆزىدىن چىقمىغانىــدى. ئەمدى ئېنىق بولدىكى، بۇ بىر ئالدامچـى، شەھۋەتخور قېرى ھايۋان ئىدى. رابىيەنىڭ ئېسىگە قىلغان ئەھدىسى كەلدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىدىكى ئىلىك تەللىنى ئېلىپ قارىغانــــدى، ئىچىدىكى قۇرئان ئەمەس، بەلكى سەت خەت بىلەن ئۇستــگە «كەنزىل ھۇسەين» دەپ يېزىلغان بىر كىتاب بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل سۇرەت، كاتەكچە سىزىق، سىزىق ئىچىدە ئەرەبچە سانلار يېزىقلىق تۇراتتى. رابىيە ئۇنى يەنە ئىلــــك تەللىسىگە سېلىپ، ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويدى. بارات موللىنىڭ

ئوقۇغان ئەپسۇن ، قىلغان سېھىرلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ، ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى . ئاتىسىنىڭ سۆزى بىلەن مەكتەپتىن قېچىپ بېرىپ «ئىشرەتخانا»غا سېتىلغاندىن باشقا ، ئەمدى ئاتا - ئانامنى كۆرىمەن دەپ كېلىپ دىدارلىشالماي مۇساپىرچىلىق تارتىپ ، زەينەپگۈلدىن ئىبارەت بىر دەللالنىڭ قولىغا چۈشۈپ ، ئىككىنچى قېتىم سېتىلغانلىقىغا ، يەنە كېلىپ ئۆزىنى موللا ئاتىۋالغان قېرى ئەبلەخنىڭ خورلىقىغا ئۇچرىغانلىقىغا ئېچىنىپ :

— ۋاي ئىسىت ، ئانا ! مېنى مۇشۇنداق خورلۇق ئۇچۇن تۇغقانمىدىڭىز ! ۋاي ئىسىت ، ئاتا ! مېنى ئېرىشتۇرمەكچى بولغان جەننىتىڭىز مۇشۇمىدى . بەخت - سائادەتلىرىڭىز قېنى ئاتا ! ئۆزىڭىز جەننەتكە كىرىمەن ، دەپ ، قايسى دوزاخقا مۆكۈنۈۋالدىڭىز ئاتا ! ئۆز باللىرىڭىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرغان ئاتا ! ئەمدى كىشىنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن ئاتا ! ... — دەپ ئۇن سېلىپ راسا يىغلاپ پۇخادىن چىقىۋالدى . ئاندىن ، «ئۇھ !» دەپ شۇنداق موللا تەرەپكە قارىغانىدى ، رابىيەنىڭ مۇڭلۇق يىغلىرى «ئەللەي» بولۇپ ، يۆگەكتىكى بوۋاقتەك خىرىلداپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . رابىيە ئۇنىڭغا بىردەم نەپرەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ ، «تۇفى !...» دەپ بىرنى تۈكۈردى ، شۇ تاپتا ئۇنى بوغۇزلىۋەتكۈسى كېلەتتى . ياق ، ئۇنداق قىلغىلى بولمايتتى . رابىيە ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىش ئىدى . بىراق ، تاڭ ئېتىشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى . ۋاقىت شۇنداق ئاستا ئۆتمەكتە ئىدىكى ، ھەربىر دەقىقە بىر كۈندەك بىلىنمەكتە ئىدى . بىر چاغ بولغاندا ، بارات موللا ئىنجىقلاپ ، يەنە ۋايجانلىغىلى تۇردى . رابىيە قاراپمۇ قويمىدى . يان تۈڭلۈكتىن ئاسمانغا قاراپ ، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇق ئىزدىمەكتە ئىدى . پەقەت يىراق ، ناھايىتى يىراق ئېگىزلىكتىكى بىرقانچە يۇلتۇزلار ناھايىتى سۇس ، بىر ئۆچۈپ ، بىر يورۇپ پىلىلداپ تۇراتتى . بىر چاغدا ئۇنىڭدىن بىرى سىمابتەك ئېرىپ ، تۇرۇپلا ئېقىپ چۈشۈپ كەتتى . رابىيە ئۆز - ئۆزىگە : «بۇ كىمنىڭ

يۇلتۇزى بولغىيتتى؟ مانا تۈن كېچە، جاھان قاپقاراڭغۇ، ھەممە جانلىقلار ئۇيقۇدا تۇرغاندا، قايسىبىر بەختسىز كىشى جان تەسلىم قىلغاندۇ؟ ئۆلۈم، توغرا ئۆلۈم، ئۇ ھەممە دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلدۇرغۇچى. لېكىن، دەردمەنلەر ئۈچۈنلا شۇنداق. دەردسىزلەرچۇ؟ ئۆمۈرگە تويمايدۇ، ھەتتا ھەر كۈنى نامازدىن يېنىپ ئاللادىن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. بىر زامانلاردا مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. ئاتا ـ ئانام بار، كۆڭلۈم خاتىرجەم ئىدى، ئەمدىچۇ؟ ھەممە ئۆزگەردى، نادانلىق بىچارە قىلدى. بىچارە دېگەن — بوزەك دېمەكتۇر. مانا مەن بوزەك بولغۇچى، تالاي ئادەملەرگە، ئادەم ئەمەس بەلكى ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانلارغا بوزەك بولدۇم. كېيىنچۇ؟ بىلمەيمەن. موللىمىز بىزگە: «ھەربىر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ، كىم ئۆلسە، ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئېقىپ كېتىدۇ، بايلارنىڭ، مەنسەپدار، موللا ـ ئالىملارنىڭ يۇلتۇزى يورۇق؛ نامراتلارنىڭ، قېرى ـ چۆرە، ئاغرىق ـ سىلاق، ئاجىزلارنىڭ سۇس بولىدۇ» دەيدىغان. مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايسىدۇر؟ مېنى يەنە نېمە ئىشلار كۈتۈۋاتىدىغاندۇر؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇراتتى. تۇڭلۇكتىن كىرگەن سالقىن شامال رابىيەنىڭ يۈزلىرىنى يېنىك سىلاپ: «ئۈمىدۋار بول قىزچاق، سەن تېخى ياش، سېنىڭ كۈلپەتلىرىڭ نادانلىقتىن كەلگەن. ئۆلۈم ساڭا بالدۇرلۇق قىلىدۇ. سېنىڭمۇ باشقىلاردەك خۇشال كۈنلىرىڭ بولىدۇ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىسەن، ئۇ چاغدا ئاتاڭ قىلغان ئەخمەقلىقنى ھەرگىز قىلمايسەن. ئەھلى ـ مەھەللە، يار ـ بۇرادەرلىرىڭگە بەلكى نەسىھەت قىلىسەن. نادانلىقتىن توسىسەن» دېگەندەك قىلىۋاتاتتى.

رابىيە مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىرماش ـ چىرماش خىياللار بىلەن گاڭگىراپ تۇرغاندا، تاڭ قاراڭغۇسى سۈزۈلۈپ، سەل ـ پەل يورۇغاندەك قىلدى. قاياقتىندۇر بىر تەرەپتىن، يىراق ـ يىراق جايلاردا چىللاۋاتقان خورازنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى. قايسىبىر تەرەپتە تاشيولدا قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ

گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى پات ـ پات ئاڭلىنىپلا غايىب بولاتتى. رابىيە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ بېشىنى چىقىرىپ قاراپ باقتى. بۇ سۈبھى مەزگىلى بولۇپ، شەرق تەرەپ يورۇغانىدى. تاڭ شامىلى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، سۆۋادان يوپۇرماقلىرىنى يېنىك مىدىرلىتىپ، شىلدىرلاتماقتا ئىدى. ئورماندىكى رەڭگارەڭ ئۆسۈملۈك ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، كىشىنىڭ تەشنالىق بىلەن چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئالغۇسىنى كەلتۈرەتتى.

رابىيە ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقتى، ئۇنىڭ قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشقاچتەك قانات قېقىپ پەرۋاز قىلغۇسى كېلەتتى، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغا، ھەتتا ئادەمزات قەدىمى يەتمەيدىغان يەرلەرگە كەتكۈسى كېلەتتى. نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ يۇرتىغا قايتقىلى كىرا پۇلى تاپمەن، دەپ سېتىلىپ، بىر كېچە كۆرىدىغىنىنى كۆرگەن تۇرسا، نەگىمۇ بارالايتتى؟

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشى بىلەن سايراۋاتقان تورغاينىڭ «چۇ ـ چۇ»لىرى رابىيەنىڭ خىياللىرىنى بۇزۇپ، گويا ئۇيقۇدىن ئويغاتقاندەك سەگەكلەشتۈردى. ئۇ كەڭ ئورمانلارغا، مەغرۇرانە قەد كۆتۈرۈپ ئاسمان پەلەك لەيلىشىپ تۇرغان سۆۋادانلارغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. بارات موللىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. رابىيە ئۆيگە كىرىپ كۆردى، بارات موللا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، يامغۇردا قالغان ئوغلاقتەك تىترەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى كەپتەر تۇخۇمىدەك ئىششىپ، چىرايى سارغىيىپ، مۇشۇ ياتقىنىچە ئۆرە بولالماي، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. قانداقلا بولمىسۇن، رابىيە ئۇنىڭ كېچىدە ئۆلۈپ بەرمىگىنىگە شۈكۈر قىلدى: «ناۋادا، جىددىيلىشىپ ھوشىدىن كەتكەن چاغدا يۇرتكى توختاپ قالغان بولسا، قانداق قىلاتتى؟ نەق مەيداننى تېخىمۇ تىلغا ئالغىلى بولمايتتى. خەلقئالەم ئىچىدىچۇ؟ بارات موللامنى چاترىقىدا ئۆلتۈرۈپ قويغان چوكان ئاشۇكەن، دەپ كۇسۇرلاشقىلى تۇرسا، نېمىدېگەن سەتچىلىك، ئەۋلادتىن ـ

ئەۋلادقا چۆچەك بولۇپ كەتمەمدۇ؟ خۇدايا توۋا، نېمىدېگەن تەس ئىشتۇ بۇ، جېنىغا تۇشلۇق ئىش قىلسا بولماسمىدى. ئۇ ئەدىپىنى ئوبدان يېدى. مېنى بوزەك قىلىمەن دەپ ئۆزى بوزەك بولدى. ‹كۆزىدىن ئايرىسا، هاسىدىن ئايرىمىغان خۇدايىم› دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىردىنلا چولپان يادىغا كېلىپ، يول تەرەپكە قارىدى. بۇ چاغ تاڭ ئېتىپ ناماز ۋاقتى بولغانىدى، شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ ئورمان ئىچىدە غايىب بولغان كىچىككىنە هارۋا يولىدىن باشقا، ئورماننى بۆسۈپ ئۆتكۈدەك بىرەر ئىغىز كۆرۈنمەيتتى. رابىيەنى بولسا، جەنۇب تەرەپتىكى سازلىق بىلەن ئايلاندۇرۇپ، يېقىن كەلگەندە يول يوق جايلار بىلەن ئارىلاپ، ئاران تەستە ئەكەلگەنىدى. هازىر ئۇ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالماي، ئەتراپقا سەپسېلىپ، چولپان كەتكەن چاغدىكى هارۋا يولى تەرەپكە قاراپ: «خەپ توختاپتۇر مەككار! سەن مېنى ئالداپ ئىككى يۈز يۈەننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، تاسقالدىڭا مېنى قاتىل قىلىپ قويغىلى! سەنمۇ كېلەرسەن، ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام!» دەپ كۈتۈپ تۇردى.



## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# غەزەپ ۋە نەپرەت

رابىيەنىڭ چولپانغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ كۆچەيگەن بولۇپ، غەزىپى گويا لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان يانغىنغا ئوخشايتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈپ، تەقەززالانماقتا ئىدى. ئەگەر كەلگۈدەك بولسا، ئۇنى تىللاپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى ياكى پۇخادىن چىققۇچە ئۇرۇپ، قىلمىشىغا توۋا قىلدۇرۇشنى ئويلىماقتا ئىدى. ھارۋىكەشكىمۇ: «خەپ ئوغرى! ئەر كىشىنى تۇرۇپ بىر مەككار خوتۇنغا مەدىكار بولغۇچە ئۆلۈۋالساڭچۇ! دەپ، كەلگەندە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالمايدىغان بولسام» دەپ لەنەتلەر ياغدۇردى. ئاش ۋاقتى بىلەن ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدىن چاڭ - توزانلار توزىتىپ، ئابدۇللانىڭ ھارۋىسىدا چولپان چىقىپ كەلدى. بۈگۈن چولپان شۇنداق خۇشال ئىدىكى، مۇختار قاسساپ بىلەن دىلنارنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقى، دىلنار تاياقنى تويغۇچە يەپ، بوغچىمىسىنى قولتۇقلاپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقانلىقى، مۇختار قاسساپ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەزۈك، زەنجىرلەرنى سۇنۇپ تۇرۇپ: «قىزىم چولپان! بۇنى سىزگە ئېلىپ كەلدىم» دەپ كۈلۈپ خۇشامەت قىلىۋاتقانلىقى

خىيال ئىكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن كارامەت كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى . رابىيەنىڭ تالادا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ : «ھەي پۇل ، ئۇ شۇنداق قۇدرەتلىك نەرسىكى ، ئۇنىڭ بىلەن ھەممىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ ، تۈنۈگۈن كۆرۈشكەن چېغىمىزدا شۇنداق قەيسەر كۆرۈنەتتىڭ . پۇل ئۈچۈن قېرىپ ھالىدىن كېتىپ قالغان بىر بوۋاينى سەن قېرىكەنسەن دېمەستىن ، بىر كېچە كۈتتۈڭ . مەن ساڭا قانچە كۆپ پۇل بەرسەممۇ ئەرزىيدۇ ، چۈنكى مېنىڭ كۈتكەنلىرىم سەن ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرىدۇ . ئەمدى دۈشمەنلىرىمنى ۋەيران قىلىمەن . بايلىق توپلىيالايمەن ، ئېرىمنى ، ئاتىسىنى ، ھەممىسىنى سۆزۈمدىن چىقماس قىلىپ سېھىرلىۋېتىمەن . خۇددى چۆچەكلەردىكى جادۇگەرلەردەك » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى .

ئالىجەدە كېچىسى ئوبدان ئارام ئېلىپ ، قورساقتىمۇ بوغۇزنى تويغۇچە يەۋالغانىدى . كۈن تېخى ئەتىگەن ، كۆپ يول يۈرمىگەچكە ، ئابدۇللا قامچا سالمىسىمۇ ، چولپاننىڭ خۇشاللىقىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك ، ئۆزلۈكىدىن يېنىك قەدەم ئېلىپ چاپما يورغىسىدا شامالدەك كېلىۋاتاتتى . ھارۋا بارات موللىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ، تېخى توختىمىغانىدى . رابىيە چولپاننى كۆرۈپ ، غەزەپتىن ئۆزىنى باسالمىدى ـ دە :

— ۋۇ قارانىيەت جالاپ ! سەن مېنى ئالداپ بۇ قېرى جوھۇتنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپ ، ئۆزۈڭ نەدە ئويناپ كەلدىڭ ؟ كېچىدىن مېنى قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى ، مەندەك مۇساپىرنى بوزەك قىلىپ ، ئاشۇنداق بۆرىكى چىرىپ ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان قېرى ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگۈچە ، خۇشتار بولغاندىكىن ئۆزۈڭ ياتساڭ بولمامدۇ ! مېنى قاتىل قىلىپ «ئۆلسۇن » دېگەنمىدىڭ ؟ ئالە پۇلۇڭنى ! — دەپ ئىككى يۈز يۈەننى ئېلىپ چولپاننىڭ يۈزىگە ئاتتى ، ئاندىن ئىككى ئالىقىنى بىلەن

يۈزىنى تۇسۇپ تۇرۇپ ، خۇددى ھازىدارلاردەك ئۈن سېلىپ بىر ھازا يىغلىدى . ئاندىن كېيىن ئابدۇللاغا قاراپ :

— ھەي ھەزىلەك ! ئۆزۈڭ راۋۇرۇس بىر ئەر تۇرۇپ ، مۇشۇنداق بۇزۇقتا مالاي بولۇپ دەللاللىق قىلىپ يۈرگىچە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ ؟ ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ ، بىر ئېغىز تىنىپمۇ قويمايسىنا ! قەيېرىڭ ئادەم ، قەيېرىڭ ئەر بولسۇن سېنىڭ ، ۋۇ غۇرۇرسىز ئاتا بىزار خۇمسى ! كىرىپ قاراپ باققىنا ئۇ ئوغرىغا ، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق قاپاقلىرى تۇخۇمدەك ئىششىپ ، كۆزلىرىدە چاپاق قايناپ ، ئىككى مۈك بولۇپ ياتقىنىنى كۆردۇڭمۇ ! كېچىچە ئۆلۈكنى سېتىپ ، مېنى قاتىل قىلىپ قويغىلى تاس قالدى ، — دەپ تىللىغىلى تۇردى .

— تىللىۋالغىن سىڭلىم ، پۇخادىن چىققۇچە تىللىۋال ، — دېدى ئابدۇللا ، — سەن تىللاشقا ، ھەتتا ئۇرۇشقا ھەقلىق ، بېشىڭغا كۈن چۈشمىگەن بولسا ، ئىككى يۈز ئەمەس ، ئىككى مىڭ يۈەنگىمۇ نومۇسىڭنى ساتمايدىغانلىقىڭنى باشقىلار ماڭغان يولغا ماڭماي ، پەقەت قورساق تويغانغىلا رازى بولۇپ ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭدىن بىلگەنىدىم . مەن بولسام يولدىن ئازغان پېقىر كىشىمەن . بىر كوي ئۈچۈن نە ـ نەلەرگە قاتنايمەن ، گاھى كۈنلىرى ئاچمۇ قالىمەن . كىراكەش دېگەن شۇنداق بولىدىكەن . ئەپۇ قىل سىڭلىم ، ئەپۇ قىل . كۈنلەردىن بىر كۈنى ياردىمىم تېگىپ ، گۇناھىمنى يۇيىدىغان كۈنلەر يېتىپ كەلسىمۇ ئەجەب ئەمەس . مەن كىرىپ ھېلىقى سېھىرگەر موللامىنى كۆرۈپ باقاي ، — دەپ ئۆيگە ماڭدى .

ئابدۇللانىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئىدى . رابىيە ئابدۇللانىڭ چىن سۆزلىرىنى چۈشەندى بولغاي ، تىللاشنى توختىتىپ ، چولپانغا بولغان ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇردى :

— بىلىپ قويغىنكى ، بۈگۈن باردىغان يەرگە بېرىپ ، سەن نېمىلەرنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايمايدىغان بولسام ، رابىيە دېگەن

ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن ، — دەپ ھەيۋە قىلدى . ئۇنىڭ ئەپتىدىن ھۆكۈمەت ئالدىغا بارمايدۇ ، دېگىلى بولمايتتى . ئەگەر بارىدىغانلا بولسا ، بارات موللىنىڭ قىلمىشلىرى پاش بولۇپ ، چولپاننىڭ يامان نىيەتلىرى ئاشكارىلىناتتى . ئۇ چاغدا ، چولپاننىڭ ئەنۋەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشى ناتايىن ئىدى . خەلقئالەمنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ ، كۆڭۈللۈك كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ ، ۋەيرانىلىققا يۈزلىنەتتى . شۇڭا چولپان رابىيەنىڭ غەزىپىدىن قورقتى . سەت تىللار بىلەن تىللىسىمۇ سۆز قايتۇرمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆكۈلىسى رابىيەنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى . ئۇ تاشلىۋەتكەن ئىككى يۈز يۈەنگە يەنە ئىككى يۈز يۈەننى قوشۇپ ، رابىيەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ :

— ئوبدان سىڭلىم ! ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ، ھەر ئىش بولسا رەنجىمەڭ ، ئالدىرىماي سۆزلىشەيلى ، — دەپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى .

ئابدۇللا «نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇر ؟» دەپ ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كۆردىكى ، بارات موللا ئاچچىق - ئاچچىق ئىڭراپ :

— ۋايىيەي ! ۋايجان ! ۋاي بېلىم ! ۋاي پۇتۇم ! ۋاي تىزىم ! — دەپ بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا ئۆرۈلۈپ ، گاھى تۈگۈلۈپ ، گاھى سوزۇلۇپ زارلانغىلى تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاغرىقلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

ئابدۇللا ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپ ، يېقىن بېرىپ ئولتۇرۇپ :

— ۋاي موللام ، ۋاي موللام ! دېمىدىممۇ ، قېرىغاندا ياشلىق تەلەپ قىلىش ئۆزىنى ھالاك قىلىش ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ ؟ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قاپلا ، قارىغاندا بۆرەكلىرى كاردىن چىقىپ ، ئىشلىرى تۈگىگەندەك قىلىدۇ . ئەپتىلىرىدىن قارىغاندا ، سىيدۇرەلمىگەن ئوخشايلا . بۇنىڭدىن كېيىن ، پال كىتابلىرىنىڭ «زىناخورنىڭ سۈيدۈكى بولمىسا ،

ئايەت كەسمەيدۇ » دېگەن ۋارقىنى يېرتىۋەتسىلە . نەچچە ۋاقىتتىنغۇ زىناخورنىڭ بىرىگە ئۆزلىرى يارايتتىلە . ئەمدى تۇگىشىپلا ، كوچىغا چىقىپ كىشىلەرگە : «سىلەر زىنا قىلىپ بېرىڭلار ، مەن قاراپ تۇرۇپ سۈيدۇكىڭلارنى ئىلىۋالاي » دېسىلە ، موللا ئادەمگە سەت تۇرىدۇ . ئۇششاق بالىلار ئاڭلىسا ، چالما ـ كېسەك ئاستىدا قالمىسىلا يەنە ، — دەپ چاقچاق قىلدى . ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆتكۈر كىنايە ئىدى .

بارات موللا ناھايىتى تەسلىكتە ، جاۋابەن سەل ـ پەل كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى . ئەمما ئۇنىڭ دەردى خېلى بار ئىدى . تەستە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ :

— ھەي ئۇكام ، نېمىنى دەيسىز . سىلەر ئېلىپ كەلگەن بۇ رابىيەنىڭ ئەركەك جىنى بار نېمىكەن . يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا چاپلاشقىنى مەكىلاتلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئىكەن . ئۇنى كۆندۈرۈشكە كۆپ ئەجرىم كەتتى . ھېرىپ قالغاندا راسا كۈچەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ مەكىلاتلىرىنى ھەيدىۋېتىمەن دەپ تۇرسام ، ھېلىقى جىنىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مېنى تالىۋەتتى ئەمەسمۇ ! شۇڭا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم ، — دەپ ئابدۇللانى ئىشەندۈرمەكچى بولدى . ئابدۇللا بولسا ئىشنىڭ تېگىگە ئاللىقاچان يېتىپ بولغانىدى . بارات موللىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئابدۇللانىڭ مازاق قىلغۇسى كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭغا :

— موللام ! سىلىنى تالىۋەتكەن جىنىنىڭ چىشى يوق ئوخشىمامدۇ ؟ ئەگەر ئۇ كوماك بولمىغان بولسا ، چىشلىگەن يېرىنى ئۇزۇۋالغان بولاتتى . ئاڭلىشىمچە ، چىشى يوقلىرى ناھايىتى يامان كەلگۈدەك ، دىۋىنىمۇ قورقىتارمىش . ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ، ئېھتىمال سېمىز جىنغا ئۇچراپ قالغان بولسىلا كېرەك . ئۆزلىرى قېرىپ ئاجىزلاپ قالغاندا ئۇنى يېغىمەن دەپ يىغالماي ، كۈچلىرى يەتمىگەنچە جېدەللىشىپ يۈرۈپ ھوشلىرىدىن كەتكەن ئوخشايلا ، مەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە يىغىن كۆرىمەن ، قانداق ؟ — دەپ

سورىغانىدى :

— راست ، راست يىغىن كۆرىدىكەنسىز ، — دېدى بارات موللا كۈلۈپ تۇرۇپ .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئابدۇللا ، — بۇنىڭدىن كېيىن «يىغىن» يىغقىلىرى كەلسە ، ئورۇقراقلىرىغا ئېسىلىڭلار . ئاڭلىشىمچە ، هازىرقى جىنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «موللامغا جاپا سېلىپ ، رايىنى ياندۇرۇپ كىشىنىڭ كارى بولماس بولۇپ قالمايلى» دەپ ، ياغ - گۆشتىن ئۆزىنى تارتىپ ، ئاش - تائامنى ئاز يەپ ، سانا ئىچىپ ، هاجەتخانىغا ئۆلگۈرەلمەي هويلىنى رەسۋا قىلىپ يۈرۈيمىش . بۇنىڭدەك جىنلار جورىلىرىنى ئالداپ «مەن ئاغرىق» دەپ ، كۆرمەس چاغدا رېستوران ، قاۋاقخانىلاردىن كارىۋات سېتىۋېلىپ سىلىگە ئوخشاش «يىغىن» يىغقۇچىلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىپ يۈرگۈدەك . بۇنىڭدىن كېيىن مەكىلاتلارنى يىغىدىغان «دىۋىنامە»لىرىنى ئوقۇغاندا ، چاقىرىق مەزمۇننى ئېنىقراق قىلىپ :

كۈمۈش قاشلىقلار ،
سۈمبۈل چاچلىقلار ،
گۆھەر ئېغىزلىقلار ،
......................

دېگەنلەرنىڭ ئورنىغا :

سۈنئىي قاشلىقلار ،
پاخپاق باشلىقلار ،
رەڭدار چاچلىقلار ،
.....................

دەپ ئوقۇسلا .

گۆھەر ئېغىزلىقلار ،
شەمشىرا كۆزلۈكلەر ،
تاغدىن ـ تاغقا ئۇچقۇچىلار ،
بۇلۇتلارغا مىنگۈچىلەر ،
........................

دەپ ئوقۇلىدىغان تېكىستلەرنىڭ ئورنىغا :

نەسىھەتتىن قاچقۇچىلار ،
قاۋاقخانىلارغا چاپقۇچىلار .
قېرىكەن ـ ياشكەن دېمەستىن ،
خىلۋەتلەردە ياتقۇچىلار .
ياشلارغا ئېغىر كەلمەڭلار ،
قېرىغا جاپا سالماڭلار .
كۆچى يەتمىگۈدەك بولسا ،
ئىشنى ئۆزۈڭلار باشلاڭلار .
.........................

دەپ ئوقۇيدىغان بولسىلا ، ئۇ چاغدا جىنلار پات پۇرسەتتە يىغىلىپ كېلىپ ، كۈچلىرى يەتمىگۈدەك بولسا ، ئەپسۇنلىرىنىڭ كارامىتى بىلەن ئىشنى ئۆزلىرى قىلىۋېتىپ كېتىۋېرىدۇ . بۇگۈنكىدەك ئاۋارىچىلىككە قالمايلا ، قانداق ، بۇ تېكىستلەر بولامدىكەن ؟

بارات موللا ئابدۇللانىڭ كىنايە چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ خېلى جانلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— بولىدىكەن ، بولىدىكەن ، راسا بولىدىكەن ، ئالىم ئىكەنسىز ئەمەسمۇ ! قالتىس قاملاشتۇرۇۋەتتىڭىز . يەنە بىر قېتىم دەڭا !

مەن ئۆگىنىۋالاي ، — دەپ كۈلۈپ تۇرغاندا ، چولپان بىلەن رابىيە كىرىپ كەلدى . بۇ چاغدا ئابدۇللانىڭ چاقچىقى بىلەن بارات موللىنىڭ ئاغرىقتىن پۈرۈلگەن چىرايلىرى بىرئاز ئېچىلىپ قالغان بولسىمۇ ، هالى يەنىلا خاراب ئىدى . چولپان بارات موللىنىڭ هالىنى كۆرۈپ ئىشىنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ ، هېلىمۇ ئۆلۈپ كېتىپ چاتاق تېپىپ بەرمىگىنىگە شۈكۈر قىلدى . چۈنكى ، چولپان مۇشۇنداق ئىشلار توغرىسىدا نۇرغۇن پاراڭلارنى ئاڭلىغانىدى ، تېخى يېقىندىلا پۇلدار بايلاردىن بىرى يوتقان كېسىلىگە دۇچار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر شەهەرگە پۇر بولۇپ كەتكەنىدى .

بارات موللا چولپاننى كۆرۈپ ، تاتارغان هالدا ئولتۇرغان يېرىدە شۇ پېتى ئولتۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ بۇنىڭدەك هالغا چۈشۈپ قېلىشى ، چولپاننى كۆرۈپ خىجىل بولغانلىقتىنمۇ ياكى ماغدۇرسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقتىنمۇ ۋە ياكى رابىيەگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن ئۇيالغانلىقتىنمۇ ، بىلگىلى بولمايتتى . ئىشقىلىپ ، رابىيەگە قىلغان ئەسكىلىكلىرى بارات موللىنىڭ تۇنجى قېتىملىقى ئەمەس ئىدى . تۇرلۇك ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇنلىغان ئېتىقادمەن نادان خوتۇن ـ قىزلارنى ئالداپ ، ئۇلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىپ كەلگەنىدى . لېكىن ، بۇ قېتىمقىدەك هوشىدىن كېتىپ جان تالىشىپ قالمىغانىدى .

چولپان :

— ئەسسالام ! موللام ، بويلىرى بىتاپ بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ — دەپ قەستەن سورىغانىدى :

— هېچقىسى يوق ، ئىشىنىڭ ئاسىنى نەدە ! سىز شۇنچە يىراقتىن كەلسىڭىز رازى قىلمىسام بولامدۇ ! سېهىرخانا دېگەن تىنچ ئەمەس ، مەكىلاتلار بىلەن ئېلىشىپ تۇرىدىغان ئىش پات ـ پات بولۇپ تۇرىدۇ . سىزنى دەپ ئازراق ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدىم ، ئەمما كۆڭلۈمگە كەلمىدى . بىرئاز چارچاپ قالدىم . شۇڭا ،

مىجەزىم يوقراق تۇرىدۇ. قېنىي ئولتۇرۇڭ، — دەپ بولۇپ رابىيەگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن ھۆرپىيىپ يۈرگىنىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالادا چولپاننى سەت گەپلەر بىلەن تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئادەم بار جايدا بىرنېمە دەپ قالمىسۇن، دەپ ئەندىشە قىلىپ ئۇنىڭغا قارىغانىدى. رابىيە:

— بارات موللام راست دېدى. بۇ موللامدىن مەكىلاتلار قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، كېچىدىن مەكىلاتلار ئىككى پۇتۇمغا چاپلىشىۋالغان چېغىكەن، شۇ مەكىلاتلارنى باش ئەگدۈرەلمەي، جېنىدىن ئايرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. قاچاندۇر بىر كۈنى مۇشۇ ئىش بىلەن جان بېرىپ، ئۆلۈكىنى تۇلكە يەپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم، — دېگەنىدى، بارات موللا رابىيەنىڭ تەنە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇپ قالدى. كۆڭلىدە: «بۇنىڭ دېگەنلىرىنى ھارۋىكەش بىلسىغۇ كارى چاغلىق، ئۇ دېگەن ئەر كىشى. چولپان بىلىپ قالغانمىدۇ؟» دەپ خاتىرجەمسىزلەنمەكتە ئىدى. ئۇ گەپنىڭ ئايىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سۆزنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.



## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئەپسۇنلانغان مۆجىزە

بارات موللا ئىنجىقلاپ يېتىۋەرسە، ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملىدى. چۈنكى، ئابدۇللانىڭ چاقچاق سۈپىتىدە دېگەن سۆزلىرى بىلەن رابىيەنىڭ تەنلىرى ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بارات موللىنىڭ بىر كىچىكلىك، بەلكى پۈتۈن ئۆتمۈشلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا تۈمەن مىڭ نەپرەتلەر بىلەن ئوت ئېچىۋاتقانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بارات موللا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەن بولۇۋېلىپ ئاسان قۇتۇلماقچى بولغانىدى، ئەمما گەپ ئاخىرلاشمىدى. شۇڭا، گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، چولپانغا:

— ئەپسۇنلانغان مۆجىزىلەر پۈتتى. ھازىردىن باشلاپ ئەتتە كۈن ئىچىدە تۈتۈش قىلمىساڭلار بولمايدۇ، — دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويغان چولپان تەييارلاپ بەرگەن تۈكلەر بىلەن قىچىنى لاتىغا تۈگۈكلۈك پىتى ئەكېلىپ:

— چولپان خانىم، بۇ ئىشتا سىر ساقلىمىسا بولمايدۇ، ئىككىمىز يالغۇز قالساق قانداق؟ — دېگەنىدى، ئابدۇللا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

— يۈرۈك سىڭلىم، بىز سىرتقا چىقىپ تۇرايلى، — دەپ

چىقىپ كەتتى . بارات موللا ئاندىن قولىدىكى تۇگۇچنى چولپانغا سۇنغانىدى ، چولپان گويا رىۋايەتلەردىكى سولايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرىگە ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قوللاپ :

— ھەشقاللا ! — دەپ ياغلىققا تۇگدى . بارات موللا يەنە ئېسىقلىق چاپاننىڭ يانچۇقىدىن بارماقتەك ئىككى قۇتىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— بۇ ، زىنادىن كېيىنلا سىيگەن سۇيدۇك ، — دەپ سۇندى .

چولپان ئۇنىمۇ ئېلىپ يەم بىلەن ياغلىققا تۈگدى ، بارات موللا ئەپسۇنلاپ بەرگەن تۇگۇچتىكى مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۈكى ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكى ، قىچا ئۇرۇقى ۋە زىناخورنىڭ سۇيدۇكى دېگەن نەرسىلەر چولپان ئۈچۈن مۇقەددەس ئىدى . «ئۇنىڭ بىلەن نېمىنى خالىسام ، شۇنى قىلالايمەن . بۇنىڭغا جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ئىبارەت مەكىلاتلار بەند قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلار مۇرادىمنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دەپ ئىشىنەتتى . ئۆزىنى بارغانسېرى ئېگىزلەپ ، گەۋدىلىرى يوغىناۋاتقاندەك ، بىلەكلىرى كۈچلىنىپ ، تۇتقانلا نەرسىنى پارچىلاپ تاشلايدىغاندەك ، دۇنيادا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك ، مۇشۇنداق كۈچ ـ قۇدرىتىنى قويغىلى جاي ، ئىشلەتكىلى ئورۇن تاپالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ، يۈرەكلىرى يوغىناپ ، ھەتتا : «كىم ماڭا تاقابىل كېلەلەيدۇ !» دەپ توۋلىغۇسى كېلەتتى . شۇ ۋەجدىن ، موللا بەرگەن نەرسىلەرنى سومكىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئېلىپ ، ئۇياق ـ بۇياققا ئايلاندۇرۇپ راسا سىنچىلاپ قاراپ بېقىپ ، تۇرۇپلا بىراۋ كېلىپ قولىدىن تارتىۋالىدىغاندەك ئىتتىككىلا سومكىسىغا سېلىۋالدى .

— سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ خانىم ، — دېدى بارات موللا ، — مەن بەرگەن بۇ مۆجىزىلەرنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلغايسىز . قىچا ئۇرۇقىنى تاڭ سەھەردە بېرىپ ، رەقىبىڭىزنىڭ ھويلىسى ۋە بوسۇغىسىغا چېچىۋېتىڭ . مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۈكى

بىلەن ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكى ئەسلىدە ئۆتەر يولغا كۆمۈلەتتى. تېزرەك كۈچىنى كۆرەي دېسىڭىز، بوسۇغا ئاستىغا كۆمۈڭ. زىنا سۈيدۈكىنى، يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمەنكى، بۇ ھەممىدىن مۇھىم ئىش، قېيناتىڭىز بىلەن قېيىنانىڭىزنىڭ ئاستىغا سېلىپ ياتىدىغان كۆرپىسى بىلەن يېنىدىكى يوتقىنىغىلا چاچىسىز. بۇنى ئوبدان پەرق ئېتىۋېلىڭ. مەن دېگەندەك قىلالمىسىڭىز ئىشىڭىز ئەپلەشمەي قالسا، مەندىن كۆرمەي ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ.

بارات موللا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىيىنراق شەرتلەرنى قويۇشقا تىرىشۋاتاتتى. چۈنكى، بىرەر ئىشنى دېگەندەك قىلالمىسا، كېيىن سىزنىڭ قىلغان ئەپسۇنىڭىز كەسمىدى، دەپ كېلىپ قالغۇدەك بولسىمۇ جاۋاب بەرمەك ئاسانراق بولاتتى.

بارات موللىنىڭ ئۆيىدە بولسا، ئۇنىڭدەك تەييارلاپ قويغان تۈگۈچلەر خېلى كۆپ ئىدى. چولپانغا بەرگىنىمۇ ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، بارات موللا تاكى يېرىم كېچىگىچە رابىيە بىلەن جېدەللىشىپ يۈرۈپ ھوشىدىن كېتىپ، تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلەلمەي بەزگەكتەك تىترەپ ئولتۇرسا، نەدە يۈرۈپ ئەپسۇن ئوقۇپ، قانداق قىلىپ زىنا سۈيدۈكى تەييارلىيالىسۇن!

چولپان بولسا، بۇ جەھەتنى ئويلاپمۇ قويمىدى. كېچىدە بارات موللا بىلەن رابىيە ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىلگۈسى كەلدىيۇ، ئەمما رابىيەدىن سوراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشىدىن قورقتى. ئەگەر جۈرئەت قىلغاندىمۇ، «زىنا قىلالىدىڭلارمۇ؟ ئۇنى تاماملاپ بولغاندا سىيىپ بەردىڭىزمۇ؟» دەپ قانداقمۇ سورىغىلى بولسۇن! بارات موللىدىن تېخىمۇ سورىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭغا ئالدىنىپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، قىلغان سېھىرلىرى كارغا كەلمەي ئارماندا يۈرگەن نادانلار سوراشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەن بۇنىڭدەك سوئاللارنى چولپانمۇ سوريالمايتتى. ئەگەر سورىغاندىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھىيلە ـ مىكىر بىلەن جاۋاب بېرىپ ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشى

ئېنىق ئىدى .

بارات موللىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى تولا ، بۇ ھەقتە كۆپ تەجرىبىلىك ئىدى . كەلگەن ھاجەتمەنلەردىن تۇزۇكرەك ئاياللارنى كۆرسە گاھىدا بىر ـ ئىككى ھەپتىمۇ تۇتۇپ قالاتتى ، گەرچە ئۇ قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆگىنىپ كەتكەن خۇيىنى تاشلىيالمىدى . يىلدىن ـ يىلغا ئاجىزلىغانسېرى ئاياللارنىڭ سېمىزرەكىگە يولۇقۇپ قالغاندا كۆچى يەتمەي تۇنجۇقۇپ قېلىپ ، ھوشىدىن كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇ نۆۋەت بولسا ، ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن يېنىپ كەلدى دېسىمۇ بولاتتى .

چولپان بارات موللىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ ، بارات موللا بىلەن شۇ يەردىلا خوشلىشىپ ، يولغا چىقتى . ئالىجەدە بولسا ، كاتاڭلىق يولدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ يۈكىمۇ رابىيە قوشۇلۇپ ئاۋۋالقىدىن ئېغىرلاشقانىدى . ئېتى ئاستىراق مېڭىپ قالسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان ئابدۇللا ئاتقىمۇ قامچا سالماي ، ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا يول قويۇپ خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . «توۋا ، قارىمامدىغان بۇ ئەخمەقلىقنى» دەپ ئويلايتتى ئابدۇللا ، «بارات موللا ئاشۇنداق سېھىرگەر ، ئۆچ ئادەمنى ئامراق قىلغۇچى ، ئامراق ئادەملەرنى ئۆچ قىلغۇچى كارامەت ئىگىسى بولغان بولسا ، نېمە ئۈچۈن چىرايلىق بىرەر نازىنىننى ئۆزىگە ئامراق قىلىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ياشىمايدۇ ؟ ۋە يەنە بىر ئەپسۇن بىلەنلا تۈچنى ئالتۇنغا ئۆزگەرتەلەيدىغان ، ئايەت بىلەن باشقىلارغا نىجاتلىق يارىتىپ بېرەلەيدىغان كارامىتى بار بولغان بولسا ، ئۆزى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ ، ئېغىلدەك كىچىككىنە كەپىدە تاپقاندا يەپ ، تاپالمىغاندا ئاچ قورساق ئولتۇرۇپ ، ئەسكى داپنى تاراڭشىتىپ ئىتتىنىڭ ئورنىدا كۈن كەچۈرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ جەھەتلىرىنى ئويلىمايدىغاندۇ ؟ ئۆتمۈشتىكى خۇراپىي جەمئىيەتتە بولسىغۇ كارى چاغلىقتى . ھازىرقى ھەممە مىللەتلەر پەنگە يۈرۈش قىلىپ ئۆزلىرىگە پاراغەت ، بەخت ـ

سائادەت يارىتىۋاتقان بىر دەۋردە ، بۇ كىشىلەر يەنىلا نەچچە يۈز يىللاردىن بۇرۇنقى سەۋىيىدە تۇرۇپ ئەخمەقلىق قىلىپ يۈرسە ، بىز قانداقمۇ تەرەققىي قىلىپ ، كىشىلەر كۆزگە ئىلغۇدەك دەرىجىگە يېتەرمىز ؟ چولپان بولمىسۇن ، يەنەبىرسى بولمىسۇن ، بۇلارنىغۇ چالا ساۋات نادانلار دەيلى ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن دوختۇر ، مۇئەللىم ، كادىر دېگەندەكلەردىنمۇ نەچچىنى ھارۋامغا چىقىرىپ بارات موللىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇمغۇ ! بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك » .

— ئابلاجان ئۇخلاۋاتامسىز ؟ — دەپ سورىدى چولپان . ئابدۇللا جاۋاب بېرىپ :

— ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويلاۋاتىمەن ، ئەللىك يىلدىن بۇيان ئويغانسىمۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ، نادانلىق قاراڭغۇسىدىن ئۇمىد ئۈزەلمەيۋاتقانلارنى ئويلاۋاتىمەن ، — دەپ جىم بولدى .

ئابدۇللانىڭ مەنىلىك سۆزلىرىنى چولپان چۈشەندىمۇ ياكى چۈشەنمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى . ئىشقىلىپ ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى .

— ئابلاجان ! — دېدى چولپان ، — كۆپ جاپا تارتتىڭىز ، بەلەن خىزمەت قىلدىڭىز ، مەن تولىمۇ خۇشال ، سىزمۇ خۇشال بولسىڭىز كېرەك ، بىر سۆزۈم بار ئىدى ، دېسەم ئۇنامسىز ؟

— قېنى دەڭ ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى ئابدۇللا .

— غەيرىي ئەرلەرگە ئارىلاشماي يۈرۈپ ، كۆنۈم ئۆتۈپ كېتىپتىكەن . سىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ خېلى كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى . يەنە ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز . سىزنىڭ بەزى چاقچاقلىرىڭىز ، بولۇپمۇ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى يۇلىمەن دەپ جامائەتنىڭ كۆلكىسىگە قالغانلىقىڭىزنى ئويلىسام ، گاھىدا ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتىمەن . بۈگۈن ئايرىلىش كۈنى ، غەزەلدىن بىرنى ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق ؟

— غەزەلنى ياخشى ئېيتالمايمەن ، شۇنداقتىمۇ ئۈچىمىز ئايرىلىپ ئۈچ تەرەپكە كېتىدىكەنمىز ، بوپتۇ ئېيتىپ بەرسەم ،

بېرەي ، — دېگىنىچە ئۆزى بىلگەن بىر غەزەلگە توۋلىدى .
ئابدۇللا غەزەلنى توختىتىپ :
— قانداق ، چولپان خانىم ئەمدىغۇ بولغاندۇ ؟ — دېدى .
چولپان :
— بەك ياخشى ئېيتتىڭىز ، بەلەن ئېيتتىڭىز . يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭ ، — دەپ تەلەپ قىلغانىدى ، ئابدۇللا :
— بولدى قىلايلى ، شەھەرگە يېقىنلاپ قالدۇق ، — دېدى . چولپان ئابدۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، رابىيەدىن سورىدى :
— رابىيە سىزنى نەگە ئاپىرىپ قويىمىز ؟
— بىلمەيمەن ، — دېدى رابىيە ، غەمكىن ھالدا . چولپان يەنە سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپ :
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز ؟ — دېدى .
— يۇرتۇمغا كېتىمەن .
— قاچان ؟
— ئەتىلا يولغا چىقىمەن .
— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئابدۇللا ، — بۇگۈن شەھەردە تېنەپ يۇرمەڭ . بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى ، ئايالىم بىلەن مۇڭدىشىپ يېتىڭلار ، ئەتە ئەتىگەندە بىكەتكە ئۆزۈم ئاپىرىپ يولغا سېلىپ قوياي .
شۇنداق قىلىپ ، رابىيە ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە قونىدىغان بولدى . ئابدۇللا ھارۋىسىنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭ بويىدىكى قاراماي يول بىلەن ھەيدەپ ، سەنەمباغ تەرەپكە يۇردى . بۇگۈن ھاۋا بىر ئاز سالقىن ھەم بۇلۇتلۇق بولۇپ ، يېنىك شامال چىقىۋاتاتتى . شەھەر ئىچى تەرەپتىن سامسىپەزلەرنىڭ «ياغ يەپ كەت ! ياغ يەپ كەت !» دېگەن ئاۋازلىرى ، يەنە قانداقتۇر ئۇقۇمسىز ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار ئاڭلىناتتى . سەنەمباغ مەھەللىسى بولسا ، يەنىلا جىمجىتلىق ، ئادەمسىز بولۇپ ، چۆلدەرەپ تۇراتتى . ئابدۇللا ھارۋىنى ھەيدەپ سەنەمباغ كوچىسىنىڭ ئىچىگە

كىرمەستىن، چولپان تۆنجى قېتىم هارۋىغا چىققان سۆۋادانىنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاتتى. چولپان هارۋىدىن چۈشۈپ، قولىنى قوينىغا تىقىپ لىپتىكى ئاستىدىن پۇل ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يۈەننى ئايرىپ ئابدۇللاغا سۇندى:

— رەھمەت سىزگە، كۆپ ياردەم قىلدىڭىز. ئىش تېخى پۈتكىنى يوق. لازىم بولغاندا يەنە ئىزدەيمەن. چوڭ كۆۋرۈك تەرەپكە پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ، — دېگىنىچە خوشلىشىپ، ئۆيى تەرەپكە بارىدىغان تار كوچىغا يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇللا رابىيە بىلەن چوڭ كۆۋرۈككە بېرىپ تاماق يەپ، ئاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەتمەكچى بولۇشۇپ، چوڭ كۆۋرۈك تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.



# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ئۈچرىشىش

سەنەمباغ ئولتۇراق رايونى بىلەن شەھەر مەركىزىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭ ئۆستەڭگە سېلىنغان بېتون كۆۋرۈكمۇ چوڭ كۆۋرۈك دەپ ئاتىلاتتى . كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى قىرىق مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ ، ئىككى تەرەپتىكى بالداقلىرىغا چاپلاپ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق ياسالغانىدى . كۆۋرۈك ئېغىزلىرىدا گازىرچى ، باققال ، موخوركىچى دېگەندەك ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئورۇنلاشقان بولۇپ ، پېنسىيىگە چىققانلار ، ئىشسىزلار ، بىكار تەلەپلەر كۆۋرۈكنىڭ بالداقلىرىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەتىگەندىن - كەچكىچە گاھىدا تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ، گاھىدا ئۆتكەنلەرگە قاراپ تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ ، قورساقلىرى ئاچقاندا كېتىپ قېلىشاتتى . كۆۋرۈك ئەتراپى ناھايىتى كۆجۈم بولۇپ ، ئاشپۇزۇل ، ناۋايخانا ، كاۋاپخانا ، كىنوخانا ، قاتناش بېكىتى ، كۆكتات بازىرى ، كىيىم تىكىش دۇكانلىرى ، قاسساپ بازىرى دېگەندەك ھەر خىل تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلاشقانىدى . ئويۇن - تاماشا ئىزدىگۈچىلەر ، خېرىدارلار مۇشۇ جايغا توپلىشىپ قالاتتى .

ئابدۇللا رابىيەگە سەنەمباغ چوڭ كۆۋرۈك بازىرىنى

كۆرسەتكەچ ، مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئات ھارۋىسىنى يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئىستولبىغا باغلاپ قويۇپ ، كىچىك بىر لەڭمەنخانىغا كىرىپ تېخى ئورۇن ئېلىپ بولغۇچە ، بوغداي ئۆڭ ، يالاڭباش ، چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ ، رەتلىك كىيىنىۋالغان ئېگىز رەك بىر يىگىت ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— رابىيە ! — دەپ چاقىردى . رابىيەمۇ :

— توختى ! — دېگىنىچە ئالدىغا بېرىپ ، — قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز ؟ مەنمۇ ئەتە يولغا چىقاي دەپ تۇرۇۋىدىم ، — دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى . توختىنىڭ قېشىدا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ، ئاق يۈزلۈك ، كىچىككىنە بۇرۇت ، بېشىغا چاچ قويۇۋالغان بىر يىگىت تۇراتتى . توختى تونۇشتۇرۇپ :

— بۇ بىزنىڭ كەنتنىڭ كەنت كومىتېتى ھەيئىتى . قوشنا يېزىلىق ، سىز كېتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن بىزنىڭ كەنتكە كۆچۈپ كەلگەنىدى . ھەمراھ بولغىن دەپ بىرگە ئالغاچ كەلدىم . ھە ، راست ئىسمىنى دېمەپتىمەن . ئىسمى سادىق ، تېخى بويتاق . ئانىسى بىلەن تۇرىدۇ . قېنى ئولتۇرۇڭلار ، — دەپ ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى .

رابىيە :

— مەنمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي ، — دەپ ئابدۇللانى كۆرسەتتى ، — بۇ ئاكىمىزنىڭ ئىسمى ئابلاجان بولىدۇ . كىراكەشلىك قىلىدۇ . ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ تونۇشۇپ قالدىم . كەمبەغەل بولسىمۇ ، ئاق كۆڭۈل كىشى ، مېنى يولغا سېلىپ قويماقچى بولغانىدى . توختى سۇنجاڭ ، مەن بالىلىق دەۋرىمىزدىكىدەك توختى دەپ ئاتاۋېرىپتىمەن . كۆڭلىڭىزگە كەلتۈرمەڭ . قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

— سىزنى ئىزدەپ كەلدۇق ، — دېدى توختى ، — سىز كەتكەندىن كېيىن ئانام سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ يىغلاپ ، «قاراپ تۇرۇپ بىر قىز بالىنى شۇنچە دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ كەلسە ، باشقا يۇرتقا يولغا سېلىپ قويدۇق . سەن بېرىپ تېپىپ

كەل » دەپ تۇرۇۋالدى . سىز كەتكەندىن كېيىن قايغۇڭىزدا قولۇم ئىشقا بارماي ، كۆندە دېگۇدەك مەست ئادەمدەك گاراڭ بولۇپ يۈردۈم . بۈنى كۆرۈپ ئايگۈل : «ئاناڭ بىلەن ئىككىڭنىڭ گېپى بىر كەن . مەقسىتىڭ رابىيەنى ئەكېلىش ئىكەن . مېنىڭ خېتىمنى بەر » دەپ يامانلاپ كېتىپ ، سوتقا ئەرز قىلدى . ئايالىم قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا ، ئۇزۇنغا سوزماي ئاجراشتۇرۇۋەتتى . شۇ خاپىچىلىقتا تۇرسام ، بىر كۈنى ج خ ئىدارىسىدىن تېلېفون كەپتۇ دېدى ، بېرىپ تېلېفوننى ئالسام : «سىلەرنىڭ كەنتتىن ئىبراھىم سوپى قولغا ئېلىنغانىدى ، ئۇنىڭ مەسىلە تاپشۇرۇشى ياخشى ، باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا كىرىپ جىنايى قىلمىشلارغا چېتىلىپ قالغان بولسىمۇ ، ئەمەلىي ھەرىكىتى يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىپ ئائىلىسىگە قايتۇردۇق . ئۆيلىرىنى ئېچىپ بېرىپ ، تۇتۇپ تۇرغان مال - مۈلكى بولسا ، ھەممىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار » دېدى . ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئىبراھىم ئاكىنى ساقچى ماشىنىسى ئەكېلىپ قويۇپ كەتتى . بىز كۆرۈشتۇق ، ئەھۋاللاشتۇق . بۇرۇنقى تەرسالىقىمۇ يوق . سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ، زۇۋان سۈرمەي بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى . كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ : «ئۆزۈمنىڭ باللىرىغا ئۆزۈم دۈشمەنلىك قىلدىم ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا جازايىمنى بېرىپ ، گۇناھىمنى تونۇسۇن دەپ تۇرمىنى نېسىپ قىلدى . ھەممىگە مەن ئەيىبكار ، بولىدىغان ئىش بولدى . رابىيەنى تېپىپ بەرسەڭلار » دەپ تەلەپ قىلدى . ئۇنداق دېمىگەندىمۇ ، ئىزدەپ كەلمەكچى ئىدىم . شۇنداق قىلىپ ، سادىق بىلەن تونۇگۇن يولغا چىققانىدۇق ، ۋىلايەتتە ماشىنا ئالمىشىپ ، بۇ يەرگە ھازىرلا كېلىشىمىز . شوپۇرمۇ تاماق يېگىلى كەتتى . بىرئازدىن كېيىن قايتماقچىكەن . شۇ ماشىنىدا كېتىۋالايلى ، — دېدى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇلار قىزغىن پاراڭلار بىلەن تاماقنى يەپ ، ماڭغانىدى ، ئابدۇللا ئالدىدا بېرىپ ، ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي پۇلنى تاپشۇرۇپ مېھمان قىلدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ يېنىدا چولپان بەرگەن

ئۈچ يۈز يۈەن بار ئىدى . يەنە بىر جەھەتتىن ، رابىيەنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خىجىل ئىدى . ئۇنىڭ تىللىرى تېخى ئېسىدىن چىقماي ، خىجىللىق ھېس قىلىپ تۇراتتى .

توختى رابىيەنى ئېلىپ كەتكۈچە ئابدۇللا كۈتۈپ تۇردى . ماشىنا يولغا چىقىپ ، قارىسى يىتكۈچە قولىنى پۇلاڭلاتتى . شۇ تاپتا ئۇ چولپاننى ، بارات موللىنى ، رابىيەنى ، بىر كېچىدە سېھىرخانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ، رابىيەنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ، ئاچچىق سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەشلىرىنى ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدى . ئۇ ھارۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ستولىبىدىن ئاتنى يېشىپ ، چوڭ كۆۋرۈك تەرەپكە كېتىپ باراتتى . بېشىغا چاچ قويۇپ ، ئاق دوپپا كىيىۋالغان ، ئۇستىدىكى كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن بىر يىگىت قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ، بۇياققا كېلىڭ ، دەپ چاقىردى . ئابدۇللا ھارۋىسىنى چەتكە تارتىپ تۇرغانىدى ، ھېلىقى يىگىت كېلىپ ھارۋىغا چىقىپ بولۇپ :

— ھەيدەڭ ! — دېدى .

— نەگە ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇللا .

— سەنەمباغقا .

ئابدۇللا ھارۋىسىنى ھەيدەپ ، تېخى ھېلىلا كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا ياندى . ھېلىقى يىگىت بولسا ، گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇراتتى . ئابدۇللا ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ ئالدى ، شىملىرىنىڭ تىزلىرىنىڭ كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەنلىكى ، يېنىغا ئېسىۋالغان پىچاق ، خۇددى چولپان بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندىكىدەك پۇرقىراپ كېلىۋاتقان خام گۆش پۇراقلىرىدىن ئۇنىڭ قاسساپ ئىكەنلىكىنى پەملىدى . ئۇ يەنىلا شۇنداق جىمجىت ئولتۇراتتى . ئابدۇللا ھارۋىسىنى ھەيدەپ ، چولپاننى چۈشۈرۈپ قويغان تار كوچا ئېغىزىغا بارغاندىلا زۇۋان سۈرۈپ :

— ئوڭ تەرەپكە ، — دېدى . ھارۋىنى ھەيدەپ يەنە بىر دوقمۇشقا بارغاندا :

— ئوڭ تەرەپكە ، — دېدى . ئابدۇللا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە

ھەيدەپ ، تەخمىنەن ئىككى يۈز مېتىر ئەتراپىدا مېڭىپ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى ، يىگىت :

— توختاڭ ! — دېدى ، ئاندىن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ، ئابدۇللادىن :

— سىزدە پارچە پۇل بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— يوق ، — دېدى ئابدۇللا . ئۇنىڭ يېنىدا ھەقىقەتەن پارچە پۇل يوق ئىدى .

دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىقلىق تۇراتتى ، ھېلىقى يىگىت :

— چولپان ! — دەپ توۋلىدى . چولپان بۇ چاغدا ، خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ، بارات موللا ئەپسۇنلاپ بەرگەن تۇگۇچىكى تۇك ، قىچا قاتارلىق نەرسىلەرنى يېشىپ ، سىنچىلاپ قاراپ ، ئۇنى يەنە ئاۋۇالقىدەك چىگىپ قويۇپ ، ئاللىقانداق خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇراتتى ، تۇيۇقسىزلا چىققان ئەنۋەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ :

— مانا مەن ! — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى . ئابدۇللا كۆردىكى ، ئۇ ھېلىقى چولپان ئىدى .

چولپان ئابدۇللانى كۆرۈپلا :

— ۋاي ئاكا قانداق بولۇپ تونۇشۇپ قالدىڭلار ؟ ئەجەبمۇ ياخشى قىپسىز ئەنۋەر . بەك ئۇزاق بوپتىكەن كۆرۈشمىگىلى ، سېغىنىپ تۇراتتىم . قېنى ئەنۋەر نېمىگە قاراپ تۇرىسىز ، ئاتنى ئېلىپ باغلىماسىز ؟ ئاكا قېنى ئۆيگە كىرەيلى ، — دەپ تەكلىپ قىلدى . چولپاننىڭ ھويلىسى تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدىلا سېلىنغان بولۇپ ، مۇختار قاسساپ «بىر ئوغۇل» دەپ ناھايىتى كۆپ پۇل خەجلىگەنىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، سەنەمباغ ئاھالە رايونىدا چولپاننىڭ ئۆيىگە يېتىدىغان ئۆي يوق ئىدى .

ھويلىنىڭ ئالدى تەرەپتە شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان چوڭ ئارىلىق بولۇپ ، كوچىغا قارىتىپ قويۇلغان ياغاچ دەرۋازىغا چىقىرىلغان نەقىشلەرنىڭ نەپىسلىكىدىن كۆرگەن كىشىلەر بىردەم

تاماشا قىلماي ئۆتمەيتتى . دەرۋازىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە بەشتىن ئون ئىبغىزلىق ئۇششاق ـ ئۇششاق ئىجارە ئۆيلىرى سېلىنىپ ، ئىشىكى كوچا تەرەپكە قارىتىلغانىدى . ئىچكىرى تەرەپتە يول تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان كارىدورلۇق ئۆيلەرنىڭ سىرتىغا رەڭگارەڭ كاھىشلار بىلەن چىقىرىلغان گۈللەرنى ئىشلىگەن سەنئەتكارنىڭ ھۈنىرى كىشىنى قايىل قىلاتتى .

ئۆيلەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئارقىغا چىقىدىغان يەنە بىر تۆمۈر دەرۋازا بار ئىدى . ئۇنىڭدىن كىرسە ، ئارقا ھويلىغا سېلىنغان قوي ـ كالا قوتانلىرىغا كىرگىلى بولاتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە ، ئاز بولغاندا سەككىز ـ ئون تۇياق كالا ، قىرىق ـ ئەللىك قوي زاپاس بوردىلىپ تۇراتتى . بۇنىڭغا قارايدىغانغا مەخسۇس ئادەم قويۇلغانىدى . ئابدۇللا بولسا ، بۇ بايلىقنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ ، ئۇياق ـ بۇياققا سەپسېلىۋاتاتتى . چولپان كارىدورنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە ، ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى . ئابدۇللا كۆردىكى ، ئۆينىڭ تاملىرىغا دەرۋازىدىكىمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىشلىنىپ ، ئۈستىگە رەڭگارەڭ چىراغلار بېكىتىلگەنىدى . ئابدۇللا تارتىنىپ ماڭالماي قالدى .

— تارتىنماڭ ، مېڭىۋېرىڭ ، — دېدى چولپان ئابدۇللانى تەكرار تەكلىپ قىلىپ ، ئابدۇللا كىرىپ ئىشىك تۈۋدىكى ساپاغا بېرىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆزى ئۆينىڭ بېزەكلىرىنى تاماشا قىلىپ ، ھەيران بولماقتا ئىدى . «نېمىدېگەن بايلىق ، نېمىدېگەن ئالىي ئىمارەتلەر ، ئۆي ـ سەرەمجانلار بۇ ؟ چولپان مۇشۇنچىۋالا بايلىققا شۈكۈر قىلماي ، شۇنچە قاتراپ يۈرۈپ نېمە قىلماقچىدۇر ؟ بىر ئىبغىزلىق ئۆيگىمۇ ئېرىشەلمەي ، زاراتگاھلىق ئەتراپىغا بېرىپ گەمە كولاپ ئولتۇرغان نامراتلارمۇ جىققۇ ! ئادەم قانچە بېيىسا ، شۇنچە ئاچ كۆز ، شۇنچە پەس ، شۇنچە پىخسىق بولۇپ كېتىدۇ دېگەن يالغان ئەمەسكەن . بىزدەك نامراتلارنىڭمۇ كۈنى ئۆتىدىكەن ، مۇشۇنداق بايلارنىڭمۇ خۇشاللىقتا يۈرىكى يېرىلىپ كەتمەيدىكەن . چولپاننى نېمە ئۈچۈن شۇنچە سېخىيلىق قىلىدىغاندۇ دېسەم ، بۇنى

سېخىي قىلغان مۇختار قاسساپنىڭ پۇللىرى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ چولپان كۆندە بىر خىل ئويۇن ئويناۋاتىدۇ، لېكىن مەقسىتىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ. مانا هازىر يېڭى ئويۇندىن يەنە بىرنى تاپتى، ئەتىچۇ؟ ... چولپان بىر شۇملۇقنى كۆتۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. قېنى كۆرەرمىز، ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن، ئېرى نېمىدېگەن ياۋاش؟» دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى. ئەنۋەر بولسا، هېچ نەرسىنى ئۇقالمايلا قالدى. ئۇ كەم سۆز، ياۋاش ئىدى. چولپاننى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىنمۇ ياكى ياۋاشلىقىدىنمۇ ئىشقىلىپ، چولپاننىڭ سۆزىدىن چىقالماي، ئىشنى شۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاتتى، ئاتنى باغلاۋېتىپ، كۆڭلىدە: «ما ئىشنى كۆرمەمدىغان، تۇغقىنىمىزنى باشلاپ كەلگىنىمنى. خوتۇننى بىر خۇش قىلىۋالدىغان بولدۇم» دەپ قىلغان ئىشىدىن خۇشال بولماقتا ئىدى.

ئابدۇللا ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بۇ ئىشقا هەيران ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېرىگىمۇ گەپ بەرمەي ئارقا ـ ئارقىدىن هال سوراپ، «ئاكا» دەۋالغىنىغا تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي پەقەت سورىغان گەپكىلا جاۋاب بېرىپ، ئارتۇق گەپ قىلماي ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى، ئەنۋەر كىرىپ كەلدى. چولپان ئۇنى يېتىلەپ ئارقىغا ياندۇرۇپ چىقىپ، بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندەك قىلاتتى، بىركەمدە موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى چىقىپ، غايىب بولدى. ئۆيگە چولپان يالغۇز كىرىپ كېلىپ ئابدۇللاغا:

— قورقماي ئولتۇرۇۋېرىڭ. ئەنۋەرنى سامسىغا بۇيرۇۋەتتىم. مەن سىزنى ئاكام دەۋالسام، ناۋادا ئىشىم چىقىپ قالسا سىزنى تاپالمايمەن ياكى هارۋىڭىزدا ئولتۇرغانىنى كىشىلەر كۆرۈپ سۆز ـ چۆچەك قىلسا ئەنۋەر ئىشىنىپ قالىدۇ. ئەمدى ئىككىمىز ئاكا ـ سىڭىل بولدۇق. ئەنۋەرنىڭ قېشىدا كۆپ گەپ قىلماي، سۆزۈمنى كۆپرەك ئاڭلاپ ئولتۇرۇڭ، كېيىنچە سىزمۇ ئۇستا بولۇپ كېتىسىز. ئىشىم ئوڭدىن كېلىپ قالسا، سىزنى هەرگىز تاشلىمايمەن. بىز ئەمدى كۆندە دېگۈدەك ئالاقىلىشىپ تۇرايلى،

كىرا قىلىسىڭىز قىلارسىز ، بولمىسا ، مۇشۇ ئەتراپتىن كەتمەي يۈرۈڭ ، خىراجەتنى مەن بېرىمەن . ئەنۋەر ياۋاش ، پۇل تېپىشنى بىلگەن بىلەن تۇتۇشنى بىلمەيدۇ . ئايال كىشى بىر ئەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىمەن دېگىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، تۇل قالسىمۇ يەتكۇدەك پۇلى بولۇشى كېرەك . مانا مەن شۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن ، — دەپ تۇراتتى ، بىر لېگەن سامسىنى كۆتۈرۈپ ئەنۋەر كىرىپ كەلدى . چولپان ئۇنىڭ قولىدىن سامسىنى ئېلىپ ، ئابدۇللانىڭ ئالدىدا قويۇپ :

— قاراڭ ئەنۋەر ! بۇ ئاكامنىڭ ئىسمى ئابلاجان ، مەن سىزگە نەچچە قېتىم گېپىنى قىلىپ بەرگەنغۇ ، دەيمەن . بىز بىر نەۋرە بولىمىز . ئانىسى مېنىڭ ئاپامنىڭ سىڭلىسى ئىدى . ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىپ ، ئىزدىشەلمەي يۈرەتتۇق . بەك تارتىنچاق كىشى . كۆرگەنلا يەردە بوش قويىۋەتمەي باشلاپ كېلىڭ . زېرىكىپ تۇراتتىم ، باشلاپ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى ، — دېدى .

ئەنۋەر بولسا ، خوتۇنىنىڭ ماختىغىنىدىن پەخىرلىنىپ ، بىر چولپانغا ، بىر ئابدۇللاغا قاراپ قويۇپ :

— ئامىتىمىز باركەن ، پارچە پۇل بولغان بولسا ، تاسلا قاپتىمەن ئىشىكتىن ياندۇرۇۋەتكىلى ، قېنى ئابدۇللا ئاكا ، سامسىغا باقسىلا ، — دەپ ئارقا - ئارقىدىن تەكلىپ قىلماقتا ئىدى .

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ، ئابدۇللا بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك كېلىپ تۇرىدىغانغا ۋەدە بېرىپ ، دەرۋازىدىن چىقىپ تۇراتتى ، چولپان ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر بوغچىمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى - دە :

— توختاڭ ئاكا ! بۇنى بالىلىرىڭىزغا ئېلىۋېلىڭ ، — دەپ ئابدۇللاغا بەردى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ پارچە ئەن رەخت ، ئۆزى تىكتۈرۈپ كىيمىگەن ئىككى يۈرۈش كىيىمى بار ئىدى ، — يەنە بىر ئىشىم بار ئىدى . ئەتە بىر كېلىپ مېنى بازار كۆرسىتىپ كېلەرمىكىن دېۋىدىم . ۋاقتىڭىز يەتسە ، ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ

كەلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى . ھارۋىڭىزنىڭ راھىتىنى مەنمۇ كۆرۈپ باقاي ، — دېدى . ئابدۇللا كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىپ ، ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ دېگەن يەرگە ئاپارماقچى بولۇپ ياندى . ئەنۋەر كۆڭلىدە : «ئىشىمنىڭ ئالدىراشلىقىدا ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن تونۇشقىنىم ئەجەبمۇ ئوبدان بولدىيا ، ئۇ يەرگە ئاپار ، بۇ يەرگە ئاپار دېگەن غەلۋىدىن بىرلا قۇتۇلىدىغان بولدۇم» دەپ ئېغىلغا كىرىپ قويدىن ئىككىنى تۇتۇپ چىقىپ ، سويۇشقا تەمشەلدى . قاسساپلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەتىگەنلىك چارۋىلىرىنى گوداڭدا سويدۇرۇپ گۆشىگە تامغا باستۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، كۆك تامغا بېسىلغان پاچاقنى كەچ بولغۇچە ساتماي كانارىغا ئېسىپ قويۇپ ، ئۆيىگە بېرىپ گوداڭدا سويغاندىنمۇ جىقراق سويۇپ كېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ساتاتتى . بۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان باجگىرنىڭ كۆرسەتمىسى بولۇپ ، ئاز - تولا گۆش تاشلاپ بەرسە ، ئۇنىڭ نېمە قىلىشى بىلەن كارى يوق ، بەلكى قىلمىشىنى يوشۇرۇپ بېرەتتى . ئەنۋەر مالنى سويۇپ دۇكىنىغا كەتتى . چولپان ئابدۇللا بىلەن پۈتۈشۈپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئانىسى شەرىخاننىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇشتى .

ئەتىسى ، ئابدۇللا ھارۋا قاتقىلى تۇرغاندا ، كىچىككىنە ياغقان يامغۇر بىردەم توختاپ ، بىردەم يېغىپ ، سىم - سىم چۈشۈۋاتاتتى . چولپان : «بارات موللامغىمۇ نۇرغۇن پۇللارنى خەجلەپ بۇ ئىشنى قىلدۇردۇم . قىچىنى چېچىۋەتمەك ئاسان ، تۇكنى ئۆتەر يولغا كۆممەكمۇ بىر گەپ ، ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا قانداق كۆمگىلى بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ ياتىدىغان ئۆيىدىكى يېپىنىدىغان يوتقان بىلەن سالىدىغان كۆرپىسىنى قانداق بىلگىلى بولار ؟ ئۇلار ياتىدىغان چاغدا يېنىدا تۇرغىلى بولمىسا ياكى سوراشنىڭ ئورنى بولمىسا ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ بۇنىڭغا ئانام بىرنېمە دېمىسە بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ ، تالاغا قاراپ يامغۇرنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ھارۋا كەلمىسە قانداق قىلارمەن ، دەپ تۇراتتى . يولدا ئابدۇللانىڭ : ۋاھ ! ۋۇھ ! دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ چاغدا ئەنۋەر دۇكانغا

كېتىپ، چولپان يالغۇز ئىدى. ئۇ ئالدىراپ دەرۋازىنى ئېچىپ ئابدۇللانىڭ ئالدىغا چىقتى. ئابدۇللامۇ چولپاننىڭ پۇلىغا كۆنۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سۆزىنى بەك ئاڭلايتتى، چولپاننى تەقەززالاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يامغۇرنى يامغۇر دېمەي، ھارۋىسىنىڭ سايىۋەنلىرىنىڭ ئۈستىنى يامغۇر ئۆتمىگۈدەك قىلىپ تۈزەشتۈرۈپ كەلدى.

چولپان ھارۋىغا چىقىۋاتقاندا، بىر توپ كىشىلەر ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. چولپاننىڭ ئۇلار بىلەن كارىمۇ بولماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ ئەمدى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، ئېرىنىڭ ياكى قېيناتىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقمايتتى، چۈنكى، ئابدۇللا ئىلگىرى يات كىشى ئىدى. ئەمدى بولسا، «نەۋرە ئاكىسى» بولدى. بۇنى ئېرى ئەنۋەرمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

ئابدۇللا ھارۋىسىنى ھەيدەپ قاراماي يولىغا چىقىپ، ئازراق يۈرگەندە، يامغۇرمۇ توختاپ قالدى. چوڭ كۆۋرۈككە بارغاندا، ئادەملەر يەنىلا مىغ - مىغ، ھۆپپىگەرلەر خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. بىر قېرى سامپىپەز قولىنى ئىككى قول بارمىقىدا مەھكەم بېسىۋېلىپ، بۇرۇنقى بازارلارنى ئەسلىتىپ: «ياغ يەپ كەت! ياغ يەپ كەت!» دەپ كۈچىنىڭ بارىچە توۋلىسا، ياندىكى يەنە بىر سامسىپەز: «كۆزۈڭ بولسا، تاللاپ يە! پاقلان گۆشىدە ئەتكەن سامسا!» دەپ، باشقا سامسىپەزلەر بىلەن خېرىدار تالاشماقتا ئىدى. ئابدۇللا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يېزا يولىغا قاراپ راۋان بولدى. شەرىخاننىڭ ئۆيى شەھەر ئەتراپىدىكى بىر مەھەللىدە بولۇپ، يولىنىڭ ئىككى تەرىپى باغ بىلەن قورشالغانىدى، يول بويلاپ قويۇلغان سوقما تاملارنىڭ بويلىرىدا ئۈجمە، گىلاسلار پىشىپ، ئالتۇن رەڭ ئۆرۈكلەرنىڭ موللىقىدىن شاخلىرى كۆتۈرەلمەي، سوقما تامنى تىرەك قىلىۋالغانىدى. چولپان بولسا، ئۆز مەھەللىسىنىڭ يوللىرىغا تەشنالىق بىلەن قاراپ، يول ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان باغلارنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. سوقما تامدىن ئارتىلىپ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆرۈكلەرنى كۆرۈپ:

— قاراڭ ئابلاجان ! دېھقان دېگەن نېمىدېگەن ئىنسابلىق ، ئۆرۈكلەر قول يەتكۈدەك يەردە تۇرسىمۇ ھېچكىم ئۈزمەپتۇ . ئەگەر بازارنىڭ ئەخلاقسىز بالىلىرى كۆرگەن بولسا ، بىرنى قويماي يەۋەتكەن بولاتتى . بىلىش مۇمكىنكى ، ئادەمنىڭ ياخشىلىرى دېھقان پەرزەنتلىرىدىن چىقىدىكەن ، — دېدى .

— شۇنداق ، — دېدى ئابدۇللا ، — دېھقان ياشلىرى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . شۇڭا ، ناننىڭ تەمىنى بىلىدۇ . ئىشلەپ يېگەچكە ، باشقىلارنىڭمۇ ئەمگىكىگە كۆيۈنىدۇ . زىيان سالمايدۇ . شەھەرنىڭ بالىلىرى بولسا ، كىچىكىدىن باشلاپلا تەييارغا ھەييار بولۇپ ، تېپىپ بەرگەننى يەيدۇ ، جاپا تارتماي چوڭ بولغاچقا ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى نېرى تۇرسۇن ، ئاتا ـ ئانىسىنى ۋەيران قىلىپ ، بالا تاپقانغا تويغۇزىدۇ .

ئۇلار مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن بولۇپ ، يول بويىدىكى بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدى . چولپان :

— مانا كەلدۇق . بىزنىڭ ئۆي بىرىنچى قاتارنىڭ بېشىدىكى ئىككىنچى ئۆي شۇ ، — دېدى .

چولپان باي بولغان بىلەن ئاپىسىنىڭ ئۆيلىرى ئادەتتىكى قۇرما تام بولۇپ ، سېلىنغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغاچقا ، خېلىلا كونىراپ قالغانىدى . ئۆيلەر ئىچكىرى تارتىلىپ سېلىنغان بولۇپ ، ئىشىك ئالدى تەرەپتە دەرۋازىغا بارغۇچە ئون بەش مېتىر كەڭلىكتە بىكار يەر بار ئىدى . ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مۇختار قاساپ كېلىپ بوشلۇقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈزۈم سېلىپ ، باراڭ قىلىپ بەرگەنىدى . بۇ يىل يەنە يوغان چاسا كاتتىن بىرنى ياستىپ ، باراڭ ئاستىغا قويدۇرۇپ بەردى . شەرىخان بولسا ، كۈندە ئىككى ـ ئۈچ قېرى خوتۇننى تېپىپ باش بېقىشىپ ئولتۇرۇپ ، غەيۋەت بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ يۈردى .

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئىككى دوست

چولپان كەلگەندە ئاپىسى شەرىخان يەنە ئىككى ئايال بىلەن ھويلىسىدىكى ئۈزۈم بارىكى ئاستىغا قويۇلغان كاتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىمدۇر بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتاتتى. ئابدۇللانىڭ «تىرىت! چۇ!» دەپ ئالىجەدىنى باشقۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرۋازا تەرەپكە قارىدى ـ دە، قىزى چولپاننى كۆرۈپ، سۆھبەتداشلىرىغا:

— ئۆيگە مېھمان كەپتۇ، مەن ئالدىغا چىقاي، — دەپ كاتتىن چۈشۈپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قىزى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. دەرۋازىنى ئېچىپ، ھارۋىنى ھويلىغا ئەكىرىپ، ئاتنى باراڭ ئاستىدىكى بىر تۈۋرۈككە باغلاپ بولغاندىن كېيىن، شەرىخان ئابدۇللانى كاتقا تەكلىپ قىلىپ، داستىخان كەلتۈردى. بۇ چاغدا شەرىخاننىڭ غەيۋەتداشلىرى ئۆزىنى تارتىپ ئۆيلىرىگە چىقىپ كېتىشكەنىدى. چولپان:

— ئابلاجان، ئاپامغا گېپىم بار ئىدى. ماڭا قارىمىدى، دەپ رەنجىپ قالماي، مەزەلەردىن بەھۇزۇر ئالغاچ تۇرۇڭ، — دەپ ئانىسىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. چولپاننىڭ كەيپىياتى

ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى.

— بۈگۈن خۇشال كۆرۈنىسەن، بىرنىمە تېپىۋالدىڭمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى شەرىخان.

— راست تېپىۋالدىم، — دېدى چولپان، — نۇرغۇن مال ـ دۇنيا، تۈگىمەس پۇل ـ پىچەك، بەخت ـ دۆلەت تېپىۋالدىم. بىز ئەمدى مەڭگۈ قايغۇسىز ئۆتىمىز. بۈگۈن مۇشۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كەلدىم.

— ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمىگەنسەن؟

— ياق، ئالدىراپ خۇشال بولسامۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىغا قىل سىغمايدۇ.

— قېنى دەپ باقە، نېمە تېپىۋالدىڭ؟

— شۇنداق تاپتىمكى، — دېدى چولپان، — سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى تاپتىم، جىمى ئىنىس ـ جىن، دىۋە ـ پەرى، مەخلۇقاتلارنى ئىتائەت قىلدۇرىدىغان خاسىيەتلىك مۆجىزىنى تېپىۋالدىم.

— بولدى، مېنى تەقەززا قىلماي، ئۇچۇقىنى دېگىنە، ئاڭلاپ باقاي.

چولپان يانچۇقىدىن ئىككى دانە تۈگۈچنى ئېلىپ ئاپىسىغا كۆرسەتتى:

— مانا بۇ ئەپسۇنلانغان قىچا ئۇرۇقى، مانا بۇ ئەپسۇنلانغان مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۈكى بىلەن ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكى، — دەپ گەپنىڭ ئاخىرى تۈگەپ بولغۇچە شەرىخان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ۋوي ئالجىپ قالدىڭمۇ؟ قارا بېسىپ قالدىمۇ ـ يە؟ مۇشۇكنىڭ قۇلىقى، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى دەيسەنغۇ!

— توختاڭا! تېخى گەپ تۈگىمىدى، — دەپ يانچۇقىدىن بارماقتەك ئىككى دانە قۇتىنى ئېلىپ، — بۇ، زىناخورنىڭ سۆيدۈكى، — دەپ كۆرسەتتى ـ دە، ھەممىنى يەنە بۇرۇنقىدەك

لاتىغا ئوراپ چىگىپ، يانچۇقىغا سېلىۋالدى.
شەرىخان شۇنچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇننى ئىتنىڭ تۇكىگە ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەم كۆرگەن، لېكىن چولپان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. «بۇ قانداق گەپتۇ؟» دەپ ئويلاپ:
— دېگىنە، زادى بۇ قانداق گەپ؟ سېنى بىرى ئەخمەق قىلدىمۇ ـ قانداق؟
— مۇنداق ئىش، — دېدى چولپان ئاپىسىغا، — سىز بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، كۆرسەتمىگىنىز بويىچە ئورمانلىقتىكى بارات موللامنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ چوڭ گۇناھلىق ئىشلار ئىكەنلىكىنى، گۇناھلىق ئىشقا گۇناھلىق يول بىلەن تەدبىر قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى دەپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر يالۋۇرۇپ يۈرۈپ سۆزگە كىرگۈزدۈم. ئاۋۇ ھارۋىكەشنىڭ ياردىمى بىلەن بارات موللا تەلەپ قىلغان بۇ نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەردىم. بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئەپسۇنلاپ تەييار قىلىپ، ئىشلىتىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. «ئەگەر مەن دېگەن بويىچە قىلالىسىڭىز، قېيناتىڭىز بىلەن قېينانىڭىزنىڭ مۇھەببىتى سېھىرلىنىپ، ۋەيرانە، سەرگەردان بولىدۇ، سىزنىڭ ئىتائىتىڭىزگە كىرىپ، ئىلكىڭىزدىن چىقالمايدۇ. ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتىدۇ. بۇ دۇنيادىن غەمسىز ئۆتىسىز» دېدى. مولامنىڭ قېشىدىنغۇ خۇشال ـ خۇرام كەلدىم. بىراق، ئۆيگە كەلگەندە ئويلاپ باقسام، بۇ مۆجىزىلەرنى ئىشلەتمەك ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ. شۇڭا سىزنى ئىزدەپ كەلدىم.
شەرىخان:
— بارات موللا نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.
— قىچىنى ھويلىغا، ئىشىك ئالدىغا چېچىۋېتىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىككى خىل تۇكنى مۇختار قاساپ بىلەن دىلنارنىڭ

ئۆتەر يولىغا ، بوسۇغىسىنىڭ ئاستىغا كۆمۈڭ ، دېدى . ئۆتەر يولىغا بولسىغۇ ، مەيلىتى ، بىراق ئۇنىڭ بوسۇغىسىنى قانداق كولىغىلى بولسۇن . ھېلىقى قۇتىدىكى زىناخورنىڭ سۇيىدۇكىنى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاستىغا سېلىپ ياتىدىغان كۆرپە بىلەن يېپىنىدىغان يوتقانغا چېچىڭ ، ناۋادا مەن دېگەندەك قىلمىسىڭىز ئوقۇغان ئەپسۇن كېرەكسىز بولۇپ ، مۆجىزىنىڭ كارامىتى تۈگەيدۇ . ئۇ چاغدا قىلغان سېھرىمىز كەسمەيدۇ ، دەيدۇ . مەن ئۇ خەقىنىڭ ياتىدىغان ۋاقتىدا قېشىغا بېرىپ باقمىسام ، يوتقان - كۆرپىسىنى نېمە بىلىمەن . بۇ زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشكەن . شۇڭا تولا ئويلاپ بېشىم قېتىپ تۇرغاندا ، ئەنۋەر بۇ ھارۋىكەشنى باشلاپ كەپتۇ . كۆرۈپلا ، نەۋرە ئاكام ، دەپ تونۇشتۇردۇم . ئاپامنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ، دېدىم . ئەنۋەر ئىشەندى ، ئوچۇق - ئاشكارا ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چىقىپ كېلىۋەردىم . يەنە بىر جەھەتتىن ، سىزنى چاندۇرۇپ قويارمىكىن ، دەپ قورقتۇم . بۇنى بىلىپ قالغىنىڭىز ياخشى بولدى . ئەمدى ھېلىقى مۆجىزىلەرنى قانداق قىلىمىز ، سىز يول كۆرسەتمىسىڭىز بولمىغۇدەك . قېشىڭىزغا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم ، — دېدى چولپان .

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان ، — دېدى شەرىخان ، — مۇھىمى بىر ئىشنى ناھايىتى ئوبدان قاملاشتۇرۇپسەن . سېنىڭ قولۇڭدىن بۇنىڭچىلىك ئىش كېلەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن . ھارۋىكەشنى ئاكام دەپ ئوبدان قىپسەن . ئەمدى يولۇڭ ئېچىلىپتۇ . خوتۇن كىشى دېگەن بىر ئەرگە قاراپ ئولتۇرسا بولمايدۇ . ئۆيدە بىرىنىڭ ، تالادا مىڭىنىڭ بولۇشى كېرەك ، شۇڭا مەن كېيىنلىكنى كۆزلەپ سېنى ئەنۋەرگە بەرگەن . ياتلىق بولىدىغاندا ياۋاشقا تېگىپ ، ئوينىغاندا يامانىنى تاللاش لازىم . يامانلىرى مەرد كېلىدۇ . سەن بولساڭ پۇلنىلا ئويلايسەن ، ئەمما ئويناشنى بىلمەيسەن . ئوينىساڭ پۇلمۇ كېلىدۇ ئەمەسمۇ ، — دەپ تېخى گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىگىچە :

— بولدى قىلىڭا ئاپا ! ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى . ئانا تۇرۇپ

شۇنداق بۇزۇق ئىشلارغا تەشەببۇس قىلغىنىڭىز نېمىسى ! — دەپ رەنجىدى چولپان ، — قېنى باشقا گەپنى دەڭا .

— ئەخمەق ! — دېدى شەرىخان ، — خوتۇن كىشى دېگەن جىنىڭ مال ، بۇزۇلۇپ ياكى كېرەكسىز بولۇپ قالمايدۇ . ئۇنىڭ قىممىتى ئويۇن ـ تاماشادا جارى بولىدۇ . مەن سېنىڭدەك ۋاقتىمدا ئاتلىققا بار ، پىيادىگە يوق ئىدىم . شەرىگۇل دېسە ، بىلمەيدىغانلار يوق ئىدى . «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس . ئاپاڭنى دوراپ ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا ۋارىسلىق قىل دېگەن سۆز . بۇ گەپ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن . ئەمدى ھېلىقى گەپكە كەلسەك ، بۇ ئىش ئانچە قىيىن ئەمەس ، لېكىن ئاسانمۇ ئەمەس . ھەرقانچە تەس بولسىمۇ ئۇنىڭغا چارەم بار .

— قېنى تېزرەك دەڭا ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى چولپان .

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق .

— نېمە دېمەكچىسىز ؟

— سۆيۇنچە…

— نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن ، — دەپ چولپان كۈلۈپ كەتتى ، — مۇشۇ قىلىۋاتقان ئىش ، تارتقان جاپانىڭ مېۋىسىنىڭ ھەممىسى سىزگە سۆيۇنچە بولسۇن . مەن سىزنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن ، قانداق ؟ بۇ چارە بولامدىكەن ؟ — دەپ سورىدى . شەرىخان بىلەن چولپان بىردەم كۈلۈشتى . ئاندىن شەرىخان :

— بۇ ئىشقا سەن يېقىن بارما ، بىلىپ قالغۇدەك بولسا ، ھەممىمىز رەسۋا بولۇپ ، ئۆيۈڭ بۇزۇلىدۇ ، ئادەم سېلىش كېرەك .

— قانداق ئادەم ؟

— قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم .

— ئۇنداق ئادەم نەدە بار ؟

— ئۇنداق ئادەم بىر ئەمەس ، نەچچىسى بار . پۇل بولسا ، تېپىلمايدىغان ھېچنېمە يوق . بۇ ئىشنى مۇنداق قىلايلى : بىز

بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياشانغان ئايالدىن بىرنى تاپايلى . ئۇنى شەھەرلىككەلەرنىڭ تونۇمىغىنى ياخشى ، ئەگەر تونۇپ قالسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق . بىز ئۇنى پۇلغا دېيىشىپ ، توختاملىشايلى . مېنىڭ بىلىشىمچە مۇختار قاسساپنىڭ تۆت ئېغىزلىق ئۆيىدىن ئىككىسى بىكار . بىز تاپقان ئايال مۇختار قاسساپنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، ئولتۇرغۇدەك ئۆي سورىسۇن . مۇختار قاسساپ كۆڭلى يۇمشاق ، رەھىمدىل ئادەم . ئۇنىڭغا ئۆي بەرمەي قالمايدۇ ، شۇ ئايالنى ئىشقا سېلىپ ، قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ قولى بىلەن قىلىمىز . بۇنى ھېچكىم سەزمەي قالىدۇ . تۆۋەنكى مەھەللىدە «پاتەمخان دەللال» دەپ بىر خوتۇن بار . تەنھا بىر جان ، ئۆي ـ زېمىنى يوق بولغاچقا ، پات ـ پات كۆچۈپ تۇرىدۇ . گەپچى ، ھىيلىگەر خوتۇن . شەيتاننىمۇ ئالدىيالايدۇ ، دېگۈچىلىكى بار . ئۆزىمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق . ئۇنىڭدىن باشقا چارە بىلەن بۇ ئىشنى قاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ . بارۋىكەشنىڭ ئىسمى نېمىتى؟

— ئابلاجان .

— ھارۋىسىنى ھەيدىسۇن ، ھازىرلا ماڭايلى .

شەرىخان تالاغا چىقىپ :

— قېنى ئوغلۇم ئابلاجان ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق . بىزنى تۆۋەنكى مەھەللىگە ئاپىرىپ كېلىڭ . ئۇزاقتىن بىرى بارىمەن دەپ بارالماي يۈرگەنىدىم . ھارۋىنى كۆرۈپ بارغۇم كېلىپ قالدى ، — دېدى .

بۇ چاغدا ، ئابدۇللانىڭ قېشىدا ئادەم يوق ، داستىخاننى ئۆزى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، ئۇزۇم باراڭلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى . بېرىپ ئاتنى يېشىپ ، ھارۋىسىنى دەرۋازا تەرەپكە تارتتى . شەرىخان بىلەن چولپاننى ھارۋىسىغا ھويلىنىڭ ئىچىدىلا چىقىرىپ ، يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاتنى توختىتىپ قويۇپ

كەلدى ـ دە ، دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ ، ئاچقۇچنى شەرىخانغا بېرىپ ، تۆۋەنكى مەھەللىگە يۈرۈپ كەتتى .

ئىككى مەھەللىنىڭ ئارىلىقى پەقەت ئۈچ كىلومېتىرچە بولۇپ ، ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . يولنىڭ ئىككى تەرىپى كەڭ ئېكىنزارلىق بولۇپ ، غەرب تەرىپىدىكى بۇغداي ئېتىزلىرىدا كۆك رەڭلىك ئىككى دانە كومبايىن بۇغداي ئورۇۋاتاتتى ، ئارقىدىن تراكتوردا ئېگىزنى ھەيدەپ ، ئۈستىدىن سۇ قۇيۇپ ، بۇغداي مەڭگەنلىرىنى تېزرەك چىرىتىش ئۈچۈن دېھقانلار ئالدىراش ئىشلەپ يۈرەتتى . شەرق تەرەپتىكى مەيدانغا كېۋەز تېرىلغان بولۇپ ، بىرنەچچە ياش يىگىت ماشىنا بىلەن دورا چېچىپ يۈرەتتى .

تۆۋەنكى مەھەللىگە بېرىشقا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمىدى ، ھارۋا مەھەللە ئىچىگە كىرىپ ئازراق مېڭىپلا ئىككى ئېغىزلىق چالما تاملىق ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، شەرىخان :

— توختاڭ ، كەلدۇق ، — دەپ ھېلىقى ئۆينى كۆرسەتتى . بۇ ئۆيلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ، بىرەر مېيىپ كىشى ياكى ئاجىز ، قېرى كىشىلەرنىڭ ئۆيى بولسا كېرەك ، دېگەننى پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى . ئىككى ياندىكى ئائىلىلەرنىڭ ھويلىلىرى مېۋىلىك باغلار بىلەن كۆكەرتىلگەن بولسىمۇ ، بۇ ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىنى يانتاق بېسىپ ، ئىشىك ئالدىغا پېشايۋانمۇ قىلالمىغانىدى . ئابدۇللا ھارۋىنى ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ ، ئېتىنى باغلىغىلى بىر تال ئاچا ئەمەس ، بەلكى بىرەر قوزۇقمۇ تاپالمىدى . ھارۋا توختىغاندىن كېيىن ئابدۇللا ھارۋىسىنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇرۇپ قويغان ئوقۇر پالاسنىڭ قېتىدىن قوناق قاچىلاپ قويغان قىل توۋرىنى ئېلىپ ، ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا كىيدۇرۇپ قويدى . ئالىجەدە پات ـ پات يەرگە نىقتاپ تۇرۇپ قوناقنى ئاغزىغا ئېلىۋېلىپ ، ھۇرۇنلۇق بىلەن چايناپ يېيىشكە باشلىدى . شەرىخان بىلەن چولپان ئابدۇللادىن ئايرىلىپ ، پاتەمخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

چولپان كۆردىكى ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ ، چىشلىرى چۈشۈپ ئىككى قوۋزى ئىچكىرىلەپ كۈڭتەي بولۇپ ، مەڭزىلىرىنىڭ سۆڭىكى ئېگىزلەپ چىقىپ قالغان ، چىرايى سېرىق ، كۆزلىرى كۆپكۆك ئاتمىش ياشتىن ئاشقان بىر ئايال كىيىم ياماپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايلىرىدىكى پۇرلاشقان قورۇقلار ، قالايمىقان سىزىقچىلار بولسا ، بىر ئۆمۈر قىلغان گۇناھلىق ئىشلىرىغا تەقدىر قەلىمىنىڭ قالدۇرغان نەپرەت خاتىرىسى ئىدى . شەرىخان بىلەن ئىككىسى ياشلىقىدىن باشلاپ دوست ئۆتكەن بولۇپ ، پاتەمخان شەرىخاننىڭ مۇشكۇل ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ ، دەللاللىقىنى قىلىپ بېرەتتى . بۇنىڭ بەدىلىگە ئىنئاملار ئېلىپ تۇراتتى .

پاتەمخان تاكى قېرىغىچە ، بىر ئۆمۈر نان تېپىپ يېگەن بۇ ھۈنىرىنى تاشلىيالمىغان ، بەلكى تېخىمۇ ماھىر بولۇپ كەتكەنىدى .

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىسىنىڭ باردى ـ كەلدىسى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ ، ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا ياشلىق دەۋرلىرىدىن ھېكايىلەر قىلىپ كۆڭ ـ كۆنلەپ ئولتۇرۇشاتتى . بۈگۈن چولپاننىڭ كېلىشى بىلەن شەرىخان قەدىناس دوستى پاتەمخاننى ئەسلىدى ـ دە ، ئىشەنچ بىلەن كېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى .

شەرىخاننىڭ ئۇشتۇمتۇتلا قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىشى پاتەمخاننى ئانچە ھەيران قالدۇرمىدى . «ئېھتىمال بىرەر ئىشى چىقىپ قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى . قولىدىكى ياماۋاتقان نەرسىنى بىر تەرەپكە تاشلىۋېتىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئېلىپ ، ھەر ئىككىسى بىلەن مەڭز يېقىپ كۆرۈشۈپ ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .

پاتەمخان بۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ ، بىساتلىرىمۇ ئادەتتىكىدەكلا ئىدى . شەرىخان بىلەن چولپان تىندۇرما تۆپىسىگە سېلىنغان كىگىزگە بېرىپ ئولتۇردى . پاتەمخان قەدىناس دوستى

شەرىخاننىڭ بىكار كەلمىگەنلىكىنى ئاللىقاچان بايقىغانىدى . شۇڭا ئۇ :
— قېنى دوستۇم ، مېنى نېمە قىل دەپ كەلدىڭلار ؟ — دېدى .
— مۇشكۈل ئىشىمغا ياردەم بېرەرمىكىن دەپ كەلدىم ، — دېدى شەرىخان .
— قانداق مۇشكۈل ئىش ؟
— مۇنداق ئىش ئىدى ، — دېدى شەرىخان قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ، — مۇختار قاسساپنىڭ هويلىسىغا هازىرچە ۋاقىتلىق كۆچۈپ بېرىپ ، ئۆيىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش ، شۇ ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىش .
— بولمايدۇ ، ئۇنداق قىلىشقا زادى بولمايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقىمۇ چارە بار . مۇختار قاسساپنى ئوبدان تونۇيمەن . ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئوبدان بىلەتتىم . ئۇنىڭ هويلىسىغا كۆچۈپ بارمىساممۇ ، سىلەر دېگەن مۇشكۈل ئىش مەن ئۈچۈن بىردەمچىلىك ، هېلىقى ئەپسۇنلانغان مۆجىزىلەرنى بېرىڭلار . سىلەر بىلەن بىرگە يولغا چىقاي ، ئەمما ئەھۋالىمنى كۆردۈڭلار . مەن تۈل خوتۇننىڭ تۇرغان تۇرقىم مۇشۇ . كۆن ئالماقنىڭ تەسلىكىدىن قىلاي دەۋاتىمەن ، ناۋادا پۇلدىن قورقساڭلار ئۆزۈڭلار قىلساڭلارمۇ بولىدۇ . «گەپ يۈزدە ياخشى ، ئۇسسۇل تۈزدە» دېگەنىكەن . ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر ، مەن نېسىدىن بىتەلەي ئادەممەن . يەنە كېلىپ ، بۇ دەۋا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش . هازىر ئادەملەردە ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئەمىسە ئاتىغىنىڭلارنى چىقىرىڭلار ، — دەپ پاتەمخان هىجىيىپ شەرىخانغا قارىدى .
شەرىخان چولپانغا قارىدى ، چولپان سومكىسىدىن يۈز يۈەنلىكتىن ئىككىنى ئېلىپ شەرىخانغا تۇتقۇزدى . پاتەمخان قاراپ ئولتۇراتتى . شەرىخان پۇلنى شۇنداق سۇنۇشىغا ، پاتەمخان :
— بولدى ئاۋارە بولماڭلار ، تېگىل بولدى . مەن بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەكمەن ، — دەپ بويىنىنى تولغىدى . تېخى



ئۇنىڭ ھازىرلا ھېجىيىپ تۇرغان چىرايلىرىدىكى كۈلكە ئالامەتلىرى بىر دەمدىلا غايىب بولدى .

شەرىخان ئىشنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ چولپانغا ئىشارەت قىلدى . چولپان سومكىسىدىن يەنە يۈز يۈەن ئالدى .

— مۇنداق بولسۇن ، — دېدى شەرىخان ، — بۇ ئىككى يۈز يۈەننى ئۈيگە خىراجەت قىلىڭلار . شەھەر دېگەندە پۇل كېتىدۇ . بىرەر يۈز يۈەننى يېنىڭلىغا سېلىپ قويىماڭلار بولماس . ھەممىسى ئۈچ يۈز يۈەن بولسا قانداق ؟

— بوپتۇ ، تۆت يۈز بولسۇن .

— شۇنداق بولسۇن ، — دەپ شەرىخان پاتەمخان بىلەن پۈتۈشتى .

— ئەمدى قانداق قىلماقچى ؟ — دەپ سورىدى شەرىخان .

— قانداق قىلاتتۇق ، سىلە قىلماقچى بولغان ئىشنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن قىلىمەنكى ، شەيتانمۇ سەزمەي قالىدۇ . مېنى زاۋال ۋاقتى بىلەن مۇختار قاسساپنىڭ ئىشكىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار ، كېيىنكى ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسلەر .



# يىگىرمە ئالتىنچى باب

# سېھىرلەنگەن مۇھەببەت

شۇنداق قىلىپ، شەرىخان پاتەمخاننى ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆتكەن ئىشلاردىن ھېكايە قىلىشىپ كۆڭلىنى كەچ قىلدى. ئابدۇللانىڭمۇ بىرەر كۈن ئارام ئالمىغىنىغا ئۇزاق زامانلار بولغانىدى. ئاتنى بېقىپ، قانغۇچە ئۇخلىۋالدى. كەچ بولغاندا ھارۋىسىنى قېتىپ چولپان بىلەن پاتەمخاننى ئېلىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

پاتەمخان مۇختار قاسساپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ناماز شام ۋاقتى بولغانىدى. كوچىدا بىرقانچە ئادەم شۇنداق ئالدىراش مەسچىت تەرەپكە كېتىپ باراتتى. پاتەمخان مۇختار قاسساپنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ دەرۋازىنى ئۇردى. مۇختار قاسساپ بىلەن دىلنار قاسساپلىق دۇكىنىدىن ئەمدىلا كېلىپ تۇرغانىدى، دەرۋازىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، دىلنار يۈگۈرۈپ چىقتى. بىر قېرى موماي قولتۇقىغا بىرنەرسىنى قىسىپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ دىلنارنى كۆرۈپ ئالدىغا كېلىپ سالاملىشىپ:

— ئۇزاق بولغانىدى، سىلەرنى يوقلاپ كېلىش ئارزۇسىدا يۈرەتتىم، بۈگۈن سائىتى توشقان چېغىكەن. بىر ئىش بىلەن تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدىم. ئەمدى كەتسەم يەنە بىر

كېلىشىم ناتايىن . شۇڭا يوقلاپ ئۆتكەچ قونۇپ چىقاي دەپ كىردىم . سىز بىلمەيسىز ، مۇختارجاننىڭ ئاپىسى نىساخاننىڭ جانجىگەر دوستى ئىدىم . بۇگۈن ئادىشىمنىڭ دەسسىگەن ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىۋالىدىغان بولدۇم ، — دەپ ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكتى . دىلنار بېرىپ ئۇنىڭ ياشلىرىنى ئېرتىپ :

— قانداق قىلىمىز ، تەقدىر دېگەن شۇنداقكەن ، «ياخشىغا كۈن يوق ، يامانغا ئۆلۈم» دەپ ياخشىلار بالدۇر كېتىدىكەن ، قېنى ئۆيگە كىرەيلى ، — دەپ باشلاپ ماڭدى .

مۇختار قاسساپ شۇنچە باي بولغان بىلەن ئوغلى ئەنۋەرگە ئۆي سېلىپ بېرىمەن ، دەپ پۇللىرىدىن ئايرىلغانىدى . ئۆزى ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان كىچىككىنە بىر ھويلىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ ، بۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئۆزۇنىسغا قىلىپ سېلىنغان تۆت ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىككىسى ئادەم ئولتۇرغۇچىلىكى يوق بولغاچقا ، قوتان قىلىنغانىدى ، ئۆزى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى . بۇ ئۆينىڭمۇ بىرى مېھمانخانا ، بىرى ياتالغۇ ئىدى .

دىلنار پاتەمخاننى باشلاپ كىرگەندە ، مۇختار قاسساپ كۆرۈپ قىزغىن قارشى ئېلىپ ، مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى . دىلنار دەرھال تاماق تەييارلاپ ، داستىخان ھازىرلىدى . پاتەمخان بولسا ، تىنماي نىساخاننىڭ ياخشى تەرىپىنى سۆپەتلەپ ، بىر تەرەپتىن ، كۆز يېشى قىلىپ ، بىر تەرەپتىن ، سۆزلەپ ئاغزى بېسىقماي ئولتۇراتتى . مۇختار قاسساپمۇ ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانچە ئاڭلىغۇسى كېلىپ ، ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇردى . ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆرە تۇرۇپ گۆش سېتىپ ، خېرىدار كۈتۈپ دېگەندەك مۇختار قاسساپمۇ ھارغانىدى . دىلنارغا :

— ئەمدى ئانىمىزمۇ ئارام ئالسۇن ، ئورۇن سالامسىز ؟ — دېدى . دىلنار ئويلىدىكى ، مېھمان كەلگەندە ئەر ـ خوتۇن بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ ، مېھماننى ، يەنە كېلىپ كۆرگىلى كەلگەن قېرى ئايالنى يالغۇز ئۆيدە قويسا قاملاشمايتتى . شۇڭا پاتەمخان بىلەن ئۆزىگە ياتاق ئۆيگە ئورۇن سېلىپ ، مۇختارغا مېھمانخانىغا ئورۇن

سالدى .
پاتەمخان دىلنارنى گەپكە تۇتۇپ ئۇخلاتمىدى . ئاخىر دىلنار گەپ قىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى . پاتەمخان ئۇنى ئەمدى ئويغانمايدۇ ، دەپ پەرەز قىلدى . شۇنداقتىمۇ پاتەمخان :
— دىلنار ! دىلنار ! — دەپ قىچقىرىپ باققانىدى ، ئويغانمىدى . پاتەمخان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، قىچا ئۇرۇقىنى ئۆينىڭ ئىچىگە ۋە هويلىغا چېچىۋەتتى . مۇشۇكنىڭ قۇلاق تۈكى بىلەن ئېشەكنىڭ قۇيرۇق تۈكىنى بوسۇغا يېنىدىكى خىشنى قومۇرۇپ ، ئاستىغا كۆمدى ، يەنە بوسۇغا ياغاچ بىلەن خىشنىڭ ئارىلىقىغا تىقتى . ئەمدى قۇتىدىكى سۇيدۈك قالغانىدى . جەزم قىلىشقا بولالتىكى ، دىلنار يېپىنغان يوتقان بىلەن ئاستىدىكى كۆرپىسى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ داۋاملىق ئىشلىتىپ كەلگەن يوتقان - كۆرپىلىرى ئىدى . لىمتاق ئۈستىدە يوتقان - كۆرپىدىن يەنە بىر كىشىلىك تۇراتتى . دىلنار ئورۇن سالغاندا ، پاتەمخانغا مېهمانخانىدىن يېڭى يوتقان - كۆرپە ئېلىپ كىرىپ ، مۇختارغا ياتاق ئۆيدىن ئورۇن ئېلىپ چىقمايلا مېهمانخانىدىكى يوتقان - كۆرپىلەرنى سېلىپ بەرگەنىدى .
پاتەمخان قۇتىدىكى سۇيدۈكنى دىلنارنىڭ يوتقان - كۆرپىسى بىلەن لىمتاقتا تىزىقلىق مۇختارنىڭ يوتقان - كۆرپىسىگە چاچتى .
ئەتىسى ئەتىگەندە پاتەمخان بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە دىلنار ناشتىلىق تەييارلىدى . ناشتىدىن كېيىن پاتەمخان كەتمەكچى بولدى . دىلنار ئۇنىڭغا ئىككى پارچە ئەن رەخت ۋە داۋالىنارسىز دەپ يۈز يۈەن بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپ ، ئۆزلىرىمۇ ئىشقا ماڭدى .
پاتەمخان مۇختار قاسساپ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ بولغۇچە ، ئابدۇللا تۈنۈگۈن چولپان بىلەن دېيىشىۋالغىنى بويىچە سەهەردە كېلىپ مۇختار قاسساپنىڭ ئۆينىڭ سەل نېرىسىغىراق بېرىپ كۈتۈپ تۇرغانىدى ، پاتەمخان چىقىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ ئابدۇللا : «هەي جەددال ! بىر ئاق كۆڭۈل ئىنساننىڭ ئۆيىگە

كىرىپ نىمە شۇملۇقلارنى تېرىغانسەن، قېرىغاندا ياشلىقتىكى گۇناھىڭغا تىۋۋا قىلىپ، دەللاللىقتىن قول ئۈزسەڭ بولماسمىدى. ئادەمگىمۇ ئىچ ئاغرىتامدىغان، ئۆي ئىگىسى ئادەمگەرچىلىك قىلسا، سەن تۇزكورلۇق قىلدىڭغۇ دەيمەن. «ئۆيگە كىرگۈزمەڭ دەللالنى، كىرىدۇ ـ چىقىدۇ بۇزىدۇ پەللىنى»، دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. ئابدۇللا چولپاننىڭ قىلمىشاتقان ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغان بولسىمۇ، چولپاننىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، نىمىلەرنى دېيىشكەنلىكى، پاتەمخاننى نىمە ئىشلارغا سېلىشاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئابدۇللا پاتەمخاننى ھارۋىسىغا چىقىرىپ چولپاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئەنۋەر گوداڭغا كەتكەنىدى. پاتەمخاننى چولپان كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، ھارۋا ئىشىككە يېتىپ كېلىشى بىلەن چولپان چىقىپ كۈتۈۋالدى. پاتەمخان بولسا، ناھايىتى خۇشال، جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ئانا؟ — دەپ ھال سورىدى چولپان.

— دېگىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇقراق ئوبدان تۇردۇم. ئەمدى سىزمۇ مەڭگۈ ئوبدان تۇرىدىغان بولدىڭىز. شەرىخانمۇ شۇنداق، — دېدى پاتەمخان، — ئەمدى ئامەت سىزگە يۈزلەندى. ئامەت كەلسە بىزلەرنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىز.

— ئەلۋەتتە ئۇنتۇمايمەن، ۋاقتىڭىز يەتسە كېلىپ تۇرۇڭ، ئىشىم چىقسا ئىزدەپ بارىمەن، ئالدىمىزدا يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىم بار. قېنى ئۆيگە كىرىپ ئەھۋاللىشايلى، ئاندىن كېيىن ئابلاجان ئاپىرىپ قويسۇن، — دەپ مېھمانخانىغا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا چاي قۇيۇپ ئولتۇرۇپ:

— قانداقراق بولدى؟ ئىشلىرىڭىز قاملاشتىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى. پاتەمخان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى.

چولپان پاتەمخاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ھەيران قېلىپ،

خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي كەتتى . ئۆزىنى ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى ، ھەممىدىن قۇدرەتلىك ھېسابلىدى . بارلىق مۆجىزات ئىتائىتىگە بويسۇنۇپ ، ئىنس - جىن ، دىۋە - پەرى خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ پەرمان كۈتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ، «مەن غەلىبە قىلغۇچى ! مەن يېڭىلمەيمەن ! پۈلۈملا بولىدىكەن ، ھەممىنى بويسۇندۇرىمەن ! مۇختار قاسساپ سەن تۈگەشتىڭ ! سەن يەنىلا مېنىڭ چاڭگىلىمدا ئىكەنلىكىڭنى ئەمدى بىلىپ قالىسەن ! ئەي سۆيۈملۈك گۆھىرىم دىلناردىن ئايرىلىسەن ! سەن ۋەيران بولدۇڭ ! مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىمەن ، دەپ ئويلىغان بولغىيدىڭ . ياق ، خاتالاشتىڭ . ئەمدى سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار سېھىرلەنگەن مۇھەببەت . سىلەرنى مەن قانداق كۈنگە قالدۇرۇشنى خالىسام ، شۇنداق قىلالايمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆتتى .

پاتەمخاننىڭ مەغرۇرانە پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئابدۇللانىڭ ھارۋىسىدا يولغا سېلىپ قويدى . ئابدۇللاغا :

— ھايال بولۇپ قالماڭ ، يەنە ئىش بار . ھە راست ! ئاپامنىڭ ئۆيىگە كىرگەچ كېلىڭ ، — دەپ تاپىلاپ قويدى .

ئابدۇللا پاتەم دەللالنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ، قايتىپ كېلىپ شەرىخاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ، ئۆزى دېمەتلىك بىر ئايال بىلەن باش بېقىشىپ ئولتۇرۇپ ، قانداقتۇر بىر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتاتتى . ئابدۇللانى كۆرۈپ ئالدىغا بېرىپ :

— نېمە ئىش بولدى ، كېلىپ قاپسىزغۇ ؟ — دېدى .

— ھېچ ئىش يوق ، — دېدى ئابدۇللا ، — چولپان خانىم كىرگەچ كېلىڭ دەپ ئەۋەتتى . سىزنى كەلسۇن ، دېگەن بولسا كېرەك .

شەرىخان ئابدۇللانىڭ ھارۋىسى بىلەن كەلگەن چاغدا كەچ پېشىن ۋاقتى بولغانىدى . چولپان ھويلىسىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇراتتى . شەرىخاننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى . شەرىخان كۆردىكى ،

چولپاننىڭ چىرايىدىن بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى .

— نېمە بولدۇڭ قىزىم ، چىرايلىرىڭ بىر قىسما تۇرىدۇ ، ئاغرىپ قالدىڭمۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى شەرىخان .

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ئاپا ، — دېدى چولپان ، — كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ ، خۇشاللىقىمنى ياكى خاپىلىقىمنى بىلەلمىدىم . شۇڭا سىزنى چاقىرتقانىدىم . ئەپسۇنلانغان نەرسىلەرنىڭغۇ ، پاتەم دەللال جاي ـ جايىدا قاملاشتۇرۇپ بەردى . ئەمدى گەپ : قىلغان سېھىرنىڭ كېيىنكى ـ كەسمەسلىكىدە قالدى . مېنىڭچە ، ئۆلگەن مۇردا قېتىپ قالغاندەك ، ئەپسۇن كۈچىنى كۆرسىتىپ ھازىرلا سېھىرلەنگەن بولسا ، مۇختار بىلەن دىلنار ئوتتۇرىسىدا غەلۋە ـ جودا باشلىنىپ ، باش ـ كۆزىنى يېرىشقان بولسا ، ئوبدان بولاتتى . ئەتىگەندىن بۇيان جىمجىت تۇرىدۇ ، كۆڭلۈمنىڭ بىئاراملىقىدىن چىرايلىرىم ئۆزگىرىپ قالسا كېرەك .

شەرىخان قىزىنىڭ تەقەززالىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى ، شۇنداقتىمۇ چولپاننىڭ بىتاقەت بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ :

— ھەي ئەخمەق ! سېھىر ـ جادۇ دېگەن بۇ تەرەپتىن قىلىپلا ئۇ تەرەپتىن پايدىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان ، تېزلا تارتىۋالىدىغان بوياقچىنىڭ كۆپى ئەمەس . ئۇنىڭ دەرھال تۇتىدىغانلىرى بار ، ئالدىرىماي تۇتىدىغانلىرى بار . ھەتتا ئىككى ـ ئۈچ يىلدا تۇتىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ . سەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولساڭ ، ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆزىتىپ تۇرغىن ، دىلناردىن قۇسۇر تېپىپ ، مۇختارغا چېقىشتۇرغىن . پۇرسەت تاپساڭ سۆز تارقىتىپ ، ئەل ئىچىدە يۈزىنى تۆككىن . ئەنۋەرگە گەپ ئۆگىتىپ ، ئۇلار ئارىسىدا جېدەل تېرىغىن . غەلۋە بىرئاز ئۇلغايغاندا سەن ئۆزۈڭنى چەتكە تارتقىن . ئاشكارىلىنىپ قالاي دېسەڭ ، «ئاغرىق مەن» دەپ ئۆيدە ياتقىن . ئىشنىڭ پەقەت قاملاشمىسا ، شۇئان ئىزدەپ مېنى تاپقىن . مەن شۇ چاغدا چارە

ئويلاپ ، ئىشقا قاراپ تەدبىر قىلىمەن . سىپنىڭ بۇنداق ئالدىراپ كېتىشلىرىڭ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلىدۇ ، — دەپ كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى چولپان ، — ئۆيىمىز بىر كوچىدا بولمىسا ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى قانداق كۆزەتكىلى بولسۇن ، بىرىپ تۇراي دېسەم ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى پات - پات بارمايدىغان تۇرسام .

— سەن بولساڭ ، كېلىن ، ئەنۋەر بولسا مۇختارنىڭ كۆز قارىچۇقى . ئوغلىغا كۆيگەن كىشى ئۇنىڭ يۈز - خاتىرىسىدىن ئايالىنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايدىغان بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇختار ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن قېلىشقۇسىز ئوبدان ئادەملەر . دىلنار مۇختار قاسساپنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئەتىۋارلاشنى ، ئوغلىنى ئەتىۋارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالىغا ياخشىچاق بولۇشنى ئوبدان بىلىدۇ . سەن قانچىكى كۆپ بارساڭ ، ئىككىلىسى شۇنچە خۇشال بولىدۇ . سەن مۇشۇنداق ئەپلەك پۇرسەتنى قولدىن بەرمىسەڭ ، مەن دېگەن ئىشلارنى قىلالايسەن . ئۇنىڭ قوينىغا كىرمەي تۇرۇپ ھەرگىز نەشتەر ئۇرالمايسەن ، — دەپ يول كۆرسەتتى شەرىخان .

شۇنداق قىلىپ ، چولپان مۇختار قاسساپنىڭ ئۆيىدە ئەتىسى - ئاخشىمى كەم بولمايدىغان بولدى . ئۇنىڭ ئارىلاشقىنىغا مۇختار بىلەن دىلنار ناھايىتى خۇشال ئىدى . ئەمما ، چولپاننىڭ يامان غەرەز بىلەن كەلگەنلىكىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمەيتتى .

چولپان قېيىناتىسى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى دىلنارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ يۈردى . كۆردىكى ، بۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئامراقلىقى چۆچەكلەردىكى ئاشىق - مەشۇقلارنى ئەسلىتەتتى . دىلنار مۇختار بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، قاسساپلىقنى ئۆگىنىۋالغانىدى . مۇختار سويۇپ ئەكېلىپ بەرگەن گۆشنى دىلنار ساتاتتى . دۇكاندىن كەلگەندىن كېيىن غەللىنى

ئىككىسى دەرقەمدە تۇرۇپ ساناپ ، دىلنارغا تاپشۇراتتى .

چولپان كۆردىكى ، ئوقۇتقان ئەپسۇنلىرى مۇختار بىلەن دىلنارنىڭ مۇھەببىتىنى سېھىرلەش ئەمەس ، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىشۋاتقاندەك قىلاتتى . چولپان ئاپىسىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ ، گەپ تازقاتماقچى بولدى . ئەمما ئۇنىڭغا ئىشەندۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، چولپان مۇختار بىلەن دىلنارنىڭ ئىناق مۇھەببىتىنى كۆرگەنسېرى ھەسەت ئوتى شۇنچە يالقۇنلىنىپ ، ئۆزىنى ئازابلىماقتا ئىدى . شۇ ۋەجىدىن «ئىككىسىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ ، بېرىپ - كېلىشنى ئازايتىپ ، ئەپسۇنىنىڭ كۈچىنى كۇتتى . ئارىلىقتا يېرىم يىل ئۆتتى ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى . بىلدىكى ، ئەپسۇن كېرەككە كەلمىدى .



# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## قارلىق سەھەر

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى . ياز تۈگەپ ، زىمىستان قىش كىردى . بارات موللا تەييارلاپ بەرگەن ئەپسۇن ھېچقانداق كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى . ئەكسىچە مۇختار قاسساپ بىلەن دىلنار تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى . بىرى بولماي قالسا ئۇنىڭغا قىسىنىپ يەنە بىرىنىڭ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەس دەرىجىدە ئىدى . بۇلارنىڭ ئىناقلىقى يىگىت ـ قىزلارنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى .

چولپانغا بىر كۈن بىر يىلدەك بىلىنىپ ، تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇ بىلدى ، ئۇنىڭ ئوقۇتقان ئەپسۇن ، قىلغان سېھىرلىرى ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى . يەنە نەچچە يىل كۈتكەن بىلەنمۇ كېرەككە كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، بىئاراملىقى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇختار قاسساپ دىلنارنى ئالغاندىن كېيىن تىجارىتى روناق تېپىپ ، ھال ـ كۈنى باشقا كەسىپداشلىرىنىڭكىدىن پەرقلىق دەرىجىدە ياخشىلانغانىدى . چۈنكى ، دىلنار مۇختار قاسساپنىڭ قولىغا ـ قول ، پۇتىغا ـ پۇت بولۇپ ، مايلىشىپ كەتكەن كۆك خالاتنى كىيىپ ، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە گۆش ساتاتتى ، مۇختار بولسا ، چاربازارلارغا بېرىپ مال سېتىۋېلىش ، گوداڭغا ئاپىرىپ سويۇپ ، دۇكانغا گۆش يەتكۈزۈپ

بىرىش ئىشلىرى بىلەن بولاتتى. «ئۆينى گۈل قىلغانمۇ خوتۇن، چۆل قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك، دىلنار ئېرىم كۆرمىگەندىكىن، دەپ ئالاكۆڭۈللۈك قىلماي، ھەممە پۇلنى ئېرىگە تاپشۇراتتى. ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

چولپانچۇ؟ ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ئېرى ئەنۋەر يالغۇز ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ تاپقان پايدىسىغا ئۇتتۇرلۇق كىيىم - كېچەك، زىبۇزىنىنەتلەر ئېلىپ بۇزۇپ چېچىش بىلەن قالماي، يەنە ئاپىسىغىمۇ توشۇيتتى. شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، مۇختار قاسساپنىڭ پۇل - ماللىرىنى قولغا كەلتۇرىمەن دەپ يۈرۈپ بىرمۇنچە زىيان تارتقان بولسىمۇ، ئىش ئەپلەشمىدى. چولپان شۇنچە پۇل خەجلەپ، نۇرغۇن جاپالار بىلەن تەييارلىغان ئەپسۇنىنىڭ كېرەككە كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلاپ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇنى يالغان دەي دېسە، بارات موللىنى ئىزدەپ كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. جەمئىيەتتىمۇ بىلىدىغانلار ئۇنىڭ كارامىتىنى ماختاپ يۈرۈشەتتى. ئىشىنەي دېسە، ئوقۇغان ئەپسۇنلىرى مۇختار بىلەن دىلنارنىڭ مۇھەببىتىنى سېھىرلىيەلمىدى. ئاخىر: «ئىشنى ئۆزۈم بۇزۇپتىمەن. زىنا سۈيدۈكىنى تەييارلاشتا ئورنۇمغا ئادەم ئاپىرىپ بەرمەي، ئۆزۈم ھەمراھ بولغان بولسام بولغانىكەن، رابىيەگە كۈچى يەتمەي بولغان ئاۋارىچىلىكتىن خاپا بولۇپ، ئاچچىقىدا ئەپسۇننى ئەكسىچە ئوقۇپ، مۇختار بىلەن دىلنارنى ئايرىۋېتىشنىڭ ئورنىغا، مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ. ئىشنى ئۆزۈم بۇزغان تۇرۇقلۇق بارات موللامدىن گۇمانلىنىپ گۇناھكار بوپتىمەن. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە كىرىپ، سۈيدۈكنى ئۆزۈم سىيىپ بەرمىگەندىمەن؟» دەپ كۆپ ئەپسۇسلار قىلدى. «ئەمدى بۇنى قانداق قىلغۇلۇق؟… بارات موللامنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپ، ئەپسۇننى قايتا ئوقۇتقۇزاي. زىنا سۈيدۈكىنى ئۆزۈم سىيىپ بېرەي. باشقىلىرىنى ئابدۇللاغا تەييارلىتاي» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئابدۇللانى تاپماقچى بولدى.

ئابدۇللامۇ پات ـ پات كېلىپ ، ئىشلىرى بولسا قىلىشىپ بېرىپ ، يۈرگەنىدى . لېكىن ، بۈگۈن ئۇنىڭ نەلەردە يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . كىراكەشلەرنى بىر تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ دېگىلى بولمايتتى ، ھازىر بىر تەرەپكە كېتىۋاتقان بولسا ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئارقىسىغا يېنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى .

كۈن تېخى ئەتىگەن ئىدى . چولپان ئۈچىسىغا مارى پەلتوسىنى كىيىپ ، كۆزەينەك تاقاپ ، ئاغزىغا ماسكا تارتىپ ، بېشىغا قارا توقۇلما رومالنى چىگىپ ئۆيدىن چىققاندا ، كېچىچە ياغقان قار توختاپ ، پۈتۈن كائىنات ئاق خالاتقا پۈركەنگەنىدى . ئەمدى بولسا ، ئۇششاق قار دانچىلىرى چۇشۇپ ، شىۋىرغاننىڭ ئۇرۇشى بىلەن كۆزنى ئاچقىلى قويماي ، تەگكەن يەرنى ئېچىشتۇراتتى . چولپاننى بولسا ، شىۋىرغان ئەمەس ، بەلكى بورانمۇ توسالمايتتى ، چۈنكى ئۇ رەقىبلىرىنى ۋەيران قىلىش يولىدا ھەرقانچە بەدەل تۆلەشتىن قورقمايتتى . ئۇ جىددىي قەدەم تاشلاپ ، قار كېچىپ ئۆستەڭ بويىدىكى قاراماي يول تەرەپكە ماڭدى . چوڭ يولدا چاقىغا زەنجىر باغلىۋالغان يۈك ماشىنىلىرى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندىن باشقا ، تاكسى ياكى كىرا ھارۋىلىرى كۆرۈنمەيتتى . چولپان : «ھەي… كەمبەغەل دېگەن شۇنىڭغا كەمبەغەل ـ دە ، كىراكەش دېگەن يامغۇر ياغقاندا ، قار ياغقاندا ، ئەتىگەنرەك تۇرۇپ كوچىغا چىقسا ، ماڭالماي تۇرغاندا كىشىلەر ئۇنىڭغا قانچە پۇل دېسە شۇنچىنى بېرىپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ . مانا يولدا كىراكەش دېگەندىن بىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ» دەپ ، چوڭ كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى . چوڭ كۆۋرۈك شەھەر ئىچىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغان قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ توپلىنىدىغان مەركىزى بولۇپ ، كىراكەشلەر ئادەم چىقسا توشۇپ ، بولمىسا ، تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشاتتى . چوڭ كۆۋرۈككە بېرىش ئۈچۈن چولپانغا ئاز دېگەندە ئىككى كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى . يولنىڭ يىراقلىقى ئۇنى توسۇپ قالالمىدى . يول بويلىرىدا بىر توپ لالما ئىتلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ، گاھىدا بىر ـ بىرىنى



بىسىپ قارغا يۈمىلاپ، گاھىدا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەكتە ئىدى. بىر كەمدە ئىتلار توپى يۈگۈرۈشۈپ چولپان تەرەپكە كەلدى. ئەمما، يېقىن كەلگەندە توختاپ چولپانغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، يەنە ئارقىغا بۇرۇلۇپ بىر - بىرلىرى بىلەن ئوينىشىپ كېتىپ قالدى. چولپان قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي جايىدىلا ئولتۇرۇۋالغانىدى، ئىتلار كەتكەندىن كېيىن «ئىلاھا شۈكۈر» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ چوڭ كۆۋرۈككە بارغاندا، ئاشپەز - ناۋايلار دۇكانلىرىنى ئېچىپ بولۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى قارلارنى تازىلاۋاتاتتى.

چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قاتار ئورۇنلاشقان ئاشخانىلارنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئۇچىسىغا جۇل - جۇل كىيىملەرنى كىيىپ، سەرپۇش تۇمىقىغا كىرلىشىپ كەتكەن ئاق داكىدىن سەللە ئورىۋالغان ئاق ساقاللىق بىر كىشى مۇرىسىگە خۇرجۇننى ئارتىپ:

مەن قەلەندەر شاھى مەن، ئاللاھۇ،
كوچىلاردا خارىمەن، ئاللاھۇ.
پاياندازى گۈل خېنىمەي، ئاللاھۇ،
دەردىگىدە ۋاي بىچارىمەن، ئاللاھۇ.

دەپ ساپايىسىنى مۇڭلۇق چېلىپ كېلىۋاتاتتى. بىرمۇنچە ئۇششاق باللار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بىللە كەلمەكتە ئىدى. قار تازىلاۋاتقانلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، يانلىرىنى ئاختۇرۇپ پارچە پۇللىرىنى سەدىقە قىلىشتى. دۇكان - دۇكانىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئەڭ ئاخىرقى دۇكانغا كەلگەندە، چولپان ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، يانچۇقىدىن ئون يۈەننى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

— بوۋا! بۇنىڭغا دۇئا قىلىڭ، مۇشكۈل ئىشىم ئاسان بولغاي، — دېدى.

— رەھمەت قىزىم، رەھمەت! — دېدى بوۋاي پۇلىنى

ئېلىپ ،— توپا ئالسىڭىز ئالتۇن بولغاي ، كۆل ئالسىڭىز كۈمۈش بولغاي ، دۈشمىنىڭىز يەكسان بولۇپ ، مۇرادىڭىز ھاسىل بولغاي ، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر ، — دەپ دۇئا قىلدى ـ دە :

پۇلنى دەپ ھەسەت قىلىپ بولما ئۆلۈمدىن بىخەۋەر ،
قىل گۇناھىڭغا پۇشايمان ، توۋا قىل تاڭ ۋە سەھەر .
ئى بۇرادەرلەر ، ئۆلۈم ۋاقتىنى بىلمەس ھېچ كىشى ،
گاھ ئوغۇل كۆمگەي ئاتانى ، گاھى ئوغلىنى پەدەر .
سەن بۇگۇن بولما تەكەببۇر ، مال ـ مۈلكىڭنى كۆرۈپ ،
كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قىلغاي بۇ ئۆلۈم زىرۇ زەبەر .
بولسا ئاچ كۆز ھەر كىشى ، گەر قىلسا ئۆزگىگە ھەسەت ،
ئىككى ئالەمدە ئۇنىڭ ئۆتەر كۈنى ئىتتىن بەتتەر .

دەپ غەزەل بىلەن ساپايىسىنى چېلىپ ، يەنە بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى .

چولپان ئۇنىڭ غەزەللىرىنى خېلى ئۇزاققىچە تىڭشاپ تۇردى . ئەڭ ئاخىرىدا :

بىر قويۇم ئىككىنى تۇغدى ، ئاللاھۇ ،
كۆرۈڭ ئۇنىڭ قوزاسىنى ، ئاللاھۇ .
كىمكى يامانلىق ئەيلىسە ، ئاللاھۇ ،
ئاللا بېرۇر جازاسىنى ، ئاللاھۇ .

دېگەننى ئاران ئاڭلىيالىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى .

ئۇنىڭ غەزەللىرى خېلى ئۇزاققىچە چولپاننىڭ قۇلىقىدىن نېرى كەتمىدى . ئۇنىڭ ئېيتقان غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنى گويا چولپاننىڭ ھازىرقى قىلىۋاتقان قىلمىشىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى .

چولپان قىيناتىسى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى دىلنارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . «ئۇلار مـاڭـا ياخشىلىق قىلدى . مەنچۇ ؟ ... ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە ئـۇلارنـى قـەسـتـلـەۋاتىمەن . بۇ نىمە ئۈچۈن ؟ » دىگەنلەرنى ئويلىدى ، «ياق ، پۇل تاپقاندا رەھىمسىز بولۇش كىرەك . مىنىڭ ئىشىم باشقىغا ئوخشمايدۇ . ئەنۋەرگە شىرىك بولىدىغان مىراسخورنى يوقىتىمەن . مۇختارنى مەڭگۇ تەنها ئۆتكۈزىمەن . ئاتىسىنىڭ ئوقىتى جەزمەن ئوغلىغا قىلىـنـشـى كىرەك ، بوپتۇ ، گۇناھ بولىدۇ دەيلى ، پۇل قولغا كەلگەندە بىر قىتىم ھەج قىلىۋالساق ھەممىسى تۆگەپ ، پاكلىنىمىز ئەمەسمۇ ! مەن مۇخـتـارنى ۋەيـران قىلـىمەن . دىگەنـلىرىمـنـى قىلـمـاي قويمايمەن» دىگەن قارارغا كەلدى ـ دە ، بىردەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ ، ئابدۇللانىڭ ھارۋىسىنى ساقلاپ ، كۆزۈرۈكنىـــڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى . ئۇ تەرەپتىمۇ كىشىلەر قار تازىلاش بىـلـەن مەشغۇل ئىدى . بىركەمـدە جەنۇب تەرەپـتىكى يىزا تـاشـيولى تەرەپـتىن ئۈچ ـ تۆت ھارۋا چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ ھەممىسى ياز كۈنلىرىدىكىدەك ئۈستىگە سايىۋەنلىرىنى تارتىۋالغانىدى . چولپان كۆردى ، ئەڭ كەينىدىكى ھارۋا ئابدۇللانىڭ ئىـدى . چولپان : «ئىشىم ئوڭدىن كەلدى بولغاي ، بۇ ھىلىقـى قەلەندەرنـىـڭ دۇئاسىدىن بولسا كىرەك . ئىست ! يەنە ئون يۈەن بەرسەمچۇ» دىگەنلەرنى ئويلاپ ، ئابدۇللانىڭ ھارۋىسى تەرەپكە ماڭدى . يىقىنلاپ بىرىپ :

— ئابلاجان ! — دەپ چاقىردى . ئابدۇللا بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ، چولپان ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ھارۋىسىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى . ئاندىن سورىدى :

— سوغۇقتا قار دەسسەپ بۇ تەرەپكە كىلىپ قاپسىزغۇ ؟

— سىزنى ئىزدەپ كەلدىم ، — دىدى چولپان .

— بىرەر ئىش بارمىدى ؟

— شۇنداق .

— نىمە ئىش ؟

— ھېلى بىلىپ قالىسىز .

— ھارۋىغا چىقىڭ ئەمىسە .

چولپان ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى ، ئابدۇللا :

— يول قاياقتا ؟ — دەپ سورىدى .

— ئىلگىرىكى تەرەپكە .

— ئىلگىرى كۆپ يوللارنى مېڭىۋەتتۇققۇ ، موللىنىڭ ئۆيىگىمۇ ياكى دەللالنىڭ ئۆيىگىمۇ ياكى سىلىنىڭ ئۆيىگىمۇ ؟ سىز دەپ بەرمىسىڭىز ، مەن قانداق بىلەي ؟

— موللىنىڭ ئۆيىگە ، ئورماندىكى ھېلىقى بارات موللامنىڭ ئۆيىگە ، — دەپ تەكرارلىدى چولپان .

ئابدۇللا ھارۋىسىنى ھەيدەپ چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ ، چولپان كەلگەن ئۆستەڭ بويىدىكى قاراماي يول بىلەن ئورمان مەيدانى تەرەپكە راۋان بولدى . بۇ چاغدا شىۋىرغان پەسىيىپ ، قار ئۇچقۇنلىرى توختىغانىدى . يوللاردا ماشىنا ـ تراكتورلار ئوخشاشلا قاتناپ ، پىيادىلەرمۇ خېلى ئاينىپ قالغانىدى . چولپان ئىلگىرىكى قېتىم بارغاندا ، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، ئۇۋدىن قاچقان تۈلكىدەك ئەنسىزلىك ئىچىدە ماڭغانىدى . ئەمدى بولسا ، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشى بىلەن كارى يوق ، ئۇچۇق ـ ئاشكارا ماڭدى . چۈنكى ، قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئابدۇللانى تونۇپ كەتكەنىدى ، ئۇلار ئىككىسىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان دەپ بىلەتتى .

ئابدۇللا چولپاننىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەمسىزلىك ئالامەتلىرىنى سېزىپ ، بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ سورىدى :

— چولپان خانىم ! ئىشلىرىڭىز كۆڭۈللۈك بولمىدىمۇ ، نېمە ؟

— شۇنداق ، — دېدى چولپان جاۋاب بېرىپ .

— يازدىكى ھېلىقى ئىشتىنغۇ چاتاق چىقمىغاندۇ ؟

— چاتاق چىقتى . دەل شۇنىڭدىن چىقتى ، — دەپ

تەكرارلىدى چولپان .

ئابدۇللا دەسلەپتىلا بۇ ئىشنىڭ كىرەككە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى . چۈنكى ، ئۇ چولپاندىن باشقىمۇ بىرقانچە ئادەمنى ئاپارغانىدى . مەلۇم بىر كۈنى ياش بىر ئوقۇتقۇچى چوكاننى ئاپاردى . ئۇ شۇنداق غەزەپلەنگەن ئىدىكى ، يولدا بارغۇچە ئابدۇللا نەچچە نۆۋەت گەپ كوچىلاپ باقسىمۇ ، بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرمىدى . ئەسلىدە ، بۇ چوكان بىر مەكتەپتە ئىشلەيدىغان يەنە بىر ئوقۇتقۇچىنى ياخشى كۆرەتتى ، لېكىن يىگىت بولسا ، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرەتتى . ئاخىر بۇ چوكان كىشىلەردىن بارات موللىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قېشىغا باردى . ئۇ بىر پارچە «بەختنامە» تۇمارنى بېرىپ : «يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈڭ» دېدى . يەنە بىر قەغەزگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ : «ئۈچ بۇرجەك قىلىپ لاتىدا قاپلاپ ، ئېگىز دەرەخكە ئېسىڭ» دېدى .

ھېلىقى چوكان بارات موللىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى . ئەمما ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى .مۇشۇنداق ئالاھەزەل بىر يىلغىچە يول ماڭدى ، ئالغان مائاشى بارات موللىغا بېرىشكە يېتىشمەي ، قەرزدار بولۇپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەپسۇنلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرگەنىدى ، بۇگۈن ھېلىقى يىگىتنىڭ باشقا بىر قىز بىلەن تويى ئۆتكۈزۈلدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ بارات موللا بىلەن ھېسابلاشقىلى مېڭىشى ئىدى . بارات موللىنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— موللام ! بۇ نېمىلىرى كىرەككە كەلمىدى . بۇنى ئېلىپ پۇللىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسىلە ، — دەپ «بەختنامە» بىلەن ئۈچ بۇرجەك تۇمارنى ئالدىدا قويغانىدى ، بارات موللا :

— مەن سىزنى چاقىرىپ كەلمىدىم . ئۆزىڭىز كەلدىڭىز . سىز ھۆكۈمەتكە بېرىپ : «مەن بولسام پەننىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچى ئىدىم . موللامنىڭ قېشىغا بېرىپ سېھىر قىلدۇرسام يالغان چىقتى» دەپ دەۋا قىلىڭ . بەك ئاپارسا ، مېنى ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىدۇ ، ساقچىنىڭ باشلىقى ئادىلجان مېنىڭ

نەۋرەم بولىدۇ . ئەگەر مېنى يەنە ئاۋارە قىلسىڭىز ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ ئۇستىڭىزدىن شىكايەت قىلىمەن ، — دېگەندى ، ھېلىقى چوكان گەپ - سۆز قىلالماي ، قىلغان ئەخمەقلىقىگە ئەپسۇسلار قىلىپ قايتىپ كەلگەندى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئابدۇللا يەنە ئىككى - ئۈچ نۆۋەت بارات موللىنىڭ ئۆيگە غەلۋىنىڭ ئۇستىگە بېرىپ قالدى . چولپان قاتراپ يۈرگەندىمۇ ئابدۇللا بۇ ئىشتىن بىر كۈنى چاتاق چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى ، ئەمما ئابدۇللا بولسا كىراكەش . بىر كۈن ئىشلىمىسە ، بىر كۈن ئاچ قالىدۇ . شۇڭا ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . ئارىلاشقاندىمۇ ، ئۇ خىلدىكى ئادەملەرنى توسۇپ قالالمايتتى . چۈنكى ، نادانلىق بىر جاھىل ئىشەككە ئوخشايدۇ . ئالدىغا تارتسا ، كەينىگە داجىيدۇ ، تېپىز كېچىككە ھەيدىسە ، چوڭقۇر پاتقاقتا ماڭىدۇ .

— ئەمدى نېمە قىلماقچى ؟ — دېدى ئابدۇللا چولپاندىن سوراپ .

— قايتىدىن ئوقۇتىمەن .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— ئىشنى ئۆزۈم بۇزۇپتىمەن .

— قانداقسىگە ؟

— رابىيەنىڭ ئورنىدا ئۆزۈم قالسام بولغانىكەن .

— نېمىشقا ؟

— رابىيە بارات موللامنى خاپا قىلىپ قويغاندەك قىلىدۇ . ئەتىسى ئۇنىڭ ھالى باشقىچىلا بولۇپ كەتكەنىكەن . رابىيە ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمەي ئاۋارە قىلغان بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۇستىگە جاراھەتكە تۇز سەپكەندەك سىزمۇ مازاق قىلدىڭىز . ئاشۇ ئاچچىقىدا ئەپسۇننى ئەكسىچە ئوقۇپ ، مۇختار بىلەن دىلنارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ئايرىۋېتىشنىڭ ئورنىغا ، ئىسسىقچىلىق سېلىپ ئامراق قىلىۋەتكەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ ؟ مەن بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ ، يالۋۇرۇپ باقاي دەيمەن .

— ئۇنداقتا، قايتا ئوقۇيمەن دەپ قالسىچۇ؟
— ماقۇل دەيمەن، بىر كىچە ئۆزۈم قونۇپ، سۈيدۈكنى تەييارلاپ بېرىمەن. قالغان نەرسىلەرنى تېپىشقا سىز بار.
— مەن بولغان بىلەن ئىمامنىڭ قارا ئىشكى يوق ـ دە، قۇيرۇقنى يۇلغىلى، — دەپ ھىلىقى بورانلىق ئاخشىمى ئىمامنىڭ قارا مادىسىنىڭ قۇيرۇقنى تارتىپ تۇرۇپ يۇلغىلى تۇرغاندا، جامائەتنىڭ مەسچىتتىن چىقىپ كۈلۈشۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى ئەسلەپ كۈلۈپ كەتتى. چولپانمۇ بىر ھازاغىچە كۈلدى. ئەمما، ئابدۇللا چولپانغا باشقا گەپ قىلماي ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماڭدى. يازدىكى ياپيېشىل ئېكىنزارلىقلار بولسا، ئاپئاق قار ئاستىدا تۇپتۇز كۆرۈنەتتى. يول بويىدىكى سۇۋادانلار يالىڭاچلىنىپ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئېگىز تۇتۇپ دەرەخ ئۇچلىرىدا مەغرۇرانە لەيلىشىپ ھېچ كىشىنى كۆزگە ئىلماي يۇرگەن ياپراقلار ئەمدى بولسا تەبىئەتنىڭ ھۆكمى بىلەن يەرگە چۈشۈپ ئات ـ ئىشەك، ئادەمزاتنىڭ ئاياغ ئاستىدا پايمال بولماقتا ئىدى. ئابدۇللا ھەربىر تۈپ دەرەخكە ساناۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ، خىيال سۈرمەكتە ئىدى. چولپان:
— ئابلاجان! سەگىلەرگە قاراپلا كەتتىڭىز، مەن قاراپ ھېچ نەرسە كۆرەلمىدىم. سىز بىرنەرسە كۆرۈۋاتامسىز نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئابدۇللا:
— كۆرۈۋاتىمەن، راستىنلا كۆرۈۋاتىمەن، — دەپ جىم بولدى.
چولپان سورىدى:
— نېمىنى؟
— ئادەمنى، يەنى ئادەملەر سۈرىتىنى.
— چۈشەنمىدىم.
— بۇ غازاڭلارغا قاراڭ، — دېدى ئابدۇللا، — ئالتە ئاي ياز تۇگىگىچە دەرەخ شاخلىرىدا لەيلىشىپ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئېگىز كۆرۈپ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

يەرگە تۆكۈلۈپ ئات ـ ئېشەك ، ئادەمزاتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا يانجىلىپ ، يەنە ئالتە ئايغىچە ھېچنېمىسى قالمايدۇ . ئادەملەرمۇ شۇنداق . بەزى كىشىلەر ئېرىشكەن مەنسەپلىرى ياكى پۇل ـ ماللىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ، كىشىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ، قاقشىتىدۇ . ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدۇ . كۈنلەردىن بىر كۈنى قېرىيدۇ ، ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ ، ئۇ چاغدا ھەممىدىن ئايرىلىدۇ ، تۇپراققا ئايلىنىدۇ . ئېرىشكەن مەنسەپلىرى ، تاپقان مال ـ دۇنياسى ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ . بارات موللىنى ئىزدىگۈچىلەرمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر . بارات موللا بولسا ، كىشىلەر نەزىرىدىكى ئادەملەر تەقدىرىنى ئۆزگەرتكۈچى بىر سېھىرگەر . بۇنى ئىزدىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن دەپ كېلىدۇ . بەزىلەر ۋىسال ئۈچۈن كەلسە ، بەزىلەر رەقىبلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ . بەزىلەر بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز مەنپەئىتىنىڭ بەدىلىگە باشقىلارنى يوقىتىپ ياكى ۋەيران قىلىپ بەرسىكىز ، دەپ كېلىدۇ . ئۇلار ئويلىمايدۇكى ، بارات موللا ھەممىنى سېھىر ـ جادۇ بىلەن ئۆزگە بويسۇندۇرالايدىغان ، ئىنسانىيەت تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرەلەيدىغان كارامەت ئىگىسى تۇرۇقلۇق ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە خاتىرجەملىك يارىتالماي ، تەنھالىقتا قۇرۇق نان غاجىلاپ ، ئورمانلىققا مۆكۈنۈپ ، كىچىككىنە كەپىدە ياۋا توڭگۇزدەك يوشۇرۇن ياشايدۇ ؟ بارات موللا يالغۇز بىر ئەمەس ، ھەممىلا جايدا بار ، ئۇلارنى نادانلار يارىتىدۇ . نادانلار تۈگىمىگۈچە ئۇلار تۈگىمەيدۇ . بىزمۇ ئاشۇ يارانقۇچىلارنىڭ بىرسى .

چولپان يول بويىدىكى دەرەخلەرگە ، باغ ـ بارانلارغا قارىماقتا ئىدى . ئابدۇللانىڭ دېگەنلىرىدەك ، يازدىكى ياپيېشىل مەغرۇر دەرەخلەر ، ئەمدى بولسا ياپراقلىرى چۈشۈپ قۇرۇق قاقشالغا ئوخشاپ قالغانىدى . يول بويىدىكى كېۋەز ئېتىزىدا بىر سېغىزخان ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئېشەكنىڭ سوڭگۈچىگە قونۇپ ئولتۇرۇپ ،

ئۈنىڭ يېغىرىنى چوقۇۋاتاتتى . ئېشەك بولسا ، بېشىنى ئىككى تەرەپكە سىلكىپ قويۇپ ، يەرگە قاراپ جىمجىت تۇراتتى . چولپان :
— ئابلاجان ! ئاۋۇ نېمە ؟ — دەپ سېغىزخاننى كۆرسەتتى .
— ئېشەكنىڭ دۇشمىنى ، — دېدى ئابدۇللا جاۋاب بېرىپ .
— ئېشەكنىڭمۇ دۇشمىنى بولامدۇ ؟
— دۇشمەن بولمىسا ، يېغىرىنى كولامدۇ .
— ئېشەك نېمىشقا جىم تۇرۇپ بېرىدۇ ؟
— جېنىدىن تويغاندۇ ياكى بېشىدا نۇقتا بولغاچقا ، قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ، ئەلھۆكمىللا دەپ تۇرغاندۇ .
— ئۈنىڭ نامى نېمە ؟
— سېغىزخان .
— چىرايلىق جانىۋار ئىكەن .
— راست ، چىرايلىق جانىۋار ئىكەن . خۇدايىم ئۈنىڭ چىرايىنى چىرايلىق ياراتقان بىلەن كۆڭلىنى پەس ياراتقانىكەن . ئۈنىڭ توققۇزى تەل ، خالىغان يېرىگە پەرۋاز قىلالايدىغان تۇرۇپمۇ ، قان - يىرىڭ يېمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن . ئۈنىڭ بۇ تەرىپى بەزى ئادەملەرگىمۇ ئوخشاپ قالىدىكەن . شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى ، ئەسلىدە ئۈنىڭ تېگى پەس بولغان بولسا ، بىر ئۆمۈر ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن ياشىسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئەسكىلىكىنى قىلماي قويمايدۇ . مىسال قىلىش مۇمكىنكى ، بەزىلەر ھەرەمگە بېرىپ تۈۋا قىلىپمۇ ، يەنىلا بۇرۇنقى ئەسكىلىكلىرىنى تاشلىيالمىغاندەك ، —
ئابدۇللا گەپ بىلەن بولۇپ ، ئورماندىكى چىغىر يولغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى . ئالىجەدە تاشيولدىن قايرىلىپ چىغىر يول بىلەن يۈرمەكتە ئىدى . ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدا ، چوڭ - كىچىك نۇرغۇن ئەرلەر قولىرىغا تاياق ، چوماقلىرىنى ئېلىپ ئورمان ئارىلاپ ئىز - ئىزلاپ ، چاتقاللارنى ماراپ يۈرەتتى . بۇ يۇرتنىڭ خەلقى تېگى - تەكتىدىن ئوۋچىلار بولۇپ ، قار ياغقان كۈنلەردە ، قار توختىغاندىن كېيىن ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئوۋغا چىقىدىغان ئادىتى بار ئىدى . بۈگۈن قارچۈغىسى بارلار

جاڭگاللارنى ئوۋلاپ، چوماقچىلار غول ئورماننى ئاختۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇنداق قىلمىسا، دەرەخزارلىقتا قارچۇغا سالغىلى بولمايدۇ.

چولپان ئوۋچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ، يەنىلا ئۆز ئىشىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ رابىيەنىڭ ئورنىغا بارات موللىغا ئۆزى ھەمراھ بولۇپ، رازى قىلمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ تۇراتتى، ئارقا تەرەپتىن ئىككى ماشىنا كېلىپ يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىرى ساقچى ماشىنىسى، بىرى دوختۇر ماشىنىسى ئىدى.



## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# جاھاننىڭ قۇلقى بار

چولپان يېرىم يىلنىڭ مابەينىدە، كۈندە دېگۈدەك قاتراپ يۈرۈپ، ئۆينىڭ ھېچ ئىشى بىلەن كارى يوق بولۇۋالدى. ئۆيدە تۇرغان كۈنلەردىمۇ، مىجەزى چۈس، غەمكىن ئىدى. ئىلگىرىكىدەك ئەنۋەر دۇكاندىن كەلگەندە ھەممىنى تەڭ ساناپ، پۇلنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغان ئىشمۇ يوق. ھەمىشە بىرەر خەۋپتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆيگە ئابدۇللا، پاتەمخان دېگەنلەر پات - پات كېلىپ تۇراتتى، بۇنىڭدەك چاغلاردا ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئولتۇرالماي قالاتتى. ئەنۋەرنى بىرەر باھانە بىلەن ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۇلار بىلەن يالغۇز قېلىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى «نەۋرە ئاكىسى» ئابدۇللانى تېپىۋالغاندىن ئېتىبارەن باشلانغانىدى. ئەنۋەر ئۆزىنىڭ ساددا، ئاق كۆڭۈللىكىدىن دەسلەپتە ئابدۇللانىڭ ۋە پاتەمخان دەللالنىڭ كېلىپ - كېتىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى، بەلكى ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. بارا - بارا ئابدۇللا ھەر قېتىم كەلگەندە، چولپاننى ئېلىپ كېتىپ، كەچقۇرۇن ئەكېلىپ قويىدىغان بولدى. گاھىدا ئۇنىڭ ھارۋىسىغا پاتەمخانمۇ چىقىپ قالاتتى. بۇ ئەھۋال

ئەنۋەردە بىر ئاز گۇمان پەيدا قىلدى ـ دە ، يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈردى ، ئەمما ھېچ ئىشتىن خەۋەر تاپالمىدى . ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىدە : «ئابدۇللاغۇ نەۋرە ئاكىسى بولسۇن ، ھېلىقى خوتۇن نېمىسى ؟ بۇلار نېمە ئۈچۈن مەندىن ئېھتىيات قىلىشىدۇ ؟ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە نېمە ئۈچۈن داخىل بولمايمەن ؟ » دېگەن سوئاللار كىرىۋالدى . بۇنىڭغا دادىسى مۇختار قاسساپ جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى .

بىر كۈنى دادىسىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ :

— دادا ، ئەتىگەندىن بۇيان تاماق يېيەلمىدىم ، يۈرۈڭ ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپ چىقايلى ، — دېدى . بۇ ئەنۋەرنىڭ بۆلەك ئىش تۇتقاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم تەكلىپ قىلىشى ئىدى . شۇڭا ، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئىشلىرىنى تاشلاپ ، قاسساپ بازىرىنىڭ يېنىدىكى بىر لەڭمەنخانىغا كىردى . ئاشخانىنىڭ شۇنداق چوڭلۇقىغا باقماي ، بىرمۇ خېرىدار كۆرۈنمەيتتى . بۇ ھال ئەنۋەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بولدى ، ئەنۋەر ئاشچى ئايالغا ئىككى چىنە لەڭمەن بۇيرۇدى . ئاندىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ :

— دادا ، بىر ئىش بار ئىدى . شۇنى سوراپ باقاي دېگەنىدىم ، — دېدى .

— نېمە ئىش ئىدى ؟ قېنى سوراۋەرگىن ، — دېدى مۇختار قاسساپ ئوغلىنى رىغبەتلەندۈرۈپ .

— چولپاننىڭ ئابدۇللا دەپ نەۋرە ئاكىسى بارلىقىنى بىلەمسىز ؟

— سەن ھېلىقى ئالا ئاتلىق ھارۋىكەشنى دەمسەن ؟

— دەل شۇ .

— قانداق بولۇپ بۇگۈن سوراپ قالدىڭ ؟

— شۇنداقلا سوراپ قويدۇم .

— قۇلىقىڭ گەپ ئاڭلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ياق ، گەپقۇ ئاڭلىمىدىم . لېكىن ، ئۇ ئادەمنى ئىلگىرى كۆرمىگەنىكەنمەن ، ھازىر بىزنىڭ ئۆيدىن ئۇنىڭ ئايىغى



ئۆزۈلمەيدىغان بولدى . چولپان ئۇنى نەۋرە ئاكام دېسە كەيىنگە سىلىپ قويۇپتىمەن . چولپان ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بولۇپ قالدى . يەنە بىر خوتۇنمۇ بار تېخى ، ئۇ موماي قېيناناممىنىڭ تۇغقىنىمىش ، — دەپ ئەنۋەر گەپنىڭ ئاخىرىنى تۈگىتىپ بولغۇچە ، مۇختار قاسساپ :

— ھېلىقى پاتەمخاننى دەمسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— ھە ، شۇ ، ئاشۇ پاتەمخان…

— قېنى سۆزلە ! ؟

— ئاشۇ ئىككىسىنى سوراپ باقاي دېگەن .

— ئاڭلاپ تۇر ، — دېدى مۇختار قاسساپ ، — مەن سېنى بۇ سوئالنى قاچان سوراركىن دەپ يۈرگەنىدىم . بەك كېچىكتىڭ . شۇنداقتىمۇ ئەمدى بولسىمۇ سورىغىنىڭ ياخشى بولدى . ئابدۇللا چولپاننىڭ ھېچنېمىسى ئەمەس ، پاتەمخانمۇ شۇنداق . پاتەمخاننى بۇرۇندىن تونۇيمەن ، ئۇ يالغۇز ئايال . ياشلىق دەۋرىنى دەللاللىق بىلەن ئۆتكۈزگەنىكەن ، كىشىلەر ئۇنى ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈشتىنمۇ ھەزەر ئەيلىشىدىكەن . نەچچە ئايلار ئىلگىرى يەتتىنچى ئاي مەزگىلى بولسا كېرەك . بىر ئاخشىمى تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ ، زاۋال ۋاقتى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە ئاپامنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ بىردەم كۆز يېشى قىلدى ، مەنمۇ ئۇنى ئەتىۋارلاپ قوندۇرۇپ قالدىم . ئاخشىمى دىلنار بىلەن ئىككىسى بىر ئۆيدە ياتقانىدى ، دىلنار تېخى ئۇخلىمىغانىكەن ، ئۇنىڭ تولا گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ . پاتەمخان ئىككى قېتىم «دىلنار ! دىلنار !» دەپ توۋلاپتۇ . دىلنار يەنىلا جىم يېتىپتۇ . ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى يورۇتۇپ ، يوتقان ـ كۆرپىگە بىر نېمە چاچقاندەك قىپتۇ . ئارقىدىن بوسۇغا ئاستىدىكى خىشنى بوشىتىپ بىر نېمىلەرنى قىلىپ بولۇپ ، ئورنىغا كېلىپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ . ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ ناشتىدىن كېيىنلا «كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى . بىز ئۇنى ئۇزىتىپ چىققاندا ئالا ئاتلىق بىر كىرا

ھارۋىسى كوچىدا تۇرغانىكەن ، پاتەمخان بىرىپلا ھارۋىغا چىقىپ كېتىپ قالدى . قارىغاندا ، ئۇ ئىككىسى تونۇشتەكلا قىلىدۇ . مەن دىلنارغا : «بۇ ئىككىسى تونۇش بولسا كېرەك» دېگەنىدىم ، دىلنار : «بۇ ئايال كېچىچە پەقەت ئۇخلىمىدى . بوسۇغا ئاستىنى ئاختۇرغانىدەك قىلدى» دېدى . ئىككىمىز دەرھال ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئاختۇرساق ، بوسۇغا ئەتراپىدا چېچىلغان قىچا ئۇرۇقى تۇرۇپتۇ . بىر تال خىشنى قوزغاپ ئاستىغا قارىساق ، ئالىيېشىل يۆگىگەن بىر ئاتىنىڭ تاقىسى چىقتى . بىز ئۇنى ئېلىپ ساقلاپ قويدۇق ، ئەمما بىر كىمگە تىنمىدۇق . كېيىن تونۇش ئاياللاردىن بىرى گۆش ئالغىلى كەلگەنىكەن . ئۇ ماڭا «چولپاننىڭ بىر ئالىجەدە قوشقان ھارۋا بىلەن ئورماندىكى جادۇگەر بارات مولىلىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم .» دېدى . ئۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئالا ئاتلىق ھارۋىكەش ئېسىمگە كەلدى . كېيىن سۈرۈشتۈرسەم ، بىر بىچارە ھارۋىكەش ئىكەن . لېكىن ، سەن ئۇنى چولپاننىڭ ئاكىسى دەپ يۈرۈپسەن . جاھان دېگەن قۇلاقلىق ئىكەن ، بىز بىلمىگەن بىلەن خالايىق ھەممىنى بىلىدىكەن ، سېنىڭ ئۇستۇڭدىكى سۆز - چۆچەكلەرمۇ ئاز ئەمەس . ھازىرغىچە مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمىدىم ، سەن بۇ ئىشنىڭ ئېنىقىنى بىلمەكچى بولساڭ ، مۇنداق قىلايلى : يېقىندا كەلگەن مېنىڭ بىر شاگىرتىم بار ، ئۇنى چولپانمۇ تونۇمايدۇ . ئابدۇللاغا ئەگەشتۈرۈپ قوي . ئابدۇللانى كونترول قىلالىساڭ ، چولپاننىڭ ھەرىكىتىنى بىلەلەيسەن .

شۇنداق قىلىپ ، بۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ قاسساپلىق دۇكىنىغا باردى . ئۇ يەردە ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلار ئەتراپىدىكى قاراموتۇق ، ئورۇقراق بىر بالا جىگىنىڭ قېشىدا تۇراتتى . مۇختار قاسساپ :

— ئابدۇراخمان ! — دەپ توۋلىغانىدى ، مۇختار قاسساپنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى . مۇختار قاسساپ ئەنۋەرنى كۆرسىتىپ :

— بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، تونۇۋال. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نېمىنى تاپشۇرسا، شۇنى قىل. ھەرگىز خاپا قىلما جۇمۇ، — دېدى. ئابدۇراخمان :

— ھازىر بىرگە كېتەمدىمەن؟ — دەپ مۇختار قاسساپقا سوئال نەزىرى بىلەن قارىغانىدى.

— ھەئە، — دېدى مۇختار قاسساپ، — بۈگۈندىن باشلاپ بىرقانچە كۈن دۇكانغىمۇ كەلمەيسەن. قالغان ئىشنى ئەنۋەر تاپشۇرىدۇ، شۇنىڭدىن بىل.

ئەنۋەر دادىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئابدۇراخماننى باشلاپ ئۆزىنىڭ دۇكىنى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ قىلىدىغان ئىشلارنى تاپىلاپ، ھەر كۈنى كىراكەشلەر بېكىتىدە «ئالىجەدە»نىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۆزىنىڭ ئۇچرىشىدىغان دۇكىنىنىمۇ كۆرسىتىپ قويدى. ئىككىسى چوڭ كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئابدۇللا خېرىدار كۈتۈپ باشقا كىراكەشلەر قاتارىدا يولنىڭ بىر چېتىدە تۇراتتى، ئەنۋەر يىراقتىنلا ئابدۇراخمانغا ئابدۇللانى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى.

ئارىلىقتا نەچچە ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئابدۇللانىڭ ھەرىكىتىدىن بىرەر ئەھۋال سېزەلمىدى. كۈندىن ـ كۈنگە سوغۇق كۈچىيىپ كەتكەنچە، ئابدۇراخماننىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە موتىسكىلىت بىلەن ھارۋىغا ئەگىشىپ يۈرۈشىمۇ قىيىنغا چۈشكىلى تۇردى، شۇنداقتىمۇ بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتىشقا بولمايتتى. مانا ئەتىگەندىلا كېچىدىن ياغقان شۇنداق قېلىن قارنى كېچىپ، قارا مارى پەلتولۇق بۇۋى سۈپەت بىر ئايال ئەتىگەنلىك شۇۋىرغانغا قارىماستىن ئۇدۇللاپ چوڭ كۆۋرۈككە كەلدى. بۇ ئەنۋەر كۆرسەتكەن ئىككىنچى نىشاننىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ قويدى ـ دە، ئابدۇللانىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ يېزا تاش يولى بىلەن غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئابدۇراخمان

ئۆلارغا ماڭغان يولى بىلەن ئىلگىرى يىراقتىن ئەگەشتى. چولپان بولسا، ئارقىسىدىن بىر ئادەمنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە: «مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى ئىنس ـ جىن بىلمەيدۇ» دەيتتى، بىراق «جاھاننىڭ قۇلىقى بار» لىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. چولپان قارلىق سەھەردە ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۆۋچىلار بىلەن بارات موللىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغاندا، كۆزەتكۈچى يىگىتنىڭ يانداشىپ تۇرغانلىقىنى ئەسلا بىلمىدى.



# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ

چولپان ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، ئورمانغا ئىچكىرىلەپ، بارات موللىنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— قاراڭ! — دەپ ماشىنا تەرەپنى كۆرسەتتى. ئابدۇللانىڭ دىققىتىمۇ كېتىۋاتقان ئىككى ماشىنىدا ئىدى.

— كۆردۈم، — دېدى ئابدۇللا. چولپان يەنە سورىدى:

— نېمە ئادەملەردۇ بۇ؟

— ئوۋغا چىققاندۇ؟

— ماشىنا بىلەنمۇ ئوۋغا چىقامدۇ؟

— ئەلۋەتتە چىقىدۇ، ئۇ ئەڭ قەبىھ هايۋانلارنى ئوۋلايدۇ، ئۇلار ئوۋلاپ تۇرمىسا هېچكىم خاتىرجەم بولالمايدۇ. بۈگۈن ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىر ئەر يىرتقۇچنى ئوۋلىسا كېرەك.

— سىز ناھايىتى مەنىلىك گەپ قىلىدىكەنسىز، چۈشىنەلمىدىم.

— ئۇنداق بولسا، هازىرلا چۈشىنىپ قالىسىز.

ساقچى ماشىنىسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا:

«بۈگۈن نەس باسامدۇ، نېمە؟ بارات موللىنىڭ يېنىغا ھاجەتمەنلەردىن باشقىسى كەلمەيتتى. بىرەر ئىشتىن چاتاق چىققان بولسا، ئۇنى ئىزدەپ كەلسە كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ئابدۇللا ئاتنىڭ مېڭىشىنى تېزلەتتى. ھارۋا يېقىنلاپ بارغاندا، بارات موللىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن بىر ساقچى ماشىنىسى تۇراتتى. ئەمدى ھارۋىنى قايتۇرۇپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىش مۇنداق ئىدى: بۈگۈن ئەتىگەندىلا يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار چوماق - تاياقلىرىنى ئېلىپ ئورمانلىققا ئوۋ ئىزدەپ كېلىپ، بارات موللىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالدى. قارىسا، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرۇپتۇ. ئەمما كاڭنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىپ تۇرىدۇ.

ئوۋچىلاردىن بىرى: «ھەي بۇرادەرلەر! مورىدىن ئىس چىقىۋاتىدۇيۇ، شۇنداق سوغۇقتا ئىشىكنى ئوچۇق قويغىنى نېمىسى. يۈرۈڭلار قاراپ باقايلى!» دەپ ئىشىكتىن كىرىپ كۆردىكى، ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان، مەدەكتەك يىمىرىپ يۆگەلگەن بىرەر يۈز پارچە تۇمار، ئالىيېشىل يىپ بىلەن چىگىلگەن ئاتنىڭ تاقىسى، داتلىشىپ كەتكەن مىخ، ئىچىگە سۈيۈقلۇق قاچىلانغان بىر - ئىككى يۈز تال پېنىسىلىن قۇتىسى، يەنە ئەللىك - ئاتمىش پارچە لاتىغا ئوراپ چىگىلگەن تۈگۈچلەر، ئىت پوقى، مۈشۈك پوقى، يىلاننىڭ بېشى، بۈركۈتنىڭ كاللىسى، لاتا قورچاق، ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى قاتارلىق نەرسىلەر چېچىلىپ تۇراتتى. بارات موللىنىڭ ساقىلى يوق، ئىشتانسىز بىھوش ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئوۋچى دېھقانلار مەسلىھەتلىشىپ، شۇئان ياشلاردىن بىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەۋەتتى. ساقچىلار دوختۇر ئېلىپ كەلگەندە، بارات موللا تېخىچە ھوشسىز ئىدى.

چولپان بىلەن ئابدۇللا يېتىپ كەلگەندە، ساقچىلار بارات موللىنى ۋە ئۆينىڭ ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقنى سۈرەتكە ئېلىپ،

خەرتىسىنى سىزىۋاتاتتى . دوختۇر ئۇنىڭغا قۇتقۇزۇش ئوكۇلى ئۇرۇپ نوسۇلكىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى . ئۇ تېخى ئۆلمىگەنىدى .

بۇ ئىش تاڭ سەھەردە يۈز بەرگەنىدى . ئورمان مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر كەنتتە شېرىپ ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى . ئۇ يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا ، ئاتىسى بىر ئوغۇل دەپ نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ ، ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدى . شېرىپ ئۆزىمۇ ياۋاش ، ئەمگەكچان ، كىشىنىڭ ھەققىگە قول سوزمايدىغان ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى . شۇڭا تەڭ دېمەتلىكلىرى ، مەھەللىلىكلىرى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلاتتى .

شېرىپ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ قالدى . يەنىلا گەپ ـ سۆز قىلماي يۈرۈۋەردى . چۈنكى ، ئۆزىدىن كىچىك ئۇكىلىرى بار بولۇپ ، ئىككى سىڭلىسى مەكتەپتە ئوقۇيتتى ، ھازىرقى چاغدا بىر بالىنىڭمۇ ئوقۇش سېلىقىنى تۆلىمەك تەس بولۇپ تۇرغاندا ، ئىككى بالىنىڭ ئوقۇش سېلىقى ئۇچۇن بۇ ئائىلىنىڭ يىللىق تاپقان دارامىتى ھەرگىزمۇ يەتمەيتتى . شۇ سەۋەبتىن ، ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويماي يۈرگەنىدى . ئاتا ـ ئانىلىرى بولسا ، ئوغلىنى ئۆيلەپ ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، بانكىدىن قەرز ئېلىپ ئۆيلىمەكچى بولۇپ ، مۇۋاپىق بىرەر لايىق ئىزدەپ يۈرگەندە ، قوشنىلاردىن بىرى مەسلىھەت بېرىپ :

— يېقىنقى مەھەللىدە زەيدۇن باخشىنىڭ قىزلىرى باراۋەر چوڭ بولدى . بۇ قىزلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ، چوڭ قىزى نۇسرەت بۇ يىل يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالدى . بولسا شېرىپجاندىن بىرەر ياش چوڭدۇر . بىرەر ياش دېگەننىڭ كارى چاغلىق . زەيدۇن باخشى مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى . شېرىپجان يالغۇز ئوغۇل بولغاندىكىن ، قېيناتىسىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىدىن ئوبدان كۈن ئېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، — دېدى .

بۇ پىكىر شىرىپنىڭ ئاتىسىغىمۇ يېقىپ قالدى. شىرىپقا مەسلىھەت سالغانىدى، «سىلەر نېمە دېسەڭلار شۇ، مېنىڭ باشقا گېپىم يوق» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، قىزنى شىرىپقا كۆرسىتىش ئۈچۈن، قوشنىسىنىڭ قىزى بىر كۈنى ئالاھىدە باشلاپ كەلدى. شىرىپ كۆردىكى، نۇسرەت گەرچە يېزا قىزى بولسىمۇ، شەھەر قىزلىرىدەك ياسىنىۋالغان بولۇپ، چاچلىرىنى كەستۈرۈپ سېرىق بوياپ، يۈزلىرىگە بولۇشىچە ماي سۈركەپ، لەۋلىرىنى قىپقىزىل بويىۋالغان، يەڭسىز قىسقا كوپتا كىيىۋالغان، شىم بىلەن كوپتا ئارىلىقىدىن بەللىرىنى ئىككىلىك يالىڭاچ قويۇپ، كۆكسىنى ئۆز ئورنىدىنمۇ يۇقىرىراق تارتىپ چوقچايتىۋالغانىدى.

شىرىپ نۇسرەتنى كۆرۈپ، قىزىپلا قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، شىرىپقا ئىشتىياق پەيدا بولۇپ، تويىنى تېزرەك قىلىشقا ئاتا - ئانىسىنى ئالدىراتقىلى تۇردى. قىز تەرەپمۇ قىزلىرىنىڭ يامان ئاتلىق بولۇپ يۈزىنى تۆكۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، چىڭ تۇتۇشقا تىرىشاتتى، ئەمما قىزلىرى بولسا، گەپلىرىنى بىر قىلىۋېلىپ ھەر باب بىلەن ئاتىسىنى گوللايتتى. ئانىسى كەنجىخان بولسا، ئەجدادلىرىدىن تارتىپ يامان يولغا ئامراق ئۆتكەنلەر ئىدى. شۇڭا، قىزلىرىنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى بىلسىمۇ چەكلىمەي، بەلكى يول كۆرسىتەتتى. كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە زەيدۇن باخشىنىڭ ئۆيىدە خاتىرجەملىك يوق ئىدى، بىردەم ئۆگزىگە چالما چۈشۈۋاتقان، بىردەم ئىتنى قاۋىتىۋاتقان، بىرى ئىسقىرتىۋاتسا، بىرى قۇشلاردەك سايراۋاتقان. بىر ەر شەپە چىققاندىن كېيىن بۇ قىزلار ئۆلتۈرالمايۋاتقان. بىر نېمە دېسە، خوتۇنى كەنجىخان ئارىلىشىۋالغان. زەيدۇن باخشى «دات!» دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىرىپ تەرەپتىن نۇسرەتكە سۆز سېلىپ كەلدى. زەيدۇن شۇئان قويدىن بىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ، مېھمانلارنى ئۇزىتىپ كۈتتى. تويلۇقنى پۈتۈشۈپ، تويىنى ۋاقتىدا قىلىشنى بېكىتتى.

ئارىلىقتا ھەپتە ئۆتمەيلا ، قىز تەرەپ «ئارىلىقتا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسۇن» دەپ ئالدىرىتىپ ، توينى قىلىۋەتتى .
نۇسرەتنىڭ توي قىلىشى پەقەت كىشلەرنىڭ «ئەر ئالمىدى» دېگەن ھاقارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئىدى . ئۇ كىچىك چاغلىرىدىنلا باشباشتاق بولۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار ئادەتتىكى ئويۇن ئىدى .
نۇسرەت شېرىپ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنى ياراتمىدى ، ئۇ كۈندە دېگۈدەك ئانىسىنىڭكىگە قاترايتتى . ئانىسى كەنجىخان بولسا ، قىزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلمىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قوللايتتى ، ناۋادا ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى كېلىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۆينى خالىي قىلىپ بېرىپ سىرتتا ئايلىنىپ يۈرەتتى .
نۇسرەت ئويناپ ئۆگىنىپ كەتكەچكە ، بىر ئەرنىڭ ئىتائىتىگە كۆنەلمىدى . شۇڭا ، ئۇ ئېرىدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى . ئۆز مەقسىتىنى ئېرى شېرىپقا چىرايلىق دېگەن بولسىمۇ ، ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلمىدى . مۇشۇنداق جىلى بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇنىڭ دوستى زۇلپىيە كېلىپ قالدى . نۇسرەتنىڭ چىرايىدىكى بىئاراملىقنى كۆرۈپ :
— ئاداش ، نېمە بولدۇڭ؟ باشقىچە كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى .
— قەپەسكە چۈشتۇم ، نەگىلا ماڭسام ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان ئەر دېگەن نېمىگە جاق تويدۇم .
— ھەي ئەخمەق ! — دېدى زۇلپىيە ، — شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، ئەر دېگەن نېمىتى ! ئاتاڭ باخشى تۇرسا ، ئېرىڭ ساڭا ھەرگىز قول سالالمايدۇ . سەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈندە سوقۇشقىن . ئۆيدە تۇرما ، ئۇ تەرەپتىن ئەكەلسە ، بۇ تەرەپتىن كەت . قىلىڭ دېگەننى قىلما ، قىلماڭ دېگەننى قىل . شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ ھەرقانچە مەيلى بولسىمۇ ، رايى يېنىپ قويۇپ بېرىدۇ . ئەگەر بۇنى قىلالمىساڭ ، موللامغا ئوقۇتقىن . بىلمەيلا

قالىدۇ، تېزلا ئايرىۋېتىدۇ.
— بۇغۇ ياخشى چارە ئىكەن، لېكىن موللامىنى نەدىن تاپىمەن؟ — دېدى نۇسرەت.
— بۇ ئاسان، — دېدى زۇلپىيە، — ئاناڭغا دېگىن.
— ئانامغا؟
— شۇنداق.
— ئۇ بىلەمدۇ؟
— ئەلۋەتتە بىلىدۇ. شۇڭا ئاناڭنى «كەنجىخان بىلگەك» دەپ بىكار دېمەيدۇ.
ئىككىسى بىردەم كۈلۈشتى. ئاندىن زۇلپىيە:
— مەن ئالدىراش بىر ئىش ئۈستىدە كېتىۋاتقانىدىم. يەنە كېلىمەن، — دەپ كېتىپ قالدى. نۇسرەتمۇ سومكىسىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.
كەنجىخان نۇسرەتنى ئەتىگەندىلا ئېرىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويغانىدى، ئۇنىڭ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:
— تېخى ئەتىگەندە كەتمىدىڭمۇ؟ يەنە نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.
— ھېچنېمە، — دېدى نۇسرەت، — بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
— نېمە ئىشنى؟
— بەك مۇھىم ئىشنى.
— تېزرەك دېگىنە، تەقەززا قىلماي.
— چىقىپ كېتىمەن.
— نەدىن؟
— شېرىپتىن.
— نېمىشقا؟
— سورىماڭ، دېسەم گەپ تولا.
— قويۇپ بەرمىسىچۇ؟
— سىز ئايرىپ قويۇڭ.



— قانداق ئايرىيمەن؟
— ئاداشلىرىمنىڭ دېيىشچە، موللامغا ئوقۇتۇپ باقسام بولغۇدەك.
— كىم شۇنداق دېدى؟
— زۇلپىيە، ئۇنىڭغىمۇ سىز يول كۆرسەتكەن ئىكەنسىزغۇ، هازىر ئاجرىشىپ بوپتۇ.
— مەيلى ئەمسە، كۆڭۈلدىن چوڭ نېمە يوق. رايىڭ تارتمىسا، چىقىپ كەت. لېكىن بۇ ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بۈگۈن قايتىپ كېتىپ، ئەتە ئەتىگەندە كەلگىن. شەھەر يولىدىكى چوڭ ئورماننى بىلەمسەن؟ ئۇ يەردە بارات موللام دەپ بىر كىشى بار. ئۇنىڭ قېشىغا بارغانلا كىشى مۇرادىغا يەتمەي قالمايمىش. بۇ گېپىمنى بىر كۈنى زۇلپىيە ئاڭلاپ قالغانىدى، شۇنى ساڭا دەپتۇ. سەنمۇ بېرىپ بەختىڭنى سىناپ باق. هازىر تېززەك قايتىپ، ئېرىڭ سوراپ قالسا، ئاداشلىرىمنىڭ ئۆيىگە باردىم دېگىن، — دەپ نۇسرەتنى يولغا سالدى كەنجىخان.

نۇسرەت بارغاندا، شېرىپ ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، نۇسرەتنىڭ نەگە بارغانلىقىنى سوراپمۇ يۈرمىدى. نۇسرەت كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، شېرىپتىن رۇخسەت ئېلىپ، ئەتىگەندىلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە راۋان بولدى.

نۇسرەت بارغۇچە كەنجىخان ياغ بىلەن بىرقانچە توقاچ يېقىپ، بىر ياغلىققا ئوراپ، سومكىغا سېلىپ تەييارلاپ قويغانىدى. كەنجىخاننىڭ ئۆيى بىلەن ئورمانلىق ئۇن نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. نۇسرەت يېتىپ كەلگەندە، كەنجىخان سومكىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، بارات موللىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولنى دەپ بېرىپ، يولغا سېلىپ تۇرۇپ، «ئارىلىق خېلى بار، دىققەت قىلغىن» دەپ جېكىلەپ قويدى.

نۇسرەت بارغاندا، بارات موللا يالغۇز ئىدى. ئۆيگە كىرگەن بۇ قىزنى كۆرۈپ:

— ۋاي قىزىم، قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ

ئورنىدىن تۇرغانىدى. نۇسرەت:

— نېمىشقا كېلەتتىم، ئۆزلىرىنى سېغىنىپ كەلدىم، — دەپ نازلىنىپ بېرىپ، سۇپىنىڭ قىرىدىلا ئولتۇردى. بارات موللا يالغۇزچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغاندا كەلگەن بۇ مېھمان ئۇنى شۇنداق خۇشال قىلىۋەتتىكى، كۆڭلىدە: «خۇدا! بەندىلىرىڭنى ئامەتتىن مەھرۇم قىلمايدىكەنسەن، ھەر كىمنىڭ نىيەت ئىقبالىغا بېقىپ كۆڭلىدىكىنى بېرىدىكەنسەن ئەمەسمۇ، بۇگۇن مانا كۆڭلۇمدە ئويلاۋاتقىنىمنى يەتكۈزۈپ بەرگىنىڭگە مىڭ رەھمەت» دەۋەتتى. ھەقىقەتەنمۇ بارات موللا پۇل - مالغا موھتاج ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىسى پەقەت خوتۇنلا ئىدى. بىر كۇنى ئۇنىڭ سىرداشلىرىدىن بىرى:

— موللىكا، ئۆزلىرى بىر ئۆمۈر ئويناپ ئۆتتىلە، ئىبادەتمۇ قىلدىلا، ئۇ ئالەمگە بارغاندا جەننەتكە كىرەلىمۇ ياكى دوزاخقا؟ — دەپ چاقچاق قىلغاندا:

— قەيەردە ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى چىقسا، شۇ يەرگە كىرىمەن، — دېگەنىدى.

— كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بوپتۇ. ئۇستۇن چىقىڭ، — دەپ كاڭنىڭ ئۇستىگە تەكلىپ قىلدى. نۇسرەتمۇ ئانچە تەكەللۇپ قىلمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇقىرىغا ئۆتۇپ ئولتۇردى.

— خوش، گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى بارات موللا، — بىرەر ئىش بارمىدىكىن، قېنى ئاڭلاپ باقاي.

— ئىش بولغاندىمۇ، بەك مۇھىم ئىش دېسىلە، بىر لامزەللە، ياۋاش بىر نېمىگە تېگىپ قالغانىكەنمەن. كۇندىن - كۇنگە كۆزۈمگە سەت كۆرۇنۇپ، كۆڭۇلسىز بولۇپ قالدىم. قانداق قىلسام قۇتۇلارمەنكىن دەپ، تىللاپ باقتىم، ياقىسىغا ئېسىلىپ باقتىم، يۇزلىرىنى تىرمىلاپ باقتىم، شۇنداقتىمۇ قول ياندۇرماي تۇرۇۋالدى. ئاخىر ئامال قىلالماي ئاپامغا دېگەنىدىم، ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، ئاران تەستە ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئەگەر ئاشۇ ئەردىن ئايرىپ قويىدىغانلا

ئىش بولسا، دېگەنلىرىنى قىلاتتىم، — دەپ، نۇسرەت كېلىش مەقسىتىنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بارات موللا، — بۇ مۇھىم ئىشكەن. ئالدى بىلەن كىتاب ئېچىپ باقاي، ئۇنىڭدا نېمە چىقىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلايلى، — دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىدىكى بىر كىتابنى ئېلىپ كېلىپ ئولتۇردى. پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەپ كىتابقا «سۇف» دەپ بولۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ تەك ئوتتۇرىسىدىن ئېچىپ، ئاندىن كىتابقا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— ئىش چاتاق! — دەپ نۇسرەتكە قارىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى نۇسرەت ئەنسىرىگەن هالدا.

— سىز ھەرىكەتلەنگىچە ئېرىڭىز ھەرىكەتلىنىپ بوپتۇ.

— نېمە بوپتۇ؟

— سىزگە ئوقۇتۇۋېتىپتۇ.

— نېمىنى ئوقۇتۇپتۇ؟

— باشقا بىر موللىنى تېپىپ، سىزگە قەست قىلىۋېتىپتۇ.

— قانداق قىلىمىز؟

— ياندۇرىمىز.

— ئاسانمۇ؟

— ئاسان ئىش نەدە دەيسىز، «رەدنامە» بىلەن ئۇنىڭ قەستىنى ياندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن بىزمۇ ئۇنى قەستلەيمىز. ئۇ چاغدا سىزنى قويۇپ بەرمىگىنىنى كۆرەي.

— ئۇنداق بولسا، هازىرلا باشلىغىلى بولامدۇ؟

— «رەدنامە» ئوقۇش ئۇچۇن كۆپ تەييارلىق كېتىدۇ. يەتتە كۆۋرۈكنىڭ ياغىچى، يەتتە كۆلنىڭ سۈيى بولۇشى كېرەك، يەنە يەتتە ئۆيدىن تۆمۈر - تەسەك تىلەپ كېلىمىز. هازىرقى ۋاقىتدا يەتتە كۆۋرۈكنىغۇ تاپقىلى بولىدۇ، يەتتە كۆلنى تاپماق تەس. پۈتۈن يېزا بويىچە يەتتە كۆل بارمۇ - يوق، بىلگىلى بولمايدۇ. مەن بۇ نەرسىلەرنى يازنىڭ يېزىدىلا تەييارلىتىپ ساقلاپ

قويغانىدىم . هازىرقى زىمىستان سوغۇقتا ، كۆل بولغان بىلەنمۇ سۇيى نېمىش قىلسۇن ! مەنمۇ باشقىلارغا پۇل بېرىپ ئالغانىدىم . سىز بۇگۇن بېرىپ ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئەگەر چىقىمنى كۆتۈرەمىز دەپ قالسا ، تەييارلىقىڭىزنى قىلىپ كېلىڭ . يەنە شۇنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي ، ئىككى كېچە ـ كۇندۇزدە تۇگەيدۇ . يالغۇز كېلىسىز ، مەخپىي ئوقۇيمىز ، قانداق ؟ — دەپ نۇسرەتكە قارىدى . نۇسرەت بولسا ، ئېرىدىن ئاجرىشىدىغانلا ئىش بولسا ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىدى . شۇڭا :

— خاتىرجەم بولسىلا موللام . دېگەنلىرىنى بېرىمەن ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى . بارات موللىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ماڭا قاراڭ ، — دەپ نۇسرەتنىڭ قولىنى تۇتتى ، نۇسرەتمۇ قولىنى ئەپقاچماي جىم تۇردى . ئۇنىڭ رەڭگارەڭ مۆجىزىلەرنى تاماشا قىلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ھارامزادە كۆزلىرى بارات موللىغا تىكىلىپ ، رازىلىق بىلدۇرگەندەك ئويناقلاپ تۇراتتى . بارات موللا نۇسرەتنىڭ قايىللىقىنى سېزىپ ئاستا ئۆزىگە تارتتى . نۇسرەتمۇ قارشىلىق قىلمىدى . بارات موللا تەشنالىق بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى يالاپ تۇرۇپ مەيدىسىگە چىڭ تارتتى . نۇسرەت بولسا ، پۇل ئۇچۇن بۇنىڭدەك سورۇنلارنى كۆپ كۆرگەن بولغاچقا ، موللىنىڭ پىشلاش ساقاللىرى يۇزلىرىنىڭ يۇمران ، نازۇك تېرىلىرىنى سۇپۇرگىدەك تاتىلاپ تۇرسىمۇ ، قىلچە سەسكەنمىدى . لەۋلىرىنىڭ قىپقىزىل بوياقلىرىمۇ قېرى موللىنىڭ چىشسىز ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى . ھۇزۇر كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ بىلەنمۇ كارى بولمىدى .

بىردەمدىن كېيىن موللا نۇسرەتنى قويۇپ بەردى . چۇنكى ئۇنىڭغا ، نۇسرەتنىڭ ھۇزۇرىدىن باشقا پۇلمۇ لازىم ئىدى . شۇڭا ئۇنى قايتۇردى .

نۇسرەت بارات موللىنىڭ سېھىرخانىسىدىن قايتىپ ، ئورمانلىقتىن چوڭ يولغا چىققاندا ، كۇن كەچ پېشىن بولغانىدى . ھاۋا تۇتۇق ، ئاچچىق سوغۇق جاندىن ئۆتۈپ تۇرسىمۇ نۇسرەت

ۋېلىسىپىت بىلەن ئورمانلىقنىڭ توپىلاڭ يولىدىن چوڭ يولغا چىقىپ بولغۇچە تەرلەپ كەتتى . نۇسرەتنىڭ چوڭ يولغا چىقىشى بىلەن ئېرى شېرىپنىڭ قوشنىسى ھەسەلخاننىڭ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بازاردىن قايتىپ كېلىشى تەڭ چىقىپ قالدى .

ھەسەلخان بولسا ، ساۋاتلىق ، ناھايىتى زېرەك ئايال ئىدى . ياشلىق دەۋرلىرىدە كەنتنىڭ ئاياللار مۇدىرى بولغانىدى ، مانا ئەمدى يېشى ئاتمىشتىن ھالقىپ ، خېلىلا قېرىپ قالدى . ئۇنىڭ بالا - ۋاقىلىرى بولمىغاچقا ، ئائىلىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى . شۇنداقتىمۇ قولۇم - قوشنىلار تاشلىۋەتمىدى ، بولۇپمۇ شېرىپ كۆپ يېقىن تۇردى . ئۇ ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئايالى نۇسرەتمۇ ھەسەلخاننىڭ ئۆيىگە پات - پات كىرىدىغان بولدى . ئۇ ئىشەنگەنلىكىدىنمۇ ياكى ياشلىق نادانلىقىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ ، ھەسەلخان بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق ئولتۇرۇپ ، ئويلىغان - قىلغانلىرىنى تارتىنماي سۆزلەپ بېرەتتى . ھەسەلخانمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ بېرەتتى ، ئەمما ئۇ نۇسرەتنىڭ قانداقتۇر بىر شاللاق قىز ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ، ئۇنىڭغا يا ئۇنداق ، يا بۇنداق دەپ بىرنەرسە دېمەيتتى . چۈنكى ، ئۇ قېرىغاندا ياش باللار بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى ياكى تەربىيە بېرىمەن دەپ رەنجىتىپ قويۇشنى ئۆزىگە ئارتۇقچە ئىش دەپ بىلەتتى . شېرىپنى بولسا ، ئۆز بالىسىدەك كۆرگەچكە ، ھەرقانداق سۆزلىرى بولسا دەۋېرەتتى . شېرىپمۇ ئۇنىڭ سۆز - نەسىھەتلىرىنى خۇددى ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزلىرىدەك بىلىپ ئاڭلايتتى .

نۇسرەتنىڭ دەيدىغىنى — داۋاملىق شېرىپتىن ئاجرىشىش گېپىلا ئىدى . ھەسەلخان دەسلەپتە نەسىھەت قىلىپ باقتى . بىراق ئۇ ئاڭلىمىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن نەسىھەتمۇ قىلمايدىغان بولدى ، ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈردى . مانا بۈگۈن ھەسەلخان بازارغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا ، چىغىر يول دوقمۇشىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى - دە ، ھەسەلخاننىڭ كۆڭلىدە بىردىنلا گۇمان پەيدا بولدى ، چۈنكى ھەسەلخان نۇسرەت چىقىپ

كەلگەن ئورمان يولىنىڭ بارات موللىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى بىلەتتى. كۆڭلىدە ئۇ نۇسرەتنى «بارات موللىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ» دەپ، ئۇنىڭدىن:
— ۋاي قىزىم! سوغۇقتا نېمە بۇ جاڭگالدا يۈرۈيسىز؟ قاچان كەلگەن؟ — دەپ سورىدى. نۇسرەت:
— ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، ھەسەلخان ئانام بىلەن تەڭ چىقىپ قالغىنىمىزنى؟ بارات موللامنىڭ قېشىغا بارغانىدىم، شۇ يەردىن كېلىشىم. يوللىرى بەك توپىلاڭ ئىكەن، ھېرىپ جېنىم ئاز قالدى، — دەپ، ۋېلسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ، قولياغلىقى بىلەن مەڭزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى.
ھەسەلخان بولسا، نۇسرەتنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان بولسىمۇ، بىلمەسكە سېلىپ، سوراشنى داۋاملاشتۇردى:
— ئاغرىپ قالمىسىڭىز، نېمىمۇ قىلاتتىڭىز دۇئا ئوقۇتقىلى ئۇنى ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ. ھېرىپ قاپسىز، ۋېلسىپىتنى ھارۋىغا تاشلاڭ، ھارۋىدا ماڭايلى، — دەپ ھارۋىسىنى توختاتتى.
— رەھمەت، ۋېلسىپىت بىلەن مېڭىۋېرەي، — دەپ ھارۋىنى يانداپ ماڭدى نۇسرەت، — بارات موللىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، ئاپامدىن ئاڭلاپ كەلدىم. ئۇنىڭغا موھتاج بولۇپ قالدىم.
— نېمە ئىش بىلەن؟
— شېرىپتىن چىقىپ كېتەي دەيمەن.
— بىر ئوبدان يۈرۈپما؟
— نەدىكىنى، بەك ياۋاش، مىس - مىسكەن.
— ماۋۇ ئەخمەقلىقنى كۆرۈڭ! ئەر خەق ياۋاش بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟
— ئەر خەق دېگەننىڭ قەھرىمۇ بولسا، زەھرىمۇ بولسا. ياۋاش ئەردىن خۇدا ساقلىسۇن، تىللىسامۇ گەپ قىلمىسا، ئۇرسامۇ قول ياندۇرمىسا، ئۇنىڭ قەيېرى ئەر بولسۇن؟ «ئەر خەق دېگەن خوتۇننى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بىر مۇشت سالالمىسا،

نىكاھ ئاجراپ كېتىدۇ» دەيدىكەن . ئۇنداق ئىش شىېرىپنىڭ قولىدىنغۇ ھەرگىز كەلمەيدۇ ، ھەتتا چەكچىيىپمۇ قارىيالمايدىغان تۇرسا ، بۇنىڭدەك ئادەم بىلەن بوغۇلۇپ كېتىدىكەن كىشى .

— بارات موللا نېمە دېدى ؟

— ئايرىپ قوياي ، — دېدى .

— قاچانلىققا ؟

— ئەتە كەچقۇرۇن بارماقچى بولدۇم . ئىككى كۈندە تۈگەيدۇ ، بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇڭ ، ئىنس ـ جىن بىلمىسۇن . بولمىسا ، بېشىمىزغا بالا تېپىۋالىمىز ، دېگەنىدى . ئاپامنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ئۆزلىرىگە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى . بىر كىم ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە . مەن ئەمدى بىر ئاز توختىلاۋاتىمەن ، ئالدىلىرىدا مېڭىپ تۇراي . كېيىن كۆرۈشەرمىز ، — دەپ ۋېلىسىپىتنى مىنىشكە تەمشىلىشىگە ، ھەسەلخان :

— قىزىم ! ئىككى كۈنگىچە بارات موللىنىڭكىدە تۇرۇپ قالسىڭىز شىېرىپ بىلىپ قالماسمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم قىلىمەن ، — دەپ ھەسەلخانغا قاراپ كۈلدى نۇسرەت .

— ئۇنچىلىك بولسا ياخشى ، قانداق قىلاي دەيسىز ؟

— بىرىپلا بىرەر باھانە تېپىپ ياقىسىغا ئېسىلىمەن . يۈزلىرىنى تاتىلاپ ، بىر يىغلايمەن ـ دە ، يامانلاپ كېتىمەن . مېنى ئەكېلىش ئۈچۈن بىرىپ بولغۇچە ، ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولىمەن .

— ئوبدان ئويلاپسىز . بوپتۇ ئەمىسە ، سىز مېڭىۋېرىڭ . مەنمۇ ئارقىڭىزدىن بارىمەن ، — دەپ ، ھەسەلخان نۇسرەتنى ماڭدۇرۇۋەتتى . ھازىرقى ئەھۋالدا نۇسرەتكە ھەرقانچە تەربىيە بەرسىمۇ كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . نۇرغۇن قېتىم تەربىيە بىرىپ سۆزىنى ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلماس بولغانىدى . مانا ئەمدى نۇسرەتنىڭ سۆزىدىن ئىشنىڭ رەسۋالىق دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى بىلدى . بارات موللىنى ئوبدان

بىلەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاياللارنى ئالداپ كېچىلىرى ئۆيىدە قوندۇرۇپ قېلىپ، زىنا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. بۈگۈن نۇسرەتنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، «ۋاي ئىست، شېرىپنى قەرزدار قىلىپ شۇنچە پۇللىرىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرى مۇناپىقنىڭ يوتقىنىدا تۈنەپ ئېرىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىكەن ئەمەسمۇ» دەپ ئىچى تىت - تىت بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېشىكىگە قامچا ئۇرۇپ، ئۆيىگە تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىرىدى.

ھەسەلخان ئۆيگە بارغاندا، كۈن كەچ بولۇپ ناماز شام ۋاقتى بولغانىدى. ئۇ ئالدىراپ ھارۋىسىنى چىقىرىۋېتىپلا شېرىپنىڭ ئۆيىگە كىردى. شېرىپ بولسا، ياقىلىرى يىرتىق، يۈزلىرى يېغىر، ئوچاقنىڭ ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ.

ھەسەلخان شېرىپنى كۆرۈپلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولدى، شۇنداقتىمۇ ھېچ ئىشنى ئۇقمىغان بولۇپ:

— ئوغلۇم! نۇسرەت قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— يوق، — دېدى شېرىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— نەگە كەتتى؟

— يامانلاپ.

— غەم قىلما، — دېدى ھەسەلخان، — خوتۇنۇڭنى ئەتە ئۆزۈم ئەكېلىپ بېرىمەن. لېكىن شەرتىم بار، شۇنىڭغا ۋەدە بېرىشىڭ كېرەك.

— ۋەدە بېرەي.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە كەچكىچە ئۆيدىن چىقما. بىر كىم كۆرۈپ قالمىسۇن. قالغان ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە بىلىسەن.

— رەھمەت سىزگە، نېمە دېسىڭىز سۆزىڭىزدىن چىقمايمەن.

— شۇنداق بولسۇن، — دەپ بازاردىن ئالغاچ كەلگەن ئىككى گىردىنى شېرىپقا بېرىپ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇ شېرىپنىڭ يېنىكلىك قىلىپ چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن يەنىلا



ئەنسىرىمەكتە ئىدى .

نۇسرەت بارات موللىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەندە ، شىرىپ ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇن يېرىۋاتاتتى ، ئۇ ۋىلىسىپىتتىن چۈشۈپلا :

— ھەي خۇمسى ! شۇ كەمگىچە نىمە ئىش قىلدىڭ ! ئەمدى ئوتتۇن كەسلىسەڭ تاماق قاچان پىشىدۇ ؟ زادى سىنىڭ بىلەن ئۆي تۇتمىغىنىم تۇتمىغان ! — دەپ ئۆيگە ماڭدى .

— نىمىگە سەكرەيسىز ! — دىدى شىرىپ ، — سىز كەلمىگەندىن كىيىن پۇلۇ ئىتىپ دۇملەپ قويدۇم ، ئەنە قاراڭ . يەنە مەن يامانما ! ؟ قىزىق گەپ بولدى ـ دە ، بۇ .

— ئەتكەن پۇلۇلىرىڭنى ئاپاڭغا ئاپىرىپ بەر ! — دەپ ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىنى بىر سومكىغا تىقىپ ، ۋىلىسىپىتكە ئارتتى ۋە :

— بۇنى تاڭغىلى تانا تېپىپ بەر ، — دىدى .

— ھــەي ! نىمــە قىلــغانــغا كىتىسىز ؟ — دىدى شىرىپ ئىغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ، — بۇگۇن كەچ بولۇپ كەتتى . ئەتە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويااي .

ئەمما نۇسرەت ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي ، يامانلاپ ماڭدى . شىرىپ :

— ئۇنداق بولسا ، مەنمۇ بىرگە ئاپىرىپ قويااي ، — دەپ ۋىلىسىپىتنىڭ قىيشىغا ماڭغانىدى . نۇسرەت قايتىپ كىلىپ :

— ھەي گۇمانخور ! سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىنا ! مىنى بۇگۇن يا ئاق قىل ياكى قارا قىل ! — دەپ شىرىپنىڭ ياقىسىغا ئىسىلىۋالدى . شىرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى ياقىسىدىن ئاجراتماقچى بولۇپ شۇنداق تۇتۇشىغىلا شىرىپنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىــــپ ، يۇزلىرىنى تاتىلاشقا باشلىدى . شىرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تەستە تۇتۇۋالدى . نۇسرەت ئاپىسىنىــــڭ ئۆيىــــگە ماڭدى . شىرىپمۇ نۇسرەتنىڭ ئەسكىلىكىدىن جاق تويغانىدى . «زادى قانداق قىلىش كىرەك ؟» دىگەن مۇرەككەپ سوئالغا جاۋاب ئىــزدەپ يۇرگەن كۇنلەردە ، يەنە بۇ ئىش يۇز بەردى . شۇڭا ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالمىدى .

نۇسرەتنىڭ جىدەل چىقىرىشىدىن ئاپىسى كەنجىخاننىڭ خەۋىرى بار ئىدى . شۇڭا ئۇ تاماققا تەييارلىق قىلىپ قويۇپ ، ساقلاپ ئولتۇرغاندا نۇسرەت كىرىپ كەلدى . كەنجىخان كۆردىكى ، نۇسرەتنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى خۇشال ئىدى .

— كەلدىڭمۇ قىزىم ؟ — دېدى كەنجىخان بېرىپ نۇسرەتنىڭ قولىدىكى سومكىسىنى ئالغاچ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ، — ئىش قانداقراق ؟

— قانداق بولاتتى ، — دېدى نۇسرەت كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى دېگىنە ، ھېلىقى بارات موللام دېگەن كىشى شۇنداق ياخشى كىشىكەن ، بىردەمدىلا چىقىشىپ قالدۇق . كىتاب ئېچىپ ھەممە ئىشنى بىلىۋالدىكەن . ماڭا كىتاب ئېچىپ بېقىپ : «ئېرىڭىز سىزگە ئوقۇتۇۋېتىپتۇ . سىزدە قەست بار ئىكەن . ‹رەدنامە › بىلەن قەستىنى ياندۇرۇۋېتىپ ، ئاندىن كېيىن ئۇنى قەستلەپ ، سىزگە كۆڭۈلسىز قىلىپ تۇرۇپ ئايرىۋېتىمەن » دەپ ۋەدە بەردى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، «رەدنامە »نىڭ جابدۇقلىرىغا كۆپ نەرسە كېتىدىكەن . ئۆزىدە سېتىۋالغانلىرى بارمىش . شۇنىڭ پۇلىنى تۆلىسەكلا بولغۇدەك .

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە ، — دېدى كەنجىخان ، — بۈگۈنكى كۈندە بىكار ئىش نېمىش قىلسۇن . ئۇنىڭ تەييارلىقىنى ئاللىبۇرۇن قىلىپ قويغانىدىم ، ھە راست ، ئىشنى قاچان باشلايدىكەن ؟

— ئەتە كەچقۇرۇن .

— «رەدنامە »گە سەن بارمىساڭ قانداق بولىدۇ ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ـ دە ، ئەتە كەچتە بارماقچى بولدۇم .

— يەنە كىم بارىدىكەن ؟

— ھېچكىم .

— ياردەملەشكىلىچۇ ؟

— ئادەم بارمىش .

— سېنى بىر كىم كۆردىمۇ ؟

— ياق .

— بوپتۇ ئەمىسە ، ئەتە كەچقۇرۇن بارغىن . بىر كىم كۆرمىسۇن . بىراۋ سوراپ قالسا ، بازارغا ماڭدىم ، دەپ قوي . قېنى كىيىملىرىڭدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋال . ھەر نېمە بولسا ، مۇشكۇلىمىز ئاسان بولۇپتۇ ، — دەپ تۇراتتى ، تالادىن زەيدۇن كىرىپ :

— نېمە گەپ ؟ — دەپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بىلمەكچى بولۇپ سورىدى .

— سىلە ئاڭلىمىساڭلىمۇ بولىدۇ . چىقىڭلا ، يۇگۇرۇڭلا ! — دەپ كەنجىخان بىر توۋلىۋىدى ، بىچارە قورققىنىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى . كۆڭلىدە ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ قانداقتۇر بىرەر مەخپىي ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ ، گەپ ـ سۆز قىلالماي ، قورسىقىدا : «خەپ دەللال ! خۇدايىم بىر كۈنى جازايىڭنى بېرەر » دەپ قاغىۋالدى .

نۇسرەت ئۈچۈن بولسا ، ئەتىكى كۈن تېخىمۇ خۇشال بولىدىغان كۈن ئىدى . ئاخشىمى خېلى ئۇزاققىچە تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى . ئەمما ئۇنىڭدا نېمىلەرنىڭ چىقىۋاتقانلىقى خىيالىدىمۇ يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى تاڭنى ئىتتىكرەك ئاتقۇزۇپ ، ئەتىسى بارات مولىلىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ سېھىر ـ كارامەتلىرى ئارقىلىق ئېرىدىن ئاجرىشىش ، ئاندىن ئۆزى بەگ ، ئۆزى خان بولۇپ ، كۆڭلى خالىغان تاماشىلارنى قىلىش ئىدى . ئۆزىنىڭ نەچچە ئونلىغان ئۇلپەتلىرىنى ، يۇرگەن يىگىتلىرىنى ، شۇ چاغدىكى خۇشاللىق مىنۇتلارنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ چىقتى . تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ ، ياتاق ئۆيگە چىققاندىن كېيىنمۇ تىنچلىنالمىدى . كېچىچە كۆز يۇماي ، تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۇخلاپ قالدى . ئەتىگىنى نۇسرەت ئويغانغاندا ، كۈن ئاش ۋاقتى بولغانىدى . كەنجىخان تەييارلاپ قويغان ئىككى يۈز ئەللىك يۈەننى بېرىپ ، يەنە بىر ئوغلاقنىڭ گۆشىنىمۇ داستىخانغا ئوراپ ، ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا

تېگىپ بەردى . شۇنداق قىلىپ ، چۈشكە يېقىن نۇسرەتنى يولغا سالدى . ھاۋا ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ سوغۇق ئىدى . ھاۋا تۇتۇلۇپ ، شىۋىرغان چىقىۋاتاتتى . نۇسرەت مېڭىش ئالدىدا تۇرغاندا بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ زەيدۇن باخشىنىڭ تېرىكىگە قونۇپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم قاقىلىدى . كەنجىخان شۇئان بۇرۇلۇپ قاغىغا قاراپ ، گويا بىر شۇمخەۋەر ئېلىپ كەلگەندەك تېنى جۇغىدە قىلىپ قالدى ـ دە ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ، نۇسرەتكە :

— قىزىم ، ئېھتىيات قىل ، بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن يەنە ، — دەپ ئاگاھلاندۇردى .

— نېمە چاتاق چىقاتتى ئاپا ، خاتىرجەم بول ! — دەپ ، ئورمانلىقتا قاراپ يولغا چىقتى . ئۇ ناھايىتى خۇشال ، كۆڭلى توق ، خاتىرجەم ئىدى . چۈنكى ، ئاتىسىنىڭ ئىمتىيازى بولغاچقا ، بىرەر ئىش يۈز بەرسىمۇ ، كىشىلەر چېقىلالمايدۇ ، دەپ ئىشىنەتتى . دېمىسىمۇ ، زەيدۇننىڭ بالىلىرىدىن خېلى ئېغىر ناشايان ئىشلار كۆرۈلسىمۇ ، كىشىلەر كۆرگەن ھالەتتىمۇ ئېغىزدىن چىقىرالمايتتى . شۇنداقتىمۇ ، نۇسرەت ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، بېشىغا قارا شارپىسىنى يۆگەپ ، ئاغزىغا ماسكا تارتىۋالدى . چوڭ يولدىن ماشىنا ـ تراكتورلار ئۆتۈپ تۇراتتى . يولۇچىلار كۆپ بولغاچقا ، ئۇنىڭغا سوغۇقتا ھېچكىم دىققەت قىلىپ كەتمىدى . ئۇ بارات موللىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا ، قۇياش يانغا ئۆتۈپ ، سۇس قار توزۇۋاتاتتى . بارات موللا ياش بىر يىگىتنى ئۇزىتىپ تالاغا چىقىپ تۇرۇشىغا نۇسرەت كىرىپ كەلدى . ئۇ ھېلىقى يىگىتنىڭ باشقىچە ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، «ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن ، نۇسرەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— تىنچ ـ ئامان كەلدىڭمۇ قىزىم ، سوغۇقتا توڭلاپ كېتىپسەن . قېنى ئۆيگە كىرىپ ئوت سىن ، — دەپ سەنلەپ ، ئۆيگە باشلىدى . ھېلىقى يىگىتمۇ كەلگەن نۇسرەتنى «موللىنىڭ نەۋرىسى بولسا كېرەك» دەپ بىلدى ۋە خوشلىشىپ ياندى . نۇسرەتمۇ

چاندۇرماي ئۆيگە كىرىپ، ئەكەلگەن گۆش ۋە پۇلنى:
— بۇنى ئاپام ئەۋەتتى، — دەپ موللىنىڭ ئالدىدا قويغاندا، ئۇ خۇشاللىقىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ كەتتى. راستتىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ خۇشاللىقى گۆش بىلەن پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاسانلا سۆزگە كىرىدىغان نازىنىننىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ، ئۇششۇكتە قالغان نىمجان پاقىدەك ئاران سەكرەۋاتقان زەئىپ يۈرەكلىرىگە ئىلھام بەخش ئېتىپ، ھەمراھ بولغىلى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، نۇسرەتكە باشقا ئاياللارغا قىلغاندەك تەدبىر ئىشلەتمىسىمۇ بولاتتى. تۇنجى قېتىمقى ئۇچرىشىشتىلا، ئىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى بېسىپ بولغانىدى. ئەمدى بولسا، كونا قەدىناسلاردەك قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دېيەلەيتتى. نۇسرەتمۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇيات، نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنى قېرى ماماكاپنىڭ خالىغانچە تاماشا قىلىۋېلىشىغا تاپشۇرغانىدى.
— سىز كەتكەندىن كېيىن، — دېدى بارات موللا، — مەنمۇ بىكار يۈرمىدىم. سىز ماڭا شۇنداق ياخشىلىق قىلغان يەردە، مەن ئۇنىڭ ئۆتىنىسىنى ياندۇرمىسام بولامدۇ. ئوقۇيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تاماملاپ بولدۇم. سىزنى ئېرىڭىزدىن ئايرىۋالمىسام، مەنمۇ چىدىمىغۇدەكمەن. ئاجراشقاندىن كېيىن مېنىمۇ يوقلاپ تۇرارسىز. بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالدىم. سىزدىن قىلغان ئەجرىم ئۈچۈن ھەرگىز پۇل ئالمايمەن. ئاپىڭىز ئەۋەتكەن بۇ پۇلنى ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىڭ. پۇل دېگەن مەندە كۆپ، ئەگەر خالىسىڭىز مېنىڭ پۇللىرىمنىڭ راھىتىنى سىزنى كۆرسىكەن دەپ قالدىم.
نۇسرەت بارات موللىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، گويا بىردىنلا خەزىنىگە ئۇچراپ قالغاندەك خۇشال بولۇپ، ئولتۇرغان جايىدىن ئۆزىنى بوۋاينىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى بىلەن پۇرلاپ تۇرۇپ نەچچىنى سۆيۈۋەتتى. بارات موللا خۇشاللىقىدا يانچۇقىدىن بىر پارچە چىگىكلىك تۇگۈچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە

ئورالغان يۈز كويلۈق پۇللاردىن ئۈچ ۋاراق ئايرىپ نۇسرەتكە تۇتقۇزۇپ قويدى . بىر ئۆمۈر كىشىلەردىن ئىلىپ ، بىرىپ باقمىغان بۇ موللىنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنى نۇسرەتكە پۇلدار ۋە مەرد كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى . نۇسرەتمۇ پۇل ئۈچۈن ئار - نومۇس دېگەننى ئۇنتۇغانىدى . ئۇ بارات موللىنى ئەخمەق كۆردى بولغاي ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى ئالداپ يۇرۇپ پۇلىنى ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى . ئېرى شېرىپنى بولسا ، ئويلاپمۇ قويمىدى . ئۇنى «هېچ ئىشنى ئۇقمىدى» دەپ بىلەتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى . ھەسەلخان نۇسرەت ياماناپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە شېرىپنىڭ قېشىغا چىقىپ :

— ئوغلۇم ، بۈگۈن قار ياغىدىغاندەك قىلىدۇ . ئوتۇن تۆگەپ قاپتىكەن . ئىككى تال كۆتەك بار ئىدى ، يېرىپ بېرەرمىكىن دېۋىدىم ، — دەپ ئۆيىگە چاقىرىپ چىقتى . ئەتىگەنلىك چاينى بېرىپ ، ئۇنىڭغا يارماقچى بولغان كۆتەكنى كۆرسىتىپ بەردى . ئۆزى غىزاغا قوپتى ، ھەسەلخاننىڭ بۇنداق قىلىشى شېرىپنىڭ بىر تەرەپكە كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ، يەنە بىر جەھەتتىن ، ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋاقتىنى تېزرەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىدى .

شۇنداق قىلىپ كۈننى كەچ قىلدى . بۇ چاغدا نۇسرەت بولسا ، بارات موللىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بولغانىدى . كۈن كەچ بولغاندىن كېيىن ھەسەلخان :

— بۇياققا كەل ئوغلۇم ، — دەپ شېرىپنى كاڭغا تەكلىپ قىلدى . ئاندىن كېيىن سۆز باشلاپ ، — بىلىمەن ، سەن ناھايىتى خاپا ، نۇسرەتنى ئەسلەۋاتىسەن . نۇسرەت بولسا ، سېنى ھەرگىز ئەسلىمەيدۇ ، تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . ئورماندىكى جادۇگەر بارات موللىنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقانىكەن . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ساڭا قەست قىلماقچىمىش ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە قەست قىلىپتۇ . بارات موللا بولسا ، ئالدامچى ، بۇزۇق ئادەم . بۇ ھەقتە نۇرغۇن گەپلەر بار . مەن ئانچە ئىشەنمىگەنىدىم . نۇسرەتنىڭ

ئېيتىشىچە ، ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرارمىش . بىر ئەر بىلەن بىر ئايال كېچە ـ كۈندۈز بىر ئۆيدە يالغۇز تۇرسا ، نېمە بولماقچى ؟ ئەمدى سۆزۈمنى ئاڭلا !

ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلىشى كېرەك . شۇنداق بولغاندىلا ، پەسكەش ئادەملەر ئۇچۇن ئۆز بەختىنى نابۇت قىلمايدۇ . خوتۇننى دەپ ۋەيران بولۇش دانالىق ئەمەس . خوتۇنۇڭ چىرايلىق ، كۆرۈنۈشكىلا شۇنداق . بىلىشىڭ كېرەككى ، گۈزەللىكنى سىرتقى كۆرۈنۈشتىن ئەمەس ، بەلكى ياخشى پەزىلەتتىن ئىزدە . پەزىلەتسىز گۈزەللىك بۇت بىلەن باراۋەردۇر . ئەخمەق كىشىلەر شەكىلگە مەپتۇن بولىدۇ . ئەمما ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ. چىرايلىقلا بولسا گۈزەل دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى قىزىللا بولسا ، قىزىل گۈل دېگىلى بولمىغاندەك . باھاردا ئاق تىكەنمۇ قىزىل چېچەكلەيدۇ ، ئەمما ئۇنى قىزىل گۈل دەپ قىسقىلى بولمايدۇ . سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولسا ، چىرايلىق تۇرغان بىلەن ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۈزەللىك يوق . ساڭا ھەرگىز مۇناسىپ كەلمەيدۇ . ئۇ بىر پۇراقسىز سېسىق چېچەك . گۈل دېگەن پۇرىمىسا ، ئەمەن بىلەن تەڭ . ئەمەننىڭ ھېچقاچان چىمەندە ئورنى بولمايدۇ . ئۇنى كۆرگەندە يۇلۇپ تاشلىمايدىغان بولساڭ بەدبۇي پۇراقلىرى قىزىل گۈل ھىدىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ . دېمەكچىمەنكى ، نۇسرەتكە ئېسىلىۋال- ساڭ ، يۈز ـ ئابرۇي ، ئىناۋىتىڭ تۆكۈلۈپ ، ئەل ئىچىدە بەدناملارغا قالىسەن . مېنىڭ بىلىشىمچە ، بۈگۈن ئاخشام خوتۇنۇڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن قېرى بىلەن بىللە بولىدۇ . سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ ، تۈن تەڭدىن كېيىن يولغا چىققىن . بارغان ـ كەلگىنىڭنى بىراۋ كۆرمىسۇن . شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى ، ئۇنىڭغا قول سالغۇچى بولما . پەقەت ئىسپاتلاش ئۇچۇن پاكىت ئېلىۋالساڭلا كۇپايە . ئاچچىقىڭغا ھاي بەر ، جاۋابكار بولۇپ قالما . ئەگەر بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويساڭ ئۆزۈڭگىمۇ قىلىسەن ، ماڭىمۇ قىلىسەن . جازانى بىز ئەمەس ، قانۇن بېرىشى كېرەك . قەغەز ، قەلەم ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما . تىلخەت ئېلىۋالساڭلا بولدى . ئەرزىمەس

ناپاك خوتۇن ئۇچۇن ئەزىز جاننى سېلىپ بېرىدىغان ئىشنى قىلىپ قويما . مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم مانا شۇ .

شېرىپ خوتۇنىنىڭ بارات موللا بىلەن بىرگە تۇرغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان بولسىمۇ ، ھەسەلخاننىڭ تەربىيىسى ئۇنى قايىل قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، ھەسەلخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، تۈن نىسپىدىن ئۆتۈپ ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا ، ئورمانغا قاراپ يولغا چىقتى . بۇ چاغدا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى . پىيادە مېڭىپ تاڭ ئېتىشقا يېقىن بارات موللىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى . بۇ چاغدا قار بىرئاز پەسەيگەن بولسىمۇ ، يەر يۈزى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى .

شېرىپ ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئىتتىرگەنىدى ، ئېچىلمىدى . چۈنكى ، ئىشىك لوكىدان بىلەن تاقاپ قويۇلغانىدى . شېرىپ سەپسېلىپ قارىدى ، ئىشىك كونىراپ ، ياپسالىرى ئاجراپ كەتكەن بولۇپ ، بارماق پاتقۇدەك يېرىق بولۇپ كەتكەچكە ، پاختا تىقىپ چىڭداپ قويغانىدى . ئۇ يېنىدىكى پىچىقى بىلەن پاختىنى ئېلىۋېتىپ لوكىداننى تېپىپ ، پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن تاقاقنى كەينىگە ياندۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى . كاڭ ئوچاقتا پىلىلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى . ئۇنىڭ يورۇقىدا ئوچاق بېشىدىكى چىراغپايىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىكى كىرسىن چىراغنى يورۇتتى . ئۇنىڭ خوتۇنى شۇنچە يىراقتىن كېلىپ ، كۆرۈنۈشى شۇنداق سەسكىنەرلىك ، چىشى يوق ئېغىزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى بىلەن بۇلغىنىپ ، پىشىلىپ كەتكەن غۇژمەك ساقاللىرى ئېڭەكلىرىگە چاپلىشىپ ، كۆزى يېرىم ئوچۇق ، ھېلىلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇنچلۇق خىرقىراپ ياتقان يىرگىنىشلىك ئالۋاستىنى مەھكەم قۇچاقلاپ يېتىپتۇ .

شېرىپ بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ، ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قالدى . ئۆزىنى بارات موللىغا سېلىشتۇرۇپ باقتى . ھەقىقەتەنمۇ ، شېرىپتەك قاملاشقان بىر يىگىتتىن قېچىپ ، ئۆلۈم گىردابىدىكى بىر قېرى ئەبلەخنىڭ قوينىدا يېتىشى كىشىنى ھەيران

قالدۇراتتى . ئەمەلىيەتتە بولسا ، نۇسرەتنىڭ قۇچاقلىغىنى قېرى بوۋاي ئەمەس ، بەلكى بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك پۇل ئىدى . بۇنى نۇسرەتتىن باشقىسى چۈشەنمەيتتى .

شېرىپ خوتۇنىنىڭ بۇ ھالىدىن قاتتىق سەسكەندى ، ئۇنى قىلچىمۇ مەنسىتمىدى . ھەسەلخانىنىڭ ھەربىر سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى ، نۇسرەت بولسا ، پۇراقسىز چېچەك ، قىزىل ئېچىلغان تىكەن ، چىمەندىكى سېسىق ئەمەنىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى بىلىپ ، دەسلەپىدىكى غەزىپى يېنىپ ، ئۇنىڭغا مازاق نەزىرى بىلەن قارىدى . لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، رەسۋايىنى چىقىرىش قارارىغا كەلدى - دە ، ھەر ئىككىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ تار كوچىغا تاشلىدى . ئاندىن كېيىن :

— تۇر ئورنۇڭدىن ! — دەپ توۋلىدى . نۇسرەت شۇنداق كۆزىنى ئېچىپ ، ئېرى شېرىپنى كۆردى . ئۇنىڭ قولىدا پىچاق تۇراتتى . نۇسرەتنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ شېرىپ بىلەن ئېلىشقۇسى كەلدى ، ئەمما بارات موللا ياردەملىشەلمەيتتى ، شۇڭا جۈرئەت قىلالمىدى . بارات موللا بىر ئۆمۈر بۇزۇقچىلىق بىلەن يۈرۈپ ئۆز ھۈنىرىگە ناھايىتى ماھىر بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆز قىلمىشىنى مەڭگۈ يوشۇرۇپ قالالمىدى . «كوزا كۈندە سۇنمايدۇ ، كۈندە سۇنىدۇ» دېگەندەك ، ئۇنىڭ رەسۋايى چىقىدىغان كۈن بۈگۈن يېتىپ كەلگەندى .



# ئوتتۇزىنچى باب

# سېھىرنىڭ سىرى

بارات موللا شېرىپنى «بۇلاڭچى» دەپ گۇمان قىلدى بولغاي ، ئۇنىڭ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى كۆرۈپ ، جېنىدىن ئۈمىد ئۈزدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ :

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىڭ ، پۇل دېسىڭىز ئۆيدە بار ، پۇلنىڭ ھەممىسىنى بېرەي . مەن موللا ئادەم . بۇ بىچارە بىلەن ، — دەپ قىزنى كۆرسەتتى ، — ئىككىمىزنىلا ئامان قويسىڭىز بولدى . سەت تۇرىدىكەن ، كىيىملىرىمىزنى بەرسىڭىز .

شېرىپ ئىككىسىنىڭ كۆڭلەكلىرىنى تاشلاپ بەردى ، ئاندىن :

— مەن پۇل ئالمايمەن ، جان ئالىمەن ، — دېدى - دە ، نۇسرەتتىن :

— نېمىشقا كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— موللامنى ئىزدەپ ، — دەپ جاۋاب بەردى نۇسرەت يەرگە قاراپ تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن .

شېرىپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى :

— نېمە ئۈچۈن ؟

— دۇئا ئوقۇتقىلى .

— كىمگە ؟



— ...
— گەپ قىل !
— سىزگە .
— نېمە دۇئا ؟
— سىزنى ماڭا كۆڭۈلسىز قىلغىلى .
— ئوقۇدىمۇ ؟
— ...
— دۇئانى مۇشۇنداق ئوقامدۇ ؟
— ئۇ مېنى ئالدىدى ، پۇل بېرەي دەپ تورۇۋالدى .
— ئەمدى نېمە دەيسەن ! ؟
نۇسرەت يەرگە قاراپ يىغلاپ ئولتۇردى . شېرىپ ئالغاچ كەلگەن قەغەز - قەلەمنى نۇسرەتكە بېرىپ :
— بۇنىڭغا بۇگۇن ئاخشام ئۆيدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ، مانا بۇ ئەبلەخ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راستى بىلەن يېزىپ چىق ، ئەگەر يالغاننى قوشۇپ قويساڭ جېنىڭنى ئالىمەن ! — دەپ بۇيرۇدى .
نۇسرەت ئىقرارىنى يېزىشقا باشلىدى .
ئەمدى نۆۋەت بارات موللىغا كەلدى . شېرىپ سوراشقا باشلىدى :
— يوتقىنىڭدا ياتقان بۇ خوتۇن سېنىڭ نېمەڭ ؟
— بۇ ، بۇ ، بۇ هاجەتمەن .
— نېمىگە هاجىتى بار ئىكەن ؟
— ئېرىگە ئۆزىنى سەت كۆرسەتكۈزۈپ ، ئاجراشماقچى ئىكەن .
— سەت كۆرسەتتىڭمۇ ؟
— ئەمدى...
— قانداق سەت كۆرسەتمەكچى ؟
— ئايەت بىلەن .
— ئايەتنى مۇشۇنداق ئوقۇمسەن ؟

— تەييارلاپ قويغانىدىم .
— قېنى ، ئالە .
— ...
— ئالامسەن ـ يوق !
— ...

شېرىپ بېرىپ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بىر پەشۋا ئۇرغانىدى ، بارات موللا ئولتۇرغان جايىدىن بىر يۇمىلاپ چىقىپ :

— ۋاي ئالاي ! ھازىرلا ئالاي ، — دەپ ئۆمىلەپ بېرىپ لىمتاقىنىڭ ئويۇقىدىن بىر قەغەز ساندۇقچىنى ئالدى . ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى قورقۇنچتىن بەزگەكتەك تىترەيتتى . شېرىپ :

— ئاچ ! — دەپ بۇيرۇدى .

بارات موللا ساندۇقچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۆككەنىدى ، ئۇنىڭ ئىچىدىن چۈشەنگىلى بولمايدىغان رەڭگارەڭ نەرسىلەر چىقتى . يەنە ھەر خىل پارچە لاتىلارغا ئوراپ قويغان تۈگۈچلەر ، قۇتىلار ۋە باشقا نەرسىلەر تۇراتتى . شېرىپ بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى سۇ قاچىلانغان قۇتىدىن بىرنى ئېلىپ :

— بۇ نېمە ؟ — دەپ سورىغانىدى ، بارات موللا :

— سۇيدۇك ، — دېدى . شېرىپ ئۇنىڭ «سۇيدۇك» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، دەرھال تاشلىۋەتتى ۋە :

— نېمە دېدىڭ ؟ ! — دەپ قايتا سورىدى .

— زىنا سۇيدۇكى ، سېھىرلىك سۇيدۇك ، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ .

بۇنداق گەپنى شېرىپ تېخى ئاڭلاپ باقمىغانىدى . بارات موللىنىڭ «زىنا سۇيدۇكى» ، «سېھىرلىك سۇيدۇك» دېگەن گەپلىرىنى چۈشەنمىدى .

— ئۇنى نېمە قىلىسەن ؟ نەدىن تاپتىڭ ؟ — دەپ سورىدى . بارات موللا جاۋاب بېرىپ :

— ئەسلىدە سېھىر ئۈچۈن زىنا سۇيدۇكى كېتەتتى . زىنا سۇيدۇكى دېگەن بىر جۈپ ئەر ـ ئاياللىنىڭ زىنانى تۈگىتىپلا ، شۇئان

سىگەن سۈيدۈكى دېگەن بولىدۇ . بۇنىڭدەك سۈيدۈكنى سىرتتىن تەييارلىماق قىيىن . شۇڭا ، ھاجەتمەنلەر بىلەن ئۆزۈم تەييارلاپ قويغانىدىم . ئۇنى ھاجەتمەنلەرگە سېتىپ بېرىمەن ياكى بېرىۋېتىمەن ، — دېدى . شېرىپ يەنە سورىدى :

— سەن ئۆزۈڭنى موللا دەپ يۈرۈپ ، مۇشۇنداق زىناخورلۇق قىلساڭ بولامدۇ ؟

— بۇنى زۆرۈرىيەت ئۈچۈن قىلسا ، ئانچە يامىنى يوق .

— ئۇنداق بولسا ، بۇنىڭمۇ يامىنى يوقكەن ، —دەپ بىرنى تەپتى شېرىپ ، — سۆزلە !

— مەن تەنھا ئادەم ، — دېدى بارات موللا ، — خوتۇن ئالىدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتكەن . ھاجەتمەنلەر ئىچىدىن ياقتۇرۇپ قالغانلىرىمغا زىنا سۈيدۈكى بولمىسا ، ئايەت كەسمەيدۇ ، دەپ تۇرۇۋالىمەن . بۇ يەرگە كەلگەنلەر بەدەل تۆلەشتىن قورقمايدۇ . ئىلاجسىز بىر كېچە ھەمراھ بولىدۇ . بۇ چوكانغا ئوخشاش ، — دەپ نۇسرەتنى كۆرسەتتى ، ئاندىن كېيىن ، — بىر كېچە خوتۇن قىلىۋېلىپ ، ئەتىسى بۇ قۇتىدىكى سۈيدۈكتىن ئىككىنى تۇتقۇزۇپ ، رەقىبىنىڭ ئۆيىگە چېچىڭ دەيمەن . بىرمۇنچە پۇلنى بېرىپ رەھمەت دەپ كېتىدۇ . كېيىن ئايەت كەسمىدى دەپ كەلسە ، قىلغان ئىشىنىڭ بىرەرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ئۆزىگە ئارتىپ قويىمەن . شۇنىڭ بىلەن ، گۇناھنى ئۆزىگە ئارتىپ ، پۇشايمان قىلىشىپ يۈرۈشىدۇ . مەن بولسام ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىمەن .

نۇسرەت بىر تەرەپتىن ، موللىنىڭ ئىقرارىنى يېزىپ ، بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ ئىقرارىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلدى . لېكىن پۇشايمان قىلىشمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى .

— يەنە تەييارلاپ قويغان نېمىلىرىڭ بار ؟ — دەپ سورىدى شېرىپ .

بارات موللا ئېشەك تۈكى ، ئىت ، مۈشۈك تۈكى ، ئىت پوقى ، مۈشۈك پوقى دېگەندەك نەرسىلەر ، تۆمۈر ـ تەسەك ، لاتىغا ئوراپ

چىگىلگەن تۈگۈچلەر بولۇپ رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا ئالدى. بۇنىڭ ھەممىسى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بولۇپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ «سېھىرلىك گۈچى، ئەپسۇنلانغان مۆجىزىلەر» دەپ بېرەتتى. ھەر خىل شەكىلدىكى تۇمار، «بەختنامە» دېگەنلەرمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىرى يەتتە ـ سەككىز يۈز يۈەنگە يارايتتى. شۇنداقتىمۇ ھاجەتمەنلەرگە ئاسانلىقچە بەرمەيتتى. بارات موللا بۇنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئىقرار قىلدى. ئاندىن شېرىپ ئۇنىڭغىمۇ ئىقرارنى يازغۇزدى.

— ئىقرارىڭ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى شېرىپ.

— ھەممىسى راست. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، نېمە دېسىڭىز شۇنى بەرسەم، مېنى رەسۋا قىلمىسىڭىز. مەخپىي ئىش مەخپىي پېتى قېپقالسا ئىكەن، — دەپ بارات موللا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— بولىدۇ، — دېدى شېرىپ، — دېگەنلىرىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىسپات بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭغا نېمە بېرىسەن؟

— پۇل، پۇل بېرەي، پۇل.

— ياق بولمايدۇ، سۆزلىگەن ئاغزىڭنىڭ ئەڭ يېقىن گۇۋاھچىسى، يەنى ساقىلىڭنى بېرىشىڭ كېرەك!

— ياق، بولمايدۇ، زىنھار بولمايدۇ. بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ.

شېرىپ غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي:

— مانا بولمايدۇ، بولىدىغاننى تېپىڭ! — دەپ دەسسەپ ئۇرۇۋەردى. ئۇ بىردەم ۋايجان! دەپ تولۋلاپ بېقىپ بېسىقىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆلۈپ بەرمىسۇن دەپ ئۇرۇشتىن توختاپ، ساقىلىنى بارات موللا ئۆزى ئويۇقتا ئېلىپ قويغان سۇنئەت ئۇستۇرىسى بىلەن پاكىز چۈشۈرۈپ، ئەپسۇن تۈكلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. ئەمما، بارات موللىنىڭ ئاپئاق ساقاللىرى، ئىتنىڭ تۈكىگە ياكى مۈشۈكنىڭ تۈكىگە ۋە ياكى ئېشەكنىڭ تۈكىگە ئوخشىماي، ئايرىم تۇراتتى. بارات موللا بولسا، ساقاللىرىدىن

ئايرىلىپ بىھوش ياتاتتى . بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ ، شەرق تەرەپ يورۇشقا باشلىغانىدى . شىرىپ بارات موللىنىڭ ئىقرارى بىلەن خوتۇنى نۇسرەتنىڭ يازغان ئىقرارنامىلىرىنى بارات موللىنىڭ قىرقىلغان ساقىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، نۇسرەتنىڭ ئىشتىنىدا بارات موللىنىڭ يۈزىنى يېپىپ قويدى . ئاندىن نۇسرەتنى ئالدىغا سېلىپ ، زەيدۇن باخشى بىلەن كەنجىخانغا تاپشۇرۇپ بەرگىلى كەتتى .

ئەتىگەندىلا ساقچى ماشىنىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئوۋغا چىققان دېھقانلار بىر - بىرلىرىدىن بارات موللىنىڭ ئۆيىدە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بىردىن ، ئىككىدىن كېلىپ بىردەمدىلا ئون - ئون بەش ئادەم يىغىلىپ قالدى . بۇنىڭ ئارىسىدا چولپان بىلەن ئابدۇللامۇ بار ئىدى . ساقچىلار نەق مەيداندىكى نەرسىلەرنى تەكشۈردى . شۇ ئەسنادا ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى موللىنىڭ چۈشۈرۈلگەن ساقىلى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان خەتنى كۆردى . خەت ئىككى پارچە بولۇپ ، بىرىنچىسى مۇنداق يېزىلغانىدى :

«مەن بولسام غولتوغراق يۇقىرىقى كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق زەيدۇن باخشىنىڭ قىزى نۇسرەت بولىمەن . ئاپام كەنجىخاننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئېرىم شىرىپتىن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولدۇم . قويۇپ بەرمىگەندىن كېيىن ، ئورمانلىقتىكى بارات موللامغا ئەپسۇن ئوقۇتۇپ ، ئۆزۈمنى شىرىپقا سەت كۆرسەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلسەم ، ‹زىنا سۈيدۈكى بولمىسا ، ئەپسۇن كەسمەيدۇ› دەپ مېنى قوندۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ، زىنا قىلغىنىم راست . هازىر مانا بارات موللىنىڭ شىرىپقا ئۆز ئاغزى بىلەن قىلغان ئىقرارىدىن ئاڭلاۋاتىمەنكى ، مەن ئۇنىڭغا ئالدىنىپتىمەن . مەن ئەمەس ، مەندىن باشقا نۇرغۇن ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ كەپتۇ .

يۇقىرىقى يازغانلىرىمنىڭ هەممىسى راست» .

نەق مەيداننى تەكشۈرۈۋاتقان ساقچى خەتنى ئېلىپ ئىچىدە

ئوقۇپ بولۇپ ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان گەۋدىلىك ، ئېگىز بىرەيلەنگە سۇندى . ئۇ رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى ، خەتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن يېنىدىكى بىرىگە سۇنۇپ :

— بۇ خەتنى بۇ دېھقانلارغا ئۇنلۇك ئوقۇپ بېرىڭ ، — دېدى . بۇ چاغدا ئادەملەر خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى . چولپان ئاڭلاپ ، ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمىدى . ئۇ بارات موللىغا يەنىلا چوقۇناتتى .

ئىككىنچى پارچە خەت بارات موللىنىڭ ئۆزىنىڭ خېتى بولۇپ ، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى :

«مەنكى ، بارات موللا بولىمەن . بۈگۈن ئاخشام هاجەتمەنلەردىن نۇسرەت دېگەن بىرى بىلەن زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالدىم . مەن تەنها بولغانلىقىم ئۈچۈن «زىنا سۆيدۈكى» هىيلىسى بىلەن كەلگەن هاجەتمەنلەرنى ئالداپ ، شەھۋانىي ھەۋىسىمنى قاندۇرۇپ كەلدىم . ئۆزۈمنى «مەكىلاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغۇچى» قىلىپ كۆرسىتىپ ، پال سالىمەن ، پىرە ئوينىتىمەن ، ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلىمەن دەپ ، ئىت ، ئېشەك ، مۈشۈكنىڭ تۈكلىرىنى ، مىخ ، ئات تاقىسى··· قاتارلىق تۆمۈر - تەسەكلەرنى يىغىپ قويۇپ ، سېھىرلىگۈچى مۆجىزىلەر ، دەپ كەلگەنلەرگە بېرىپ پۇل تېپىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم . ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا تۆكۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئۈچۈن يىغىپ قويۇلغانىدى . يەنە «تۇمار» ، «بەختنامە» دېگەنلەرنى ساتتىم . هاجەتمەنلەر ئويلاپمۇ قويمىدىكى ، سېھىرلىرىم راست بولغان بولسا ، ئاقساق - چولاق بولسىمۇ قانۇنلۇق بىر خوتۇن ئېلىپ ، ئاش - غىزايىمنى ئەتكۈزۈپ ، بۇنىڭدەك رەسۋا كۈنگە قالمىغان بولاتتىم ··· كەلگەنلەر ئىچىدە شۇنداقمۇ كىشىلەرنى ئۇچراتتىمكى ، چولپان ئىسىملىك دۆلەتمەن بىر چوكان مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئۈچۈن ئىككى دانە ئالتۇن ئۈزۈك ، ئىككى مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل بىلەن بىر قىزنى ئەكېلىپ بېرىپ كەتتى ···»

خەت تېخى تۈگىمىگەنىدى ، چولپان بارات موللىنىڭ خېتىدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ۋە موللىنىڭ مازاقلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆرە تۇرۇپ

ئاڭلاۋاتقان ئابدۇللانىڭ پېشىنى ئاستا تارتتى . خەتنىڭ ئاخىرى تۈگەپ بولغۇچە هارۋىسىغا چىقىپ ، شەپە چىقارماي ، مۈشۈك تۈكى تېپىپ كەلگەن ئارقا يول بىلەن تىكىۋەتتى .

چولپاننىڭ يۈرەكلىرى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىماقتا ئىدى . «كىشىنى قەستلىگەن ئۆزىگە قىلادۇر ، ئۆزىنىڭ تېنىگە ئوتنى ياقادۇر» دەپ ، زىيانىنىڭ ئاچچىقلىرى پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقاپ ، كۆيۈشمەكتە ئىدى . ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ، ئۇنى ئاز دەپ ، بۈگۈن تېخى ئۆزىنى بىر كېچە تەقدىم قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئەسلەپ ، نومۇستىن ئابدۇللانىڭ چىرايىغىمۇ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخ ، ئۇچار جانىۋار ، قاغا ـ قۇزغۇنلارغىچە مازاق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى .

هارۋا ئورمانلىقتىن چىقىپ سازلىق بىلەن شەهەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئەنۋەر ئەۋەتكەن ئابدۇراخمان بولسا ، ئادەم توپى ئارىسىدا بارات موللىنىڭ ئىقرارىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تىڭشاپ تۇراتتى .

ساقچى خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇماقتا ئىدى :

«... مەن ئۇ قىزنى قوندۇرۇپ قالدىم . ئۇ ئايالنىڭ مەقسىتى مۇختار قاسساپنى خوتۇنىدىن ئاجراشتۇرۇپ تەنها قالدۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇشتا ئۆزىگە موهتاج قىلىپ ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بايلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەن...»

ساقچى خەتنى ئوقۇپ بولغاندا ، دوختۇرنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن بارات موللا هوشىغا كېلىپ ، يەرگە قاراپ تۇراتتى .

ئوۋچىلارنىڭ ئارىسىدا بېشىغا مۇغەمبەر تۇماق ، ئۇچىسىغا جۇۋا كىيىۋالغان يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك ، چىرايلىققىنا بۇرۇت قويۇۋالغان بىر يىگىت كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ :

— مېنىڭ پىكرىم بار ! — دەپ ساقچىغا قارىدى .

— قىينى سۆزلەڭ، — دېدى ساقچى.

— بۇ قىيرى ئالۋاستى، — دېدى بارات موللىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئالداپ پۇل - ماللىرىنى قولغا كىرگۈزۇشنىڭ سىرتىدا، ئاياللارنىڭ ئىپپىتىگە تېگىپ رەسۋا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. لېكىن بىز نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ياشاپ كېلىشىگە يول قويدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىدىن گەپ ئاچقۇچىلار كىشىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلگەنىدى. مانا بۇگۇن ئەيت - بەشىرىسى ئېچىلىپ، چاۋىسى چىتقا يېيىلدى. دېمەكچىمەنكى، ئۆز ئاغزى بىلەن پۇتۇن قىلمىشىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئىقرار قىلسۇن!

— شۇنداق قىلسۇن! — دەپ كۆپچىلىك بىردەك ۋارقىراشتى.

ساقچى باشلىقى مۇنداق دېدى:

— كەنت باشلىقى سەيدىنىنىڭ دېگەنلىرى توغرا. ئەلۋەتتە، بۇ كۆپچىلىككە قىلمىشلىرىنى تاپشۇرۇشى كېرەك. لېكىن هازىرچە ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش زۆرۇر. ئۇ چاغدا هېسابىنى تېخىمۇ تولۇق بېرەلەيدۇ. بىز ئۇنىڭدىن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە ئىقرارنى تولۇق ئېلىپ، قانۇنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىمىز. هازىرچە ئۇنىڭدىن بىر ئېغىزلا سوئال سوراپ باقايلى. شۇنىڭ جاۋابىلا كۇپايە، — دېدى - دە، بارات موللىدىن:

— بۇ ئىقرارنامىنى كىم يازدى؟ — دەپ سورىدى. بارات موللا پەس ئاۋاز بىلەن:

— مەن، — دېدى. ساقچى يەنە سورىدى:

— ئىقرارىڭ راستمۇ؟!

— ھەممىسى راست.

— مۇنداق قىلايلى! — دېدى ساقچى كۆپچىلىككە، — سىلەر قايتىپ تۇرساڭلار بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق

تەكشۈرۈپ، ئاممىنى جەزمەن رازى قىلىمىز!

شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىك بىر ـ بىرلەپ تارقاپ، ئۇۋ ئىزدەپ ئورمان ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئابدۇراخمان بولسا، موتسىكلىت بىلەن ئەنۋەرگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز يولىغا كېتىۋاتاتتى. ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنالىنى ئاڭلاندى، ئابدۇراخمان يول بوشىتىپ چەتكە چىقىپ تۇرۇپ، بارات موللىنىڭ ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغىنىنى غىل ـ پال كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىرئاز ئاچچىقىنى ئېلىۋالغاندەك بولدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئابدۇراخمان كەلگەندە، ئەنۋەر ھويلىسىدا يۈرەتتى. ئۇ ئەتىگەندە قويدىن ئىككىنى سويۇپ دۇكانغا ئاپىرىپ تۇرۇشىغا، «ئارزۇ رېستورانى»نىڭ خوجايىنى كېلىپ بىراقلا سېتىۋالدى. ئەنۋەر قوي سويغىلى ئۆيىگە بارغانىدى. ھېلىلا ئۆيدە قالغان چولپان، شۇنداق ئەتىگەندە ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئىزلىرىغا قارىغانىدى، كوچىغا چىقىپ، چوڭ كۆۋرۈك تەرەپكە كەتتى. ئەنۋەر بۇنى كۆرۈپ غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي، ھويلىسىدا تىت ـ تىت بولۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە، ئابدۇراخمان يېتىپ كەلدى. ئەنۋەر تەقەززالىق بىلەن:

— خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، قېنى ئۆيگە كىرەيلى، — دەپ ئابدۇراخمان موتسىكلىتنى توختىتىپ، ئەنۋەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەنۋەر ئۆيگە كىرىپ، ئابدۇراخمان مەشنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن:

— قېنى سۆزلە؟ — دېدى.

ئابدۇراخمان چولپاننىڭ ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ ئورماندىكى بارات موللىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى، ئۇ يەردە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى.

ئەنۋەر ئابدۇراخماننىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئىسىت ! — دېدى ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ ، — چولپان باش - كۆزلىرىنى يېپىپ قارا پەرەنجىگە پۈركىنىپ ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن دەپ قاپاق تارائقشتىپ يۈرسە ، «خوتۇنۇم تەرىقـەتكـە كىــرىـپ بـۇۋى بـولدى» دەپ يۈرۈپتىمەن . قەدىمكىلەرنىــڭ «بۇزۇق خوتۇن قېرىسا بۇۋى بولىدۇ ، ئوغرى قېرىسا سوپى» دېگىنى بەرھەق ، راستكەن . ئۇنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىــكلىــرى قالماپتۇ . ھەتتا دادامنىــڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلماقچى بوپتۇ . ئۇنىڭ سۆيگۈنى مەن ئەمەس ، بەلكى بىزنىڭ پۇللىرىمىز ئىكەن . بۇنى ساقلاشنىڭ ئۆزى يىلاننى قوينىدا ساقلىغانلىق ، — دەپ يانچۇقىدىن ئون يەنلىكتىن ئىككىنى ئېلىپ ئابدۇراخمانغا سۇنۇپ :

— بۇنىڭغا قۇلۇپتىن تۆتنى ئەكەل ، — دېدى ، ئابدۇراخمان يۈرۈپ كەتتى . ئەنۋەر دەرۋازا ، كارىدورنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ تۇراتتى ، ئابدۇراخمانمۇ قۇلۇپنى ئېلىپ كەلدى . ئەنۋەر ئىشىك - دەرۋازىلارنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تاقاپ ، چوڭ كوچىغا چىقىپ تۇرۇشىغا ، قارشى تەرەپتىن ئابدۇللانىڭ ھارۋىسىدا چولپان چىقىپ كەلدى . ئەنۋەرنى كۆرگەن چولپان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرەر باھانە بىلەن ئالدىماقچى بولغانىدى ، ئەنۋەر قارىماي ئۆتۈپ كەتتى . چولپان :

— ئەنۋەر ! ئەنۋەر ! — دەپ توۋلىغانىدى ، ئەنۋەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ :

— ئەمدى مېنى تىلغا ئالغۇچى بولما ! شۇنچە راھەتنــى كۆتۈرمەي ، ئۆزۈڭدىن ئېشىپ ئاپاڭغا توشۇغانلىقىڭمۇ رازى بولماي ، دادامنى ۋەيران قىلىپ ، پۇل - ماللىرىمىزنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا قاتراپ يۈرۈپ ، خەلقــئالەم ئالدىدا رەسۋا بولدۇڭ . ھازىردىن باشلاپ تالاق قىلدىم . ئەمدى سەن مانا بۇ مەدىكارنىڭ ھــارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ، — دېدى ئابـدۇلـلانى كۆرسىتىــپ تۇرۇپ ، — شەرمەندىلەر كوچىسىنى خالىغانچە تاماشا قىلغىن ،

«تېگى پەس ، تۇزەلمىگۈدەك نەرسىدەك ، دېگەن راستكەن ، — دەپ ئابدۇراخماننى باشلاپ يولىغا راۋان بولدى .

چولپاننىڭ بولسا قېيناتىسىنى ۋەيران قىلىپ ، بايلىقىنى قولىغا كىرگۈزمەكچى بولغان شېرىن چۈشلىرى بىردىنلا بەربات بولدى . ئۈمىد چىراغلىرى ئۆچۈپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . ئەنۋەرگە تېگىشتىن بۇرۇن ھەر ئەتىگىنى ئاپىسى بىلەن ئىككىسى مەدىكار بازىرىغا بېرىپ ئىش ئىزدەپ كۈن - كۈنلەپ ئاچ قالغان چاغلار ، پىژغىرىم ئاپتاپتا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئوت ئوتاۋاتقان ، قۇرۇلۇشلاردا خىش - كېسەك توشۇپ يۈرگەن ، ئىش ئىگىلىرىدىن ئىزا - ئاھانەت ئاڭلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ ، خىياللىرى مۇجمەللەشتى . پۇلنى دەپ ئىناق ئائىلىدىن ، بەختىيار تۇرمۇشتىن ئايرىلدى . ئەمدى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەتىگەنكى قەلەندەر بوۋاي «نەسىھەتنى ئاڭلىمىدىڭ ، كەل چولپان ! تېز كەل ! راھەتنى كۆتۈرەلمىگەنلەر بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلسا ، يېنىكلەپ قالىدۇ . شۇنداق بايلىققا تويماي ، ھەممىدىن ئايرىلدىڭ . ئەمدى پۇشايمان قىلغىنىڭ بىكار . سەن تۈگەشتىڭ . ئۆزۈڭنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتىڭ ، ئەمدى تۇرمۇش قاتتىقچىلىقىنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا جاۋاب بېرەلمەي ، ئازاب چېكىۋاتقان دىۋانىگە ئايلاندىڭ . ئاق كۆڭۈل ئەمگەكچى خەلقلەردىن پەرقلىنىش ئۈچۈن ئورالغان پەرەنجىلىرىڭ ئەمدىلىكتە ‹جەندە›گە ئايلاندى . ئاخىرقى ئۆمرۈڭ تىلەمچىلىك بىلەن ئاخىرلاشقۇسى» دېگەندەك قىلىۋاتاتتى . چولپان قورقۇنچتىن چۆچۈپ ، شۇنداق ئەتراپقا قارىغانىدى ، نە ئابدۇللا ، نە باشقىلار ، ھېچكىم كۆرۈنمىدى . بىردىنلا جاھان زىلزىلىگە كېلىپ ، بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى . كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ، ھوشىنى يوقاتتى . ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، كۆزەينىكىنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى ، ئارقىدىن ماسكىنى تاشلىۋەتتى . ئىككى قەدەم

بىسىپ ، بىر قېتىم ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۆيگە قايتتى . بىردەمدىن كېيىن تاقاقلىق دەرۋازىدىن ياندى . ئۇچىسىدىكى مارى پەلتوسىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى ، بويىندىكى زەنجىرنى ئۈزدى ، هالقا ، بىلەزۈك ، ئۈزۈكلىرىنى ئېلىپ قاياققىدۇر ئېتىۋەتتى . ئاندىن بىردەم ئۇن سېلىپ قاتتىق يىغلاپ ، تورۇپلا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە چوڭ كوچا بىلەن يۈرۈپ كەتتى . ئۇ چوڭ كۆۋرۈككە بارغاندا ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ، شۇنداق سوغۇقتا يۈزلىرىدىن پۇرقىراپ تەر ئېقىۋاتقان هالەتتە ئىدى . تورۇپلا يىغلاپ ، تورۇپلا كۈلۈپ ، ئۇقۇمسىز بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتاتتى . بىرقانچە ئوششاق باللار ئۇنىڭغا قاراپ تەلمۈرۈشۈپ تۇراتتى ، ئۇنى كۆرگەنلەرمۇ ئانچە هەيران بولمىدى ، چۈنكى ، كىشىلەر نەزىرىدە ئۇ بىر ساراڭ ئىدى ، خالاس . ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆي ـ ماكان ، مال ـ دۇنيا ، هېچ نەرسە كېرەك ئەمەس ، ئۇ ئەمدى تىرىك مۇردىغا ئايلانغانىدى .



# سىپھىرنىڭ سىرى (رومان)


**ئاپتورى :** مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** بارىجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى :** رەناگۈل ئابلىمىت
**تەكلىپلىك كوررېكتور :** ياسىن زايىموف
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ
**مۇقاۋا رەسىمى ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى :** پەرھات ئىبراھىم
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 10.25
**نەشرى :** 2008 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—4000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11342—2
**باھاسى :** 30.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-228-11342-2

定价：30.00元